ئاھمەد ناسىر

# قان تەپچىرىگەن ئافغانىستان

تراگېدىيىلىك تارىخىي رومان

( بىر ئافغان ئايال ـ سىماخېنىمنىڭ دەرد- شىكايىتى:
يولدۇشۇمنىڭ ۋە بەش پەرزەنتىمنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى )

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇرەھىمجان ئابدۇرېشىد

شەرقىي تۈركىستان ئازاتلىق نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ................................................................5

## بىرىنچى بۆلۈم
## بۇ بەختسىزلىكنىڭ باشلىنىشى ئىدى


بىرىنچى باپ ئەزىم ئەپەندىنىڭ قولغا ئېلىنىشى......9

ئىككىنچى باپ ئۇمىتسىز قايتىش .................18

ئۈچىنچى باپ كۆرۈشۈشمۇ ياكى ۋىدالىشىشمۇ؟ ......22

تۆتىنچى باپ نومۇس هاياتتىن قىممەت ......28

بەشىنچى باپ شۇم خەۋەر .............................38

ئالتىنچى باپ ئۇمىت ئۈزۈلگەندە تەقدىرگە تەن بېرىش، قۇتۇلۇش دېمەكتۇر ...............45

يەتتىنچى باپ ئەزىم ئەپەندىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ......53

سەككىزىنچى باپ «ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق» .....60

توققۇزىنچى باپ تۇپان بالاسى .............................74

ئونىنچى باپ رەهىمنىڭ كەچۈرمىشلىرى ......90

ئون بىرىنچى باپ ۋاقىت-پۇرسەتتۇر ...............109

# ئىككىنچى بۆلۈم
## قىيامەتكە سەپەر


ئون ئىككىنچى باپ ئەل ۋىدا ئانا يۇرت ................121

ئون ئۈچۈنچى باپ قايتا يانغان ھايات شامى ................138

ئون تۆتىنچى باپ ۋادەرىخا! ئەمدى قانداق قىلاي! ....154

ئون بەشىنچى باپ چۆلدە قالغان قەدىردانلار ................167

ئون ئالتىنچى باپ قىيامەت مەيدانىدا ................185

ئون يەتتىنچى باپ جۇپ قەبرە ............................205

ئون سەككىزىنچى باپ ئاخىرقى مەنزىل ............................219

ئاخىرقى سۆز ..............................................................231

مۇئەللىپ توغرىسىدا ....................................................232

باش مۇھەررىر: پەرھات يورۇڭقاش
تەھرىر: تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن
مەسئۇل كوررېكتور ۋە مۇقاۋا
لاھىيىلىگۈچى: ئۈمەرجان شاھيارى

« شەرقىي تۈركىستان ئازاتلىق نەشرىياتى » نەشر قىلدى

1-نەشرى ميۇنخېن ـ گېرمانىيە
1-بېسىلىشى ميۇنخېن ـ گېرمانىيە

ئالاقىلاشقۇچى: ئالىمجان مەمەت
ئادرېس:
Alimjan Mamat
Kyreinstr. 9
81371 München
Germany
Tel: 0049/89/17953401
Handy: 0049/17621896299

# كىرىش سۆز

( تەرجىماندىن)

قولىڭىزدىكى بۇ تىراگېدىيىلىك، تارىخى رومان 80-يىللاردا تام قوشنىمىز ئافغانىستان خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەتلەرنى بىر قەدەر تەپسىلىي سۈرەتلەپ بېرىدۇ. شۇنداقلا بۇ ئەسەر مەدەنىيەت جەھەتتىن بىزگە ئەڭ يېقىن بولغان، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن تولىمۇ ئۇزۇن تارىخلاردىن باشلاپ ئورتاق مەدەنىيەت يارىتىشتا بىرگە بولغان، ئەمما كېيىنكى كوممۇنىزم دەۋرىدىن ئېتىبارەن قوشنىدارچىلىغىمىز پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ كەتكەن ئافغانىستان خەلقىنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا يېزىلغان ئىنتايىن نادىر بىر ئوقۇشلۇق بولۇشى تەبىئىيدۇر.

روماندا ئەينى ۋاقىتتىكى ئافغانىستاننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى غۇۋۋا كۆرستۈلۈپ ئۆتكەندىن باشقا، نە ئافغان خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرى، نە مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، ئومۇمي تۇرمۇش ئىستىلى بايان قىلىنمايدۇ. پەقەت سىزنى بىر ئائىلىنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئەلىك ۋەقەلەرگە ئەگەشتۈرۈپ، گاھىدا تاغ-دالىلاردا، گاھىدا تىك چوققىلاردا يۈز بېرىدىغان ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشلەرگە شاھىت قىلىدۇ. روماندىكى ۋەقەلەر ئۈستىدە ياكى ئەسەر قەھرىمانلىرى توغرىسىدا ئالدىن مەلۇمات بېرىپ قويۇشنى تازا مۇۋاپىق كۆرمىدۇم. چۈنكى مەن بۇ ئەسەرنىڭ

نىمىسچە ئەسلى نۇسخىسىنى ئوقۇغان چېغىمدىكى دۇچ كەلگەن ھېسسىياتلىرىمغا سىزنىمۇ ئورتاقلاشتۇرۇشنى ئارزۇ قىلدىم.

ئەسەرنىڭ قولىمىزدىكى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىگە «قان تەپچىرىگەن ئافغانىستان» دەپ نام بېرىشتە ۋە ئەسلى گېرمانچە نامىنى قوشۇمچە ئىزاھات ئورنىدا تەقدىم قىلىشتا، شۇنىڭدەك ئەسەرنى 2 بۆلۈمگە، 18 باپقا ئايرىپ، ئۇيغۇرچە تۇس كىرگۈزۈش ئۈستىدە مۇئەللىپ ئاھمەد ناسىر بىلەن كېلىشتىم.

ئەمدى بۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشىمدىكى مەقسەتنى بايان قىلىش لايىق كۆرۈلسە، كۈچلۈك باسمىچىلارغا قارشى تۇرۇپ، ئۆز ئەركىنلىكلىرىنى، ۋەتىنىنىڭ ئازاتلىقىنى تەلەپ قىلغان ۋە شۇ يولدا ئۇرۇشقا كىرگەن ئاجىز مىللەتنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئازاب، كۈلپەتلەرنىڭ قايسى شەكىللەردە بولىدىغانلىقىنى، ئېنىقراق ئېيتقاندا قوشنىمىز ئافغانىستان خەلقى قۇدرەتلىك ۋە شەپقەتسىز رۇس باسمىچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئېچىپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ، ئانا ۋەتىنىنىڭ ئازاتلىقى ۋە مۇستەقىللىقى ئۈچۈن قايسى دەرىجىدە قۇربان بەرگەنلىكلىرىنى سۈرەتلەپ كۆرسىتىپ بەرگەن بۇ مەلۇماتلارنى خەلقىمىزگە تەقدىم قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويدۇم. ئۇنىڭدىن كېيىن يەتمىشىنچى ۋە سەكسىنىنچى يىللاردا قۇدرەتلىك رۇس باسمىچى ئارمىيىسىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، دۇنيانى تاڭ قالدۇرغان غالىپ ئافغانىستان خەلقىنىڭ شۇ چاغلاردىكى ئېچكى ئەھۋالى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ قويۇشمۇ مەقسەتتىن يىراق بولمىسا كېرەك.

شۇنىڭدەك ئۆز خەلقىنىڭ زۇلمەتلىك تەقدىرىنى باشقا ئەل خەلقلىرىگە تونۇتۇشتا، سىياسىي شەكىل بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن بەلكى ئەدەبىي يېزىقچىلىق تۈرى بويىچە بايان قىلىسىمۇ ئۇنۇمى ئالاھىدە بولىدىغانلىقىنى، يېزىش قابىلىيىتىگە

ئىگە تالانت ئىگىلىرى، ئۆزلىرى ياشايدىغان دۆلەتلەردە بەدىئىي ئەسەر ئىجات قىلىپ، يەرلىك خەلققە سۇنالىسا نەتىجىسىنىڭ پەۋقۇلئاددە زور بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم ۋە قىسمەن تەشەببۇس بولۇشىنى ئويلىدىم.

( بۇ كىتاب توغرىسىدا ئېيتماقچى بولغان يەنە بىر مۇھىم نۇقتا ئافغانىستانىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ئەينى ۋاقىتتىكى پىدائىيلارنىڭ يېتەكچى قوشۇنى بولغان سابىق «ئافغانىستان مۇجاھىدلىرى» نىڭ ئارقىسىدا قانداق كۈچلەرنىڭ بارلىقى باشقا بىر مەسىلە ئەمما ) ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشىمغا تۈرتكە بولغان يەنە بىر سەۋەب ۋە قوشۇمچە بايان قىلىپ ئۆتمەكچى بولغىنىم شۇكى، دۇنياغا نامى تونۇلغان مەشھۇر ئىككى قەھرىمانىنىڭ ئەينى زاماندا «ئافغانىستان مۇجاھىدلىرى» دىن كۈتكەن ئۈمىتلىرىگە ئىزاھات بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

**ــ «ئەگەر بىز قەشقەر ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئۈستىگە شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئاي- يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىنى قاداپ، مۇستەقىللىق جاكارلىيالىساق، بايرىقىمىز كۆكتە ئىككى كۈنلا جەۋلان قىلالىسا، قۇدرەتلىك سوۋېت ئارمىيىسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ئافغانىستان مۇجاھىدلىرى ياردەمگە كېلىدۇ! »**

**زەيدۇن يۇسۇپ**

1990-يىلى 2- فېۋرال قەشقەر

**ــ «رۇس ھۆكۈمرانى يېلتسىن چېچەنىستانىنىڭ مۇستەقىللىقىغا قارشى قورال كۈچى بىلەن تەھدىت**

**سالماقچى بولسا، بىزمۇ قورال كۈچى بىلەن تاقابىل تۇرۇشقا تەييارمىز! چۈنكى قۇدرەتلىك سوۋېت ئارمىيىسىنى ئاغدۇرغان غالىپ ئافغانىستان مۇجاھىدلىرىدىن يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىزگە ياردەمگە كەلمەكچى!»**

**جەۋھەر دودايېف**

1994-يىلى 12- ئاينىڭ 8- كۈنى
گروزنى- تېلېۋىزور باياناتى

شۇنداق، «ئاسماندىن قۇيرۇق ياغدۇ-دەپ بۆرە ئاچ قاپتۇ»-دېگەندەك، ئاجىز بىر مىللەتنى كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشى ئازات قىلماقچى بولغان يېتەكچى رەھبەرىيەت، ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان يەنە بىر ئاجىز مىللەتكە تەلمۈرۈشى، ياكى ئۇنىڭدىن ئۈمىتلىنىشى راستىنلا ئاچ قالغان بۆرىگە تەمسىل بولۇپ قالسا كېرەك.....

ئابدۇرەھىمجان

2009- يىلى 2- ئاينىڭ 5- كۈنى.
ميۇنخېن ـ گېرمانىيە.

# بىرىنچى بۆلۈم

## بۇ بىخەتەرسىزلىكنىڭ باشلىنىشى ئىدى

## بىرىنچى باب

## ئەزىم ئەبەدىنىڭ قولغا ئېلىنىشى

1981- يىلى ئىيۇن ئېيىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ، كېچە سائەت 10 ئىدى. كابۇل شەھىرى بەئەينى قەبرىستانلىقتەك چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆمگەن بولۇپ، پەقەت كوچا ئىتلىرىنىڭ ئاندا-ساندا قاۋاشلىرىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇلۇتسىز كۆك ئاسماندا چاقناپتۇرغان يۇلتۇزلار يەر جاھاننى يورۇتۇپ، ھاياتقا گۈزەللىك بەخش ئەتمەكتە. كابۇل شەھىرىنى بۆلۈپ تۇرىدىغان تاغ چوققىلىرىدىكى مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر ئۈزۈلدۈرمەي ئېتىۋاتقان بەلگە ئوقلار ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتۈشۈپ چەمبەر ھاسىل قىلاتتى. كېچە كىرىپ، قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن تەڭ كوچىغا چىقىشقا كىشىلەرنىڭ جۈرئەت قىلالماسلىقى، پەقەت «ئەكسىل ئىنقىلابچى» نامى بىلەن تۇتقۇن قىلىنىشتىن قورقۇپلا ئەمەس، ھەتتا مۇجاھىدلارنىڭ كېچىدە دۆلەت ئارمىيىسىگە قىلغان ھۇجۇملىرىغا ئۇچراپ قېلىشمۇ قورقۇنچىنىڭ سەۋەپلىرىدىن ئىدى.

تېلېۋىزور خەۋىرىدە، ژورنالىستىنىڭ دۆلەت رەئىسى كارمال بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى كۆرسىتىلمەكتە. رەئىس سوۋېت ھۆكۈمرانلىغىنىڭ ئافغانىستاندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئالغا سۈرەتتى. چۈنكى رەئىسنىڭ نەزىرىدە «سوۋېت ھۆكۈمىتى ئافغانىستاننى

غەرپ ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە قىلاتتى. ھەمدە ئافغانىستانغا قىيىن ئەھۋالدا دوستلۇق كۆرسىتىۋاتاتتى.»

ــ ھەئە! ھە، راست! كۈندۈزى دوستلۇق، كېچىسى ياندىكى دۈشمەنلىك!ـ دەيتتى ئۈنىڭيولدۇشى مەسخىرە قىلىپ. ئۇ، قۇچىقىدا ئۇخلاپ قالغان بىر ياشتىكى كەنجى قىزىنى كارىۋىتىغا ياتقۇزۇپ قويۇپ، زال ئۆيگە قايتىپ كىردى-دە، شىرەدە كۈتۈپ تۇرغان تاۋۇزنى تىلىشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا كوچىدىكى ماشىنا ئاۋازى بارغانچە يېقىنلاپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ قورۇسى ئالدىدا بىردىنلا توختىدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇلارنىڭ دەرۋازىسى ئەنسىز قېقىلدى.

بۇ مەھەلدە بىز مېھمان كۈتمەيتۇققۇ؟ـ دېگەن سۇئال نەزىرى بىلەن يولدۇشىغا تىكىلدى ئۇ.

ــ بۇلار جەزمەن ئەسكەرى خادىملار، ياشلارنى مەجبۇرى ئەسكەرلىك ۋەزىپىسى ئۆتەشكە ئېلىپ كېتىدىغانلار- تەخمىن قىلدى ئۈنىڭيولدۇشى.

ــ لېكىن مەن ئۇلارغا تېخى تۇنۇگۈن ئېيتقان ئىدىم ئوغۇللىرىمىز شىمالدىكى ھامىمىسىنىڭ يېنىغا كەتتى ــ دەپ، دېدى ئۇ، قورقۇنچ ئىلكىدەيولدۇشىغا جاۋاپ بېرىپ.

ــ ئېنىقكى بىرلىرى خائىنلىق قىلدى! ئوغۇللارنىڭ ئۆيدە ئىكەنلىكىنى پاش قىلدى- دەيتتى، ئۈنىڭيولدۇشى بېشىنى چايقاپ ۋە ئوغۇللىرىغا ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا- يىگىتلەر، چاققان يوشۇرنۇڭلار!ــ دېدى.

ئىككى ئوغلى ئورۇنلىرىدىن چاچراپ تۇرۇشتى - دە يۈگۈرگىنىچە ئاشخانىدىن ئۆتۈپ، ئارقا ھويلىغا چىقىشتى. مۇشۇنداق بىرەر جىددىي ئەھۋالدا جانغا ئەسقېتىپ قالار ــ دەپ، ئۆگزىدە ئالدىن تەييارلاپ قويغان مۆكۈنۈش يېرى باتتى. ئوغۇللار بامبۇك شوتا بىلەن ئۆگزىگە چىقىپ، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشتى ــ دە، تىنىش چىقارماستىن شۇتىنىمۇ يوقۇرىغا تارتىۋېلىشتى. ئۇ

بىر ئاز خاتىرجەم بولغاندەك، تەمكىن بىر قىياپەتتە زال ئۆيگە قايتىپ كىردى ۋە يولدۇشىدىن سورىدى

ــ سەن ئاچامسەن ياكى مەن ئاچىمەنمۇ؟

ــ لېكىن مەن ئاغرىپ قالغانلىقىمنى ئېيتقان تۇرسام! سەن ئاچ ـ دېدى ئۇنىڭ يولدۇشى جاۋابەن. ئۇ بېشىغا شايە رومىلىنى ئارتىپ، دەرۋازىغا يېقىن بېرىپ توختىدى ۋە

ــ كىم بولىسىز؟ ـ دەپ يېنىك ئاۋازدا سورىدى.

ــ دەرۋازىنى ئېچىڭ! بىز دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىدىن كەلدۇق. ئەزىم ئەپەندى بىلەن سۆزلەشمەكچىمىز ـ دېدى سىرىتتىكىلەر جاۋابەن قوپال ۋە كەسكىن تەلەپپۇزدا .

ــ يولدۇشۇم ئېغىر كېسەل، ئۇنىڭ مىدىرلىغۇدەك ھالىمۇ يوق. ئەته قايتا كېلىشىڭلارنى ئۆتۈنىمەن.

ــ دەرۋازىنى دەرھال ئېچىڭ! ياكى بولمىسا ئۆزىمىز بۇزۇپ، چېقىپ كىرىمىز.

ئۇلار دېگەنلىرىنى قىلىشاتتى. شۇڭا ئۇ دەرھال تاقاقنى بىر تەرەپكە سېرىپ قويۇپ، ئىككى قەدەمچە ئارقىغا چېكىندى.

دەرۋازىنىڭ قاناتلىرى ئاستا ئېچىلىپ، ئالدىدا قولىدىكى تاپانچىنى تەڭلىگەن ھالدا بىر ياش ئوفىتسېر، ئۇنىڭ ئارقىسىدا كالاشنىكوپ كۆتۈرگەن تۆت نەپەر ئەسكەرلەر ھويلىغىلا بېسىپ كىرىشتى.

ــ ھەممە ئۆيلەرنى، بارلىق بۇلۇڭ-پۇچقاقلارغىچە ئالا قويماي ئاختۇرۇڭلار! ـ دېدى ئوفىتسېر ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق چۇشۇرۇپ. بىر ئەسكەر ئىشىكتە قاراۋۇللۇق قىلماقتا. ئىككى نەپەر ئەسكەر ئۆيلەرنى ئاختۇرماقتا. ئوفىتسېر ئەزىم ئەپەندىگە قىمىر قىلماسلىق پەرمانىنى چۇشۇرۇپ، ئۆزى يەنە بىر ئەسكەر بىلەن كىچىككىنە باغچىدا ئۇياقتىن بۇياققا چېپىشىپ كەزگەندىن كېيىن، ئايۋان ئىشىكىدىن ئۆتۈپ، زال ئۆيگە قايتىپ كىرىشتى.

ئۇمۇ ئوفىتسېرگە ئەگىشىپ بىرگە كىردى. ئوفىتسېر ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توختىدى ۋە دىۋاندا تىمتاس، قىمىرلىماي ئولتۇرغان ئەزىم ئەپەندىگە بىر مەھەل تىكىلدى. ئاندىن تاقەتسىزلىك بىلەن بۇرۇلۇپ، تېلېۋىزورنىڭ ئالدىغا باردى-دە، زەردە بىلەن تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋەتتى.

ئەسكەرلەرنىڭ ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىشىدىكى سەۋەپ ئوغۇللىرىمنىڭ ئىز-دېرىكىدىن. دەپ پەرەز قىلغان ئەزىم ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاۋازىنىڭ بارىچە ئۇلارغا ۋارقىرىدى

ـ مۇشۇنداق كېچە يېرىمىدا، مېنىڭ ئۆيۈمگە بېسىپ كىرىش ئۈچۈن سەنلەرگە كىم رۇخسەت قىلدى؟ يەنە تېخى تېلېۋىزور كۆرۈش مەنئى قىلىنمىغان تۇرۇقلۇق، نېمىشكە ئۆچۈرىسەن؟ ئۆيۈمدىن دەرھال چىقىپ كېتىش!

ـ شۇنداق! مەن ئويلايمەنكى، ئېغىر كېسەل كىشىنىڭ ھەمدە ۋەتەن خائىنىنىڭ تېلېۋىزور كۆرۈشى ھاجەتسىزغۇ!- دېدى ئوفىتسېر جاۋابەن، مەسخىرىلىك كۈلۈپ ھەمدە باياتىن غىلاپقا سېلىپ قويغان تاپانچىسىنى قايتا بەتلەپ، ئەزىم ئەپەندىگە تەڭلەپ تۇرۇپ، قولغا ئېلىش بۇيرۇغىنى ئېلان قىلدى:

ـ ئەزىم ئەپەندى! سىز ئانا ۋەتەنگە خائىنلىق قىلىپ، ئەكسىل ئىنقىلاپچىلار بىلەن ھەمكارلاشقان، قانۇنسىز قىلمىشىڭىز تۈپەيلى، ئىنقىلاپ نامىدىن قولغا ئېلىنىدىڭىز. تېز كىيىنىپ بىز بىلەن يۈرۈڭ!

ئۇ لاغىلداپ تىترەيتتى. ئۇنىڭيولدۇشى ئەزىم ئەپەندى ئوفىتسېرگە بىر دەقىقە ئۈن- تىنسىز غەزەپ بىلەن تىكىلگەن ھالدا ئۆڭۈپ تۇرۇپ- بۇ بىر لاۋزا چاخچاق! يوقىلاڭ گەپ! كىمنىڭ بۇيرۇقى بۇ؟- دېدى.

ـ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى چۈشۈرگەن ھۆججەت بىلەن- دېدى ئوفىتسېر تەرىنى تۈرۈپ.

ــ قۇرۇق گەپ قىلماڭ لېتنانت! بۇنداق بۇيرۇقنى سىزگە كىم چۈشۈردى؟ مەن ئۇنىڭغا تېلېفۇن قىلىپ، مەسىلىنى ئايدىڭ-لاتماقچىمەن -دېدى ئەزىم ئەپەندى تاقەتسىز هالدا.

ــ ئەزىم ئەپەندى، بۇ دېگەن هەربى بۇيرۇق! مەخپىيەتلىك. ئەپسۇس سىزگە ئۇچۇر بېرەلمەيمەن. مەن پەقەت ئۆيىڭىزنى ئاختۇ-رۇش ۋە سىزنى قولغا ئېلىش بۇيرۇغىنى تاپشۇرۇۋالدىم. شۇنچىلى-ىكلا. قولغا ئېلىنىشىڭىزنىڭ سەۋەبىنى دۆلەت مۇداپىئە مىنىس-تىرلىكىدىن بىلىڭ. مەرهەمەت! خىزمەت فورمىڭىزنى كېيىپ، بىز بىلەن يۈرۈڭ- دېدى ئوفىتسېر كەسكىن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ.

ــ نېمىشكە خىزمەت فورمىنى كېيىشىم كېرەك؟

ــ بۇمۇ مەن ئىجرا قىلىدىغان بۇيرۇق.

ــ قىزىم خىزمەت كىيىملىرىمنى ئەكىلىپ بەر- دېدى ئەزىم ئەپەندى، قورقىنىدىن سافادا تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان 16 ياشتىكى قىزى نەجىبەگە. قىز يۈگۈرگىنىچە ياتاق ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، هايال قالمايلا دادىسىنىڭ خىزمەت فورمىلىرىنى، ئاياق، پايپاق، شەپكىسىگە قەدەر هەممىنى ئېلىپ چىقتى. نەجىبەنىڭ قولىدىكى خىزمەت فورمىنى ئوفىتسېر ئېلىپ، يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، ئەزىم ئەپەندىگە بەردى. ئەزىم ئەپەندى هەربى فورمىنى ئاچچىقلاپ كېيىۋېتىپ ئوفىتسېرگە قايىندى:

ــ مەن ئانا ۋەتەنگە ئوتتۇز يىل خىزمەت قىلىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە پاسكىنا تۆهمەتكە يولۇقتۇم. لېكىن سىزگە بىر گەپنى دەپ قويايكى، بۇ تۆهمەتنىڭ جاۋاپكارلىرى قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ! مەن سىزنى هەربى سوتقا بېرىمەن!

ئەزىم ئەپەندى فورمىنى كىيىپ بولغاندىن كېيىن، ئوفىتسېر لېتنانت ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، هەربى فورمىنىڭ مۈرىسىدىكى دەرىجە بەلگىسىنى يۇلۇپ ئالدى ۋە

— ئەزىم ئەپەندى بۇمۇ يۇقۇرىنىڭ بۇيرۇقى!-دېدى. ئوفىتسېرنىڭ يۈزىدىن چوڭ بىر غەلىبە قازانغاندەك ئالامەت ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئەزىم ئەپەندى غەزەپتىن ئوت بولۇپ يانماقتا ئىدى. ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتاتتى. ئۇنىڭ مەڭزىدىكى ياناق سۆڭەكلىرى پولتىيىپ چىققان، مۇشتلىرى تۈگۈلگەن ئىدى. ئوفىتسېرنى قاتتىق تەستەكلىگۈسى كەلدى. لېكىن ئەڭ ياخشىسى ئۇ ئوفىتسېر لېتنانتنى قاتتىق مەسخىرە قىلىپ، تازا قاقاھلاپ كۈلدى. چۈنكى بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىۋاتقان كوممۇنىزىمنىڭ سادىق چاكىرى ئوفىتسېرنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلەتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسۈتۈشنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى ۋە مەناسى يوق ئىدى.

ئەزىم ئەپەندى ئۆزىنى تامامەن تۇتىۋالغان ئىدى. ئۇ، بۇيرۇقنى قوبۇل قىلىپ، مېڭىشقا تەييارلاندى. دەل شۇ ئاندا، بىر ئەسكەر زال ئۆيگە كىرىپ دوكلات قىلدى

— لېتنانت ئەپەندىم، بىز ھەممە ياقنى تولۇق ئاختۇرۇپ چىقتۇق. بىراق ھېچ نەرسە تېپىلمىدى!

— ئۇنداقتا، ھەممە ئۆيلەرنى قايتا ئاختۇرۇپ، بارلىق ماتېرىياللارنى توپلاڭلار، ھەتتا كىچىككىنە بىر پارچە خەت بولسىمۇ- دېدى ئوفىتسېر بۇيرۇق چۈشۈرۈپ.

— كىتاپلارنىمۇ يىغىپ چىقىمىزمۇ؟- سورىدى بىر ئەسكەر ئوفىتسېردىن.

— شۇنداق، ھەممىنى دېدىمغۇ!

— لەنىتىلەر! نېمىشكە ئاختۇرىشىسەن! - ۋارقىرىدى ئەزىم ئەپەندى ئوفىتسېر لېتنانتقا.

— يوشۇرۇپ قويۇلغان باندىتلار ، مۇھىم ھۆججەت، ئىسپات، قوراللارنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئاختۇرىلىدۇ!

— نومۇسسىزلار! ئەخلاقسىزلار!- ۋارقىرىدى ئەزىم ئەپەندى

ئاۋازىنى بارچە قويۇۋېتىپ.

ياتاق ئۆي، ئاشخانا، ئىشقىلىپ ئادەمنىڭ بېشى پاتقۇدەك ھەممە يەر ئاختۇرۇلدى. چىنە-قاچىنىڭ چېقىلغان ئاۋازلىرى، ئىشكاپلارنىڭ سۇندۇرۇلغان قىقاسلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەسكەرلەر ئۆيدىكى ھەممە نەرسىلەرنى بۇزۇپ، چۇۋۇپ، ئاستىن-ئۈستىن قىلىۋەتكەن ئىدى. ئۇلار ئۆيدە بار بولغان، كىتاپ، ئارخىپ، دەپتەر قاتارلىق ھەممىنى يىغىشتى. ھەتتا بالىلارنىڭ مەكتەپ دەرسلىك كىتاپلىرىمۇ، كانسېپەكلىرىمۇ زال ئۆيگە توپلاندى. «نالايىق» دەپ قارالغان بىرمۇنچە كىتاپلارنى بىر ئەسكەر ئالىيومىن چامدانغا قاچىلاپ ھەربى ماشىنىسىغا تۇشىماقتا.

— ھەممىنى تۇگەتتۇق-دېدى ئەسكەرلەردىن بىرى، ئوفىتسېر لېتنانتقا چاس بېرىپ.

— ئۇنداقتا بىز ماڭايلى ئەزىم ئەپەندى - دېدى لېتنانت بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا. ئىككى نەپەر ئەسكەر ئالدىدا، لېتنانت يەنە بىر ئەسكەر بىلەن ئارقىسىدا، ئەزىم ئەپەندىنى قورشىغان ھالدا ئۆيدىن ئېلىپ مېڭىشتى.

ئۇ قىزى نەجىبە بىلەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كوچىغىچە ئەگىشىپ چىقتى. ئەزىم ئەپەندى رۇس ھەربى ماشىنىسىنىڭ ئالدىدا توختاپ، ئايالى بىلەن قىزىغا بۇرۇلدى ۋە- سىلەر ئەندىش قىلماڭلار، مەن پات يېقىندا ئۆيدە بولىمەن - دېدى ئىشەنچلىك ھەم قەتئىي ئاھاڭدا.

— بىز ساڭا دۇئا قىلىمىز!-دېدى ئۇيولدۇشىغا جاۋابەن. ئەزىم ئەپەندى ئىككى ئەسكەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدا ئولتۇردى. ئوفىتسېر لېتنانت شوپۇر بىلەن يات تىلدا بىر قانچە جۈملە سۆزلەشتى - دە ئاندىن شوپۇرغا يانداش ئورۇنغا ئولتۇردى. ماشىنا قوزغالغاندىن كېيىن، قاراۋۇللۇقتا تۇرغان ئىككى ئەسكەرمۇ دەرۋازا ئالدىغا توختۇتۇپ قويۇلغان باشقا بىر جىپ

ماشىنىغا قاراپ مېڭىشتى.

ــ ئاپا، سەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئۇلار رۇسچە سۆزلەشتى. شوپۇر رۇس ئىكەن- دېدى نەجىبە ئۆيگە قايتىپ كىرىۋېتىپ تېرىككەن هالدا.

ــ ۋاي خۇدايىم! راست ئېيتىسەن قىزىم! ئۇلار دېيىشكەن گەپلەر ماڭا ياتلا تۇيۇلغان ئىدى- دەپ تەستىقلىدى ئۇ قىزىنىڭ ئېيتقان-لىرىنى. لېكىن بىردىنلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئوتتەك بىر سېزىم چىرمىدى-يۇ، شۇنچە تېز مۇزدەك سوغۇققا ئايلىنىپ، قاتتىق قورقۇنچ باستى. ئۇ ئىچىدىن كېلىۋاتقان بۇ ئاجايىپ قورقۇنچ تۇيغۇلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن، قىزىغا ئاڭلىتىپ پىچىرلىدى:

ــ داداڭنى خۇداغا تاپشۇردۇم! خۇدا ئۇنى رۇسلارنىڭ شەررىدىن ساقلىغاي!

ئۇلار زال ئۆيگە قايتىپ كىرگىنىدە، ئۆگزىگە مۆكۈنگەن ئىككى ئوغلى كۆزلىرى چەكچەيگەن، چىرايلىرى تاتارغان هالدا سافادا مۈكلىنىپ ئولتۇرۇشقان ئىدى.

ــ دادامنى نېمە سەۋەپتىن ئېلىپ كېتىشتى ئۇلار؟ ـ سورىدى چوڭ ئوغلى ماهمۇد تاقەتسىزلىنىپ.

ــ سەۋەبىنى تېخى داداڭمۇ بىلمەيدۇ. بەلكى بىرەر ئۇقۇشماسلىق يۈز بەرگەندۇر. ياكى بىرەر مەخپى بۇيرۇق بولغاندۇر. ئىشقىلىپ ئۇزۇنغا قالماي بىلىمىزغۇ- دېدى ئۇ باللىرىغا تەسەللى بېرىش نىيىتىدە. لېكىن ئۇلار تاڭ ئاتقۇچە بۇ تۇيۇقسىز تۇتقۇنلۇق ئۈستىدە هەرخىل پەرەزلەردە بولۇشقان بولسىمۇ، قانائەت قىلغۇدەك سەۋەپ تېپىشالمىدى. ئاخىرىدا ئۇلار بىر نوقتىغا كېلىشتى «ئەزىم ئەپەندى دۆلەت رەئىسى داۋۇدنىڭ زامانىدا نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن دۈشمەنلىك بولۇپ قالغان ئىدى. ئاشۇ كىشلەر هازىرقى كوممۇنىست هۆكۈمەتتە يۇقۇرى ئەمەلدار بولۇپ قېلىشقان، ئەنە ئاشۇلار بىرەر مەخپى پىلان تۈزگەن بولۇشى مۇمكىن».

بەلكى يەنە بىر مۇنداق، باشقىمۇ سەۋەپىنىڭ بولۇشى ئېھتىمال «ئافغانىستاندا ھۆكۈمەت ئالمىشىشقا باشلىغان دەسلەپكى قەدەمدە، ئەزىم ئەپەندىمۇ تەمتىرەپ قالغان، لېكىن پۈتۈنلەي تايتىن چىقىپمۇ كەتمىگەن ئىدى. يەنى ئەزىم ئەپەندى شۇنى ئۇمىت قىلاتتىكى، كەمبەغەل پرولېتارىيات خەلق ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا نامرات ئافغان خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىپ قېلىشى ئەجەپ ئەمەس ئىدى. يېڭى ئۆزگۈرۈشنىڭ ئارقا پىلانىدا نېمىلەرنىڭ ۋە كىملەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن! تا پرولېتارىيات قىزىل كەمبىغەللەر بىر كېچىدىلا ۋەتەننى باستۇرۇپ، بۇزغۇنچىلىق قىلغانغا قەدەر ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا قاراڭغۇ ئىدى. ئۇلارنىڭ پۇخرالارنى ئۆلتۈرۈشلىرى، ئايالللارنى، بالىلارنى، قېرىلارنى، ھەتتا يېزىلاردا ھايۋانلارنىمۇ قىرغىن قىلىشلىرى، ئۇلارنىڭ پۈتۈن دۆلەت ئورگانلىرىدا ھوقۇقنى ئىگىلىۋېلىشلىرى، ئافغان ئارمىيەلىرىنىڭ رۇسلارغا قارىغۇلارچە ئىتائەت قىلىپ، ئۆز خەلقىنى ئۆلتۈرۈشتە ۋىجدانسىزلارچە خىزمەت كۆرسىتىشلىرى، شۇنىڭدەك پۈتۈن جەمئىيەت، ھۆكۈمەت قاتلىمى كوممۇنىزمغا رادىكال- تەلۋىلەرچە ئۆتۈشلىرى ئەزىم ئەپەندىنىڭ نەزىرىدە ۋەتەنگە خائىنلىق قىلىپ، ۋەتەننى سوۋېتكە ساتقانلىق ئىدى. مۇشۇ چۈشەنچە ئۇنى كېيىنكى ئايلاردا خىزمەتتىن يالتايتىپ قويغان ئىدى. شۇڭا ئۇ تەخمىنەن ئۈچ ھەپتە ئاۋال ئاغرىپ قالغانلىقنى بانا قىلىپ خىزمەتكىمۇ بارمىغان ئىدى. ئەزىم ئەپەندى بالدۇر دەم ئېلىشقا چىقىش قارارىغىمۇ كېلىپ بولغان. ئۇ چوڭ ئوغلى ماھمۇدنى ھەربى ئاكادېمىيىسىگە ئەۋەتىشكىمۇ ئىلتىماس قىلمىغان ئىدى.»

بىراق ئەزىم ئەپەندىنىڭ مەزكۇر ئەھۋاللىرىنى ئائىلە ئەزالىرىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. يەنىلا ئۇنىڭ تۇيۇقسىز قولغا ئېلىنىشى يېشىپ بولماس بىر سىر بولۇپ قېلىۋاتاتتى.

# ئىككىنچى باب
## ئۆمىتسىز قايتىش

كېيىنكى كۈنى ئەتتىگەن سائەت توققۇزلاردا ئۇ، چوڭ قىزى نەجىبە بىلەن بىر ياشتىكى كىچىك قىزىنى بىرگە ئېلىپ، تاكسىغا ئولتۇرۇپ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىگە يېتىپ كەلدى. مىنىستىرلىك بىناسىنىڭ كىرىش ئىشىكى ئالدىدىكى پەلەمپەيدە، قاراۋۇللۇقتا تۇرغان ئىككى نەپەر ئەسكەر قوللىرىدىكى كالاشنىكوپ بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى ۋە نېمە ئۈچۈن، كىم بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى سورىدى. ئۇيولدۇشىنىڭ ئىسمىنى مەلۇم قىلىپ، تۈنۈگۈن كېچە يېرىمىدا تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىنى ئېيتىپ:

ــ بىز ئۇنىڭ ئائىلىسى بولىمىز. هازىر ئۇنى قەيەردىن تاپالايمىز؟ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يولدۇشۇمنىڭ نېمە سەۋەپتىن تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىنى بىلمەكچىمىز ـ دېدى.

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەسكەرلەرنىڭ بىرى ئەينەك ئىشىكنىڭ ئىچى تەرەپتە قاراۋۇللۇقتا تۇرغان يەنە بىر ئەسكەرنى چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ مۇددىئالىرىنى ئېيتتى. ئىچكىرىدىكى ئەسكەر مەلۇماتنى ئېلىپ، چوڭ كەتكەن بىنانىڭ ئىچىدە كۆزدىن يۇتتى. تەخمىنەن ئون مىنۇتتىن كېيىن قايتا پەيدا بولدى ۋە

ــيولدۇشىڭىز ئەزىم ئەپەندى بۇ يەردە يوقكەن. «تەكشۈرۈپ، دېلو تۇرغۇزۇش تۈرمىسى» گە بېرىپ بېقىڭ ـ دېدى ـ دە، قايتا بىر نەرسە سوراپ بولغىچە، دەرهال قاراۋۇللۇق ئورنىغا قايتتى. ئۇلار ئىككى تۈرمىنى ئىزدىدى. لېكىن ئەزىم ئەپەندى تېپىلمىدى. ئاخىرى

مەخسۇس سىياسى مەھبۇسلارنى قامايدىغان، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ تۈرمىسىگە بېرىشتى. ئۇيەردىمۇ ئۇنىڭ يولدىشىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئاخىرى ئۇلار كابۇل شەھرىدىن 15 كىلومېتىرچە سىرتتىكى قاباھەتلىكتە داڭقى كەتكەن «پولەچەرخى» تۈرمىسىگە باردى. بىراق ئۇ يەردىمۇ ئۇلارنىڭ ئۇرۇنۇشلىرى بىكارغا كەتتى.

ئۇلار ھارغىن، ھالىدىن كەتكەن، ئۈمىسىز ھالدا كەچ سائەت 17 بىلەن ئۆيگە قايتىپ كېلىشتى. ئۇ ئوغۇللىرىغا دادىسى تېپىلمىغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزگىنىدە، كۆزىدىن ئاققان قايغۇ ياشلىرى ئۇنىڭ چاڭ - تۇزان باسقان مەڭزىنى يۇياتتى. ئۇ بالىلىرىنى ئۆيدە قالدۇرۇپ، ئىككى كوچا نېرىدىكى بىر تۇنۇش ئوفىتسېرنىڭ ئۆيىگە چاپتى. بۇ تونۇش ئەپەندى ئۇنىڭيولدۇشى بىلەن ئەسكەرلىكنى بىرگە ئۆتىگەن ھەمدە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىدىمۇ مۇھىم خىزمەتتىكى كىشى بولۇپ، ئۇلار ياردەم تەلەپ قىلالىغۇدەك، ئۇلارنى ھىمايە قىلالىغۇدەك بىردىن-بىر ئادەم ئىدى. ئەزىم ئەپەندىنىڭ قولغا ئېلىنىش سەۋەبىنى مۇنداق بايان قىلدى تونۇش ئوفىتسېر:

ــ سىما يولدۇشۇڭنىڭ قولغا ئېلىنغانلىق خەۋىرىنى بۈگۈن مىنىستىرلىكتە ئاڭلىدىم. بۇ خەۋەر ماڭا بەك قاتتىق تەگدى. بۇ مەن ئۈچۈن چوڭ بىر زەربە! مېنى چۆچۈتتى ! ئەزىم بولسا مېنىڭ ئۆزۈن يىللىق دوستۇم. مېنىڭ بىر تۇققان ئاكا - ئىنىمدەك يېقىن ئىدى. مەن قولۇمدىن كېلىشىچە، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە، قانچە تېز چارە تېپىلسا، شۇنچە تېز ياردەم قىلىمەن. بىراق ئەزىمگە ئارتىلغان جىنايەت بەك ئېغىر ئىكەن. مېنىڭ خەۋەر تېپىشىمچە «مۇجاھىدلارنى ھىمايە قىلغانمىش، مۇجاھىدلارغا ئاخبارات يەتكۈزگەنمىش».

ــ لېكىن ئەزىم سېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇڭ! سەن بىلىسەنغۇ

ئۇنى-دېدى ئۇ جاۋابەن تاقەتسىزلىنىپ.

ــ شۇنداق! مەن بىلىمەن. لېكىن، لېكىن - دېدى ئوفىتسېر ئەھۋالنى ئۇنىڭغا تەپسىلى چۈشەندۈرۈپ

ــ ئۇلارنىڭ تۆھمەتلىرىگە كىم قارشى بىر نەرسە دېيەلەيدۇ! مەن ئەزىمنىڭ كېلەچىگىنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن بىر ئىش قىلىپ بېرەلمەيمەن. مۇشۇ كۈنلەردە مىنىستىرلىكتە ماڭىمۇ ئەتتىر گۈللەر ئېچىلىپ كېتىۋاتقىنى يوق. ئەگەر بۇ ئەھۋالدا مەن ئارىلىشىدىغان بولسام « ئەكسىيەتچىگە ياردەملەشكەن »- دېگەن باھانە بىلەن قولغا ئېلىنىش خەترى ماڭىمۇ كېلىدۇ. رۇس مەسلىھەتچىلىرى بىزنىڭ مىنىستىرلىكنىڭ ھەممە بۆلۈك - پۈچقاقلىرىغىچە بۇرنىنى تىققاندىن بېرى، كوممۇنىزمغا سادىق ئوفىتسېرلىرىمىز ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشتى. ئۇلار رەھىم-شەپقەت دېگەننى ئۇنتۇشتى. ئەگەر مۇشۇنداق داۋام قىلىۋەرسە، ئائىلەمنى بىر ئامال قىلىپ پاكىستانغا يۆتكەپ كېتىمەن. دېمەكچىلىكى دەماللىققا ئەزىم ئۈچۈن ھېچ نەرسە قىلالمايدىغانلىقىم مېنى بەك ئازاپلايدۇ. مەن ئەزىم توغرۇلۇق ئالدىمىزدىكى كۈنلەردە كۆپرەك ئەھۋال ئىگىلىگىچە، بىز سەبرە قىلىپ كۈتەيلى. سىما! سەن ئۆيگە بېرىپ، بالىلىرىڭغا قارا. مەندىن خەۋەر كۈتكىن. يېقىندا ئەزىمدىن خەۋەر ئېلىپ كەلسەم سىلەرگە يەتكۈزىمەن!

تۇنۇش ئوفىتسېر سۆزىنى تۈگەتتى. لېكىن كۆزلىرىدىن قورقۇنچ ئالامەتلىرى ئۇچقۇنداپ تۇراتتى. ئۇ دەيدىغاننىڭ ھەممىسىنى دېدى. ئەمدى يەنە بىرەر نەرسە سوراشنىڭمۇ ئورنى قالمىغان ئىدى. ئوفىتسېرنىڭ ئايالى خالىدە ئۇنى ئۇزارتىپ دەرۋازىغىچە كەلدى. بوسۇغىدا ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ، تەسەللى بەردى. خالىدەنىڭ كۆزلىرىنى ھېسداشلىق ياشلىرى نەملىگەن ئىدى.

ئۇ ئۈمىتسىز ئۆيگە قايتىپ كەلدى. تېخى باشقىمۇ خەتەر ئۇنىڭ

ئوغۇللىرىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئەگەر ئۇنىڭ ئوغۇللىرى سىرتتا چىقىپ، كوزگە چېلىقتىمۇ بولدى، ئەسكەرلەر تۇتۇپ، مەجبۇرى ماشىنىغا بېسىپلا ئېلىپ كېتىدۇ-دە، ئائىرپورتقا ئاپىرىپ، تىك ئۇچارغا قاچىلاپ ئۇرۇش مەيدانىغا ئېلىپ بارىدۇ. ۋەتەن ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان مۇجاھىدلارغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ئۇرۇشقا يوللايدۇ! شۇڭا ئۇلار ئۆيدىن زادىلا چىقىشماسلىقى كېرەك!

كېيىنكى كۈنى ئۇ، قىزى نەجىبە بىلەن كەنجىسىنى ئېلىپ، ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىگە باردى. ئالدىنقى كۈندىكىگە ئوخشاشلا، مىنىستىرلىك بىناسىنىڭ كىرىش ئىشىكىدە ئەينەكلىك ئىشىكنىڭ ئىچكىرى تەرەپتىكى قاراۋۇل ئەسكەر ئەھۋالنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن كېتىپ، بىر ئازدىن كېيىن قايتىپ كەلدى. ئالدىنقى كۈندىكىگە ئوخشىمايدىغان يېرى ئەسكەرنىڭ يېنىدا بىر نەپەر ئوفىتسېر ھەمرا ئىدى. ھېلىقى ئوفىتسېر ئىشىكتىن سىرتتا چىقىپ، پەلەمپەيگىچە يېقىنلاپ كەلدى-دە، بىر نەرسىنى پەملەۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا بىر ھازا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن

ــ سوراق تېخى ئاخىرلاشمىدى. ئالدىمىزدىكى ھەپتە، شەنبە كۈنى كېلىڭ! ئۇنداقتا بۇ يەردىن دەرھال يوقۇلۇڭ-دېدى يېقىمسىز، قوپال ئاۋازدا.

ــ بىز دادامنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمىگۈچە بۇ يەردىن كەتمەيمىز!- دېدى نەجىبە كەسكىن تەلەپپۇزدا.

ــ بۇنىمۇ كېيىنكى ھەپتە كەلگىنىڭلاردا بىلىسىلەر!- دېدى ئوفىتسېر نەجىبەگە يان بۇرۇلۇپ. ئوفىتسېر قەھرلىك كۆرۈنەتتى. ئۇ جىمىقتۇرۇش ئۈچۈن قىزى نەجىبەنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ نىختىدى ۋە ئوفىتسېردىن سورىدى يالۋۇرگەن ئاۋازدا

ــ بىز مۇشۇ يەرگە كېلىشىمىز كېرەكمۇ، ياكى يولدۇشۇم قامالغان يەرگە بارامدۇق؟

ئۇ سوراش ئارقىلىق،يولدۇشىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش ئۈمۈدىدە ئىدى.

ــ مۇشۇ يەرگە! مەن ئىنىق دېدىمغۇ! ئەمدى يوقۇلۇش بۇ يەردىن!

ئۇلار يەنە قاق سەككىز كۈن كۈتۈشى كېرەك ئىدى. ئائىلە ئاتىسىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ھېچ نېمىدىن خەۋەرسىز قېلىۋاتقان ھەربىر سائەت، مىنۇت، دەقىقىلەر ئۇلارنى ئازاپلاشقا يېتەرلىك ئىسكەنج ئىدى. بالىلارنىڭ گېلىدىن ھېچنەرسە ئۆتمەيتتى. ئۇ، تېزلا ماغدۇرسىزلىنىپ، يېقىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. بالىلىردىن ئۆتۈنۈپ، ئىسسىقراق بىر نەرسە يەۋېلىشقا زور لايتتى. ئەزىم ئەپەندى تۇتۇپ كېتىلگەندىن باشلاپ، ئۇلار قارلىق تۇتۇپ، تېلېۋىزورنى ئاچمىدى. رادىئونى ئاڭلىمىدى. ئۇنىڭسىزمۇ رادىئو، تېلېۋىزورلار ھۆكۈمەتنىڭ تەشۋىقاتىنىلا قىلىدىغان تۇرسا! ئۇلار قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ئولتۇرۇشتىن باشقىنى خالاشمايتتى. كوچىدا بىرەر شەپە ئاڭلانسىمۇ، بىرەر ماتورلۇق ئاۋاز ئاڭلانسىمۇ، دادىمىز كەلدىمىكىن- دېگەن ئۈمىتتىلا بولىشاتتى. باشقا ھېچنەرسە خۇشياقمايتتى. كۈنلەر شۇنداق ھورۇن، ئادەتتىكىدىنمۇ ئاستا ئۆتمەكتە. شۇنداق قىلىپ، مىڭبىر ئىنتىزارلىقتا كۈتۈلگەن شەنبىمۇ يېتىپ كەلدى.

# ئۈچىنچى باپ
## كۆرۈشۈشمۇ ياكى ۋىدالىشىشمۇ؟

ئەتتىگەن سائەت ئون ئىدى. ئۇ، قىزى نەجىبەنىڭ ھەمراھلىقىدا ۋە كەنجىسى قۇچاقتا يەنە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلارنى بىر نەپەر لېتنانت، يەنە بىر نەپەر ئەسكەر

مىنىستىرلىك بىناسىنىڭ يەر ئاستى قاماق خانىسىغا باشلاپ ئېلىپ چۈشۈۋاتاتتى پەلەمپەيدە يوقۇرىغا چىقىۋاتقان يۈزى قان تەپچىرەپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان قىزىل يۈزلۈك، پۇخراچە كىيىنگەن بىر سېمىز ئادەم، يەنە بىر نەپەر ئافغان ئوفىتسېر بىلەن يولۇقۇشتى. ھېلىقىلار ئۆز-ئارا رۇسچە بىر نېمىلەرنى دېيىشتى- دە ، ئۇلارغا كۆز قۇيرىقىدا غىل-پال تىكىلىپ ئۆتۈپ كېتىشتى. بىر كۆڭۈلسىز تۇيغۇ ئۇلارغا ئالدىن بىشارەت بەرمەكتە. يەر ئاستى قاماق خانىسىنىڭ قاراڭغۇ كارىدورىدا ئىككى قوراللىق ئەسكەر قاراۋۇللۇقتا تۇراتتى. ئەسكەرلەر ئۇلارنى ئېلىپ كېلىۋاتقان لېتنانتقا چاس بەرگەندىن كېيىن، سول ياقتىكى بىر ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىك ھەيۋەتلىك تاراقلاپ ئېچىلدى. كامېرنى سۇس لامپا يورۇقى خىرەن يورۇتۇپ تۇراتتى. ھېلىقى لېتنانت يان تەرەپكە ئۆتۈپ

ــ بۇ كامېرغا كىرىڭلار! بۇ يەردەيولدۇشىڭىز بار-دېدى ئۇنىڭغا رۇخسەت ئاھاڭىدا. ئۇلار كامېرغا كىرىشىگە سېسىق، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئايىنىتىدىغان، يېقىمسىز بىر پۇراق ئۇلارنىڭ دىماقلىرىغا ئۇرۇلدى. ئۇلار كىرىپ بولغىچە تاقەتسىزلەنگەن ئوفىتسېر كامېرنىڭ ئىشىكىنى سىرتتىن دەرھال تاقىۋەتتى. قاراڭغۇ كامېرغا كۆز كۆنگىچە خېلە ۋاقىت كېتەتتى. ئۇ غۇۋا قاراڭغۇ كامېردايولدۇشىنى ئىزدەپ، تىمىسقىلاپ ئەتراپقا قارايتتى.

ــ ئاپا! دادام ئاۋۇ يەردە ئىكەن-دېدى نەجىبە ئەنسىز ۋارقىراپ . ئۇ ، نەجىبە كۆرسەتكەن تەرەپكە سىنچىلاپ قارىدى ــدە، كامېرنىڭ نېرىقى بۇلۇڭىدىكى كارىۋاتتا ئولتۇرغانيولدۇشىنى كۆردى. ئەزىم ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇشقا، خوتۇن بالىلىرىنىڭ ئالدىغا كېلىشكە تىرىشتى-يۇ، بىراق كارىۋاتقا يىقىلدى. ئۇلار ئەزىم ئەپەندىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈشتى. ئەزىم ئەپەندى ئۇلارغا قولىنى ئۇزارتتى. ئۇ،يولدۇشىنىڭ يېنىغا كېلىپ تىزلاندى ۋە بىر ياشتىكى كەنجى

قىزنىيولدۇشىنىڭ باغرىغا باستى ۋە

— خۇدا ئۆزەڭ ساقلىغايسەن-دېدى ئۈمچەيگەن هالدا يولدۇشىنى يۆلەۋېتىپ. ئۇ ئەزىم ئەپەندىنىڭ قان داغلىرى قېتىشىپ كەتكەن يۈزلىرىنى سىلاپ، بىر هازاغىچە يىغلىۋەتتى. دەرۋەقەيولدۇشىنىڭ يۈزىدە ساق يەر كۆرۈنمەيتتى. لەۋلىرى ئىششىپ پولتىيىپ چىققان، باش-كۆزلىرىدە تۇخۇمدەك، ياڭاقتەك ئىشىق، يېرىق، تاياق زەربىسى، ئېغىر ئىسكەنجىگە ئېلىنغانلىقى كۆرۈلۈپ تۇراتتى. ئەزىم ئەپەندىنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتەن، بېشى سويغان پىيازدەك چۈشۈرۈۋېتىلگەن، بىچارە مۇڭلۇق هالىتىدىن ئاجايىپ ئېغىر خورلانغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ،يولدۇشىنىڭ ئېچىنىشلىق هالىتىنى كۆرۈپ قاتتىق ئازاپلاندى. ئۇنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ كېتىدىغاندەك  ئەلەم ئىچىدە تىپىرلايتتى.

— سېنى ئۇ هايۋانلار بەك قاتتىق ئۇرۇۋەتتىمۇ؟-دېدى ئۇ ئارانلا ئېغىز ئېچىپ بوغۇق ئاۋازدا.

— قايسى بىرىنى ئېيتاي، خۇداسىز، ئىمانسىز ئەبلەخلەر تاپىنىمغا سىم قامچا بىلەن قاتتىق ئۇرىۋەتكەن. پەقەتلا دەسسىيەلمەيمەن، ئورنۇمدىن تۇرالمايمەن - دېدى ئەزىم ئەپەندى دەرتلىنىپ. لېكىن ئۇنىڭ ئىششىپ كەتكەن، يېرىلىپ كەتكەن لەۋلىرىدىن چىقىۋاتقان سۆزلەرنى ئاڭقىرىش بەك قىيىن ئىدى.

— ۋاي خۇدايىم! نېمە ئۈچۈن، نېمە سەۋەپتىن؟- سورىدى ئۇ بېشىنى چايقاپ.

— ئۇلار مەندىن بىر نەرسىلەرنى بىلىشمەكچى — دېدى  ئەزىم ئەپەندى ئايالىغا تەپسىلەرەك سۆزلەپ بېرىش ئۈچۈن گەپ باشلاپ- شۇنداق، ئۇلار مېنى هېچ بولۇپ باقمىغان ئىشقا ئىقرار قىلدۇرماقچى. ئىككى نەپەر ئەسكەرلەر- هېلىقى ئىتنىڭ باللىرى يالغان ئىپادە بەرگەن ئىكەن. يەنى باغرامدىكى هەربى هاۋا ئائىرپورتىغا باندىتلار (مۇجاهىدلار) هۇجۇم قىلغان كېچىسى،

باندىتلار (مۇجاھىدلار) غا ئىمكانىيەت، پۇرسەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ھېلىقى ئىككى ئەسكەرنىڭ قاراۋۇللۇق ئورنىنى قەستەن ئالماشتۇرىۋەتكەنىكەنمەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پىلانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇپتىمىش. يەنە ئۇنىڭدىن باشقىمۇ يالغان، ئويدۇرما جىنايەتلەر مەسىلەن: بۇندىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى غەزنى شەرھىدىن قەندىھارغا كېتىۋاتقىنىمدا مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەرگە باندىتلار (مۇجاھىدلار) ھۇجۇم قىلغاندا، ئەسكەرلەرگە ئوق چىقىرىش بۇيرۇقىنى كېچىكتۈرگەنىكەنمەن، شۇنىڭ بىلەن باندىتلار ئەسكەرلەرنى خاتىرجەم ئوققا تۇتالىغانمىش....

ئاھ! يەنە نۇرغۇن تۆھمەتلەرنى چاپلاشتى: مەن ئوغلىمىز ماھمۇدنى ھەربى ئاكادېمىيىسىدىن يىراق تۇتقان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ باندىتلار سېپىگە قاچالايمىش، يەنە نۇرغۇن، يەنە نۇرغۇن!

ــ ئەزىم! سەن بۇ تۆھمەتلەرگە رەددىيە بەرمىدىڭمۇ؟ بۇ بۆھتانلارنى يالغان دېمىدىڭمۇ؟ـ دېدى ئۇ، ئىزتىراب ئىلكىدە جىددىيلىشىپ.

ــ ئاھ سىما ، دېمەمدىغان ـدېدى ئەزىم ئەپەندى تېخىمۇ تەپسىلى سۆزلەپ- دېمەمدىغان! لېكىن ئۇلار بىر ئېغىز گېپىمگىمۇ ئىشىنىشمەيدۇ. بولۇپمۇ، رۇس، ئۇ ئىككى قېتىملىق سوراقتا، ئىسكەنجىدە بار ئىدى. ھەرقېتىم ماڭا شۇنداق يەۋېتىدىغاندەك يامان كۆزى بىلەن سەت تىكىلدى. ئاشۇ رۇس بەك قاتتىق قوللۇق قىلىۋاتىدۇ. چۈنكى مۇجاھىدلار ھۇجۇم قىلغان چاغدا بىر قانچە رۇس ئەسكەرلىرىمۇ ئۆلتۈرۈلگەن ئىكەن. ئەلۋەتتە رۇس ماڭا ئۆچمەنلىك قىلىدۇ-دە، چۈنكى ئۇ، باشقىلارنىڭ يالغان چۈشەندۈرۈشلىرىگە ئىشەنگەن. ماڭا قارشى پىلانلىغان بارلىق يالغان، تۆھمەت، بۆھتان ۋە زىيانكەشلىكنىڭ ئارقىسىدا شۈبھىسىزكى، ئىككى ئادەم بار. ئۇلار بۈرۈنقى مېنىڭ دۈشمەنلىرىم. ھېچ بولمىغاندا ئىككىسىدىن بىرى جەزمەن بار. ئۇ ھازىر يۇقۇرى

ئورۇندىكى ھايۋانلاردىن! لېكىن ئىككىسىنىڭ قايسىسى ئىكەنلىكى ماڭا نامەلۇم. ھەر ئىككىلىسى بولۇشىمۇ ئېھتىمال.

— ئۇلار سەندىن نېمە كۈتىدۇ دادا؟-دېدى نەجىبە كۆزىدىن ئۈزۈلمەي تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتۈپ. ئەزىم ئەپەندى ھەسرەت ئىلكىدە چوڭقۇر ئۇھ تارتتى ۋە قىزىغا جاۋاپ بەردى

— ئۇلار شەرتسىزكى، مەن قىلغان «خائىنلىق» لارنىڭ ھەممىنى بىلمەكچى. يەنە كابۇل شەھرىدىكى ئەكسىل ئىنقىلاپچىلارنى ھىمايە قىلىدىغان، قانات ئاستىغا ئالغان كىشىلەرنىڭ ئىسىم ـ ـلىرىنى پاش قىلىشىم كېرەكمىش!

— بىراق، سەن ھېچنىمىنى بىلمىگەن تەقدىردە، يالغاندىن ئېيتىپ بېرەلمەيسەندە!-دېدى ئۇ،يولدۇشىنى بىر ئامال قىلىپ قۇتقۇزۇشقا چارە ئىزدەۋاتقاندەك.

— ئۇغۇ شۇنداق!-دېدى ئەزىم ئەپەندى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان ۋە خۇتۇن بالىلىرىغا ئېيتىشقا پېتىنالمايۋاتقان سىرلارنى تۆكۈشكە باشلاپ — شۇنداق ، بىز ياخشى بىلىمىز. لېكىن ئۇلار مېنىڭ بىر ئېغىز سۆزۈمگىمۇ ئىشەنمەيۋاتىدۇ. قانداق قىلاي؟ ئۇلار مېنى يەنە قىينايدۇ، تاكى مەن قانداقتۇر بىر يالغاننى توقۇپ، گۇناھسىز كىشىلەرنى نابۇت قىلمىغىچە قىيناشنى توختاتمايدۇ. ئاندىن ھەربى سوت ماڭا مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىدۇ. ياق! ياق. ئۇلار مېنى يالغان سۆزلىتەلمەيدۇ، تۆھمەتلىرىنى قوبۇل قىلدۇرالمايدۇ، مەن ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق ئۆلىمەن. مېنى ئامان قويۇشمايدۇ. لېكىن مەن گۇناھسىز كىشىلەرنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەيمەن!

— شەپقەتلىك ئىلاھىم! ھەي ئەزىم، پەقەت مۇشۇ ئۆلۈم دېگەن گەپنى ئاغزىڭغا ئالمىساڭچۇ! —دېدى ئۇ،يولدۇشىنىڭ قانسىراپ تۇرغان يۈزلىرىنى سىلاپ ۋە يەنە ئامال قىلىش توغرىسىدا سورىدى- بىز ساڭا ياردەم قىلىدىغان بىرەر كىشى بىلەن ئالاقە

قىلالمايمىزمۇ؟ مەسىلەن مىنىستىرلىكتە سەن بىلەن بىرگە ئىشلەيدىغان بىرەر دوستۇڭ؟

ــ ياق! ئۇلار ھەممىسى ئۆز بېشىغا كېلىدىغان بالادىن قورقىدۇ. بولدى سىلەر ئارتۇق ئاۋارە بولماڭلار! ماڭا پەقەت ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم ياردەم قىلالمايدۇ!-دېدى ئەزىم ئەپەندى ھەسرەتلىك تىنىپ ۋە قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى تىلى بىلەن تامچىپ يالايتتى. كېيىن ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى ــ ئوغۇللار تېز ئارىدا پاكىستاندىكى مۇجاھىدلارنىڭ يېنىغا قېچىپ كېتىشى كېرەك! بولمىسا ئۇلار تۈگىشىدۇ.

ــ سېنىڭ تەقدىرىڭ توغرىسىدا بىرەر قارار چىقىرىلغىچە كۈتمەسلىكى كېرەكمۇ؟ ــ پىچىرلىدى ئۈيولدۇشىدىن سوراپ.

ــ ياق، ياق. مېنى خوش قىلاي دېسەڭ، ئۇلارنى يولغا سېلىۋەت- دېدى ئەزىم ئەپەندى گەپنى كېسىپ. ئۈيولدۇشىنىڭ قاقشالدەك قۇرۇپ كەتكەن قوللىرىنى مۇلايىمغىنە سىلاپ تۇرۇپ

ــ سېنىڭ تېزراق قويۇپ بېرىلىشىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىمىز! مۇشۇيەردىن چىقىپلا ئۇدۇل ھەزرىتى شاد شەمشەر ۋەلىنىڭ مازىرىغا بېرىپ شام ياقىمەن! ساڭا ياردەم تىلەپ مازارغا تاشلىنىمەن! تاۋاپ قىلىمەن! ئاللاھدىن تىلەيمەن- دېدى ئۈ،يولدۇشىغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن. ئەزىم ئەپەندى مەڭزىنى ئۇنىڭ مەڭزىگە يېقىپ يىغلاپ كەتتى.يولدۇشىنىڭ كۆزىدىن قۇيۇلۇۋاتقان ياشلار ئۇنىڭ مەڭزىنى بويلاپ ئاقاتتى. ئەزىم ئەپەندى يەنە بىر قولى بىلەن قىزى نەجىبەنى باغرىغا باستى. بىر قانچە دەقىقە كامېردا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. دەل شۇ ئارىدا كامېرىنىڭ ئىشىكى تۇيۇقسىز گۈلدۈرلەپ ئېچىلىپ ھېلىقى لېيتېنانت كامېرغا كىرىپ كەلدى ۋە- بۇگۈن شۇنچىلىك! يېتەر ئەزىم ئەپەندى-دېدى قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ گېدەيگەن ھالدا. ئۈيولدۇشىنىڭ پېشانىسىدىن سۆيدى. نەجىبە دادىسىنىڭ قولىدىن سۆيمەكتە ئىدى. ئەزىم ئەپەندى ھەر

ئىككى قىزلىرىنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ سۆيەتتى. بىر ياشلىق كەنجى قىزى بۇدرۇققىنە قوللىرى بىلەن دادىسىنىڭ بوينىغا گېرە سېلىپ ئېسىلىۋالغان ئىدى. ئەزىم ئەپەندى يۇمران بوۋاقنى ئۆزىدىن مەجبۇرى ئاجرىتىپ ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى. ئۇلار ئېزىلگەن يۈرەكلىرى بىلەن ئامالسىز قايتىشقا بۇرۇلدى.

ــ ئۆيدىن ھەركۈنى تاماق ئەكىلىپ تۇرايلىمۇ؟ ـ سورىدى ئۇ بۇسۇغىدا توختاپ.

ــ ياق، رەخمەت. مۇھىم ئەمەس. ئۇنىڭسىزمۇ بىرەر نەرسە يىگۈچىلىكىم يوق- جاۋاپ بەردى ئەزىم ئەپەندى نۇرسىز كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئۈزمەي. ئۇ مىنىستىرلىك بېناسىنىڭ چىقىش ئىشىكىدە كېلەر قېتىم قايسى كۈنىيولدۇشىنى يوقلاشقا بولىدىغانلىقىنى لېتنانتتىن سورىدى.

ــ يەنە كېيىنكى شەنبە كۈنى ـدېدى لېتنانت قىسقىلا جاۋاپ قىلىپ. ئۇلار ئۇدۇل شاد شەمشەرۋەلى مازىرىغا باردى. ئۇ ئون تال شامغا ئوت ياقتى. مازارنىڭ ھۆرمىتىنى ۋەسىلە قىلىپ ئاللاھقا يالۋۇردى. ئۇ چارىسىز قالغان تۇتقۇنيولدۇشىغا مەدەت تىلىدى. ئاندىن كۆزلىرى قىيمىغان ھالدا ئۆيگە قايتىشتى.

## تۆتىنچى باپ
## نومۇس ھاياتتىن قىممەت

ئۇ ئېغىر چارچاپ كەتكەنلىكتىن ئورنىدىن تۇرغىدەك مادارى يوق ھالدا كېيىنكى ھەپتە شەنبە ئەتتىگەنگە ئۇلاشتى. ئۇ پۈتۈن ھەپتە بويى ئىشتىھاسىزلىق ۋە كۆز-يېشى بىلەن كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپ، بۈگۈننىڭ كېلىشىنى كۈتكەن ئىدى. بىراق، كۈتكەن

كۆنى يېتىپ كەلگەندە بولسا ئۇنىڭ كارىۋاتتىن چۈشەلىگۈدەك ماغدۇرى قالمىغان ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدەنلىرى بىردە تىكەنلىشىپ، بىردە ئۇتتەك قىزىپ، بېشى زىڭىلداپ، پۇت-قوللىرى لاغىلداپ، زادىلا ئەيۋەشكە كەلمەيتتى. قىسقىسى ئۇ، كېسەل كارىۋىتىغا بەنت قىلىندى. ئۇنىڭ نەجىبەنى دادىسىنىڭ يېنىغا يالغۇز ئېۋەرتىشتىن باشقا ئامالى قالمىغان ئىدى.

نەجىبە چۈشتىن ئاۋال ئۆي ئىشلىرىنى تەل-تۆكۈس تۈگەتتى. ئاندىن چۈشتىن كېيىن سائەت بىر بىلەن، ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ دادىسىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

سائەت تۆتلەردە نەجىبە ئۆيدە بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق قايتىپ كەلمىدى. نەجىبەنىڭ كېچىكىپ قېلىشى ئۇلارنى قاتتىق بىئارام قىلىشقا باشلىدى- « نەجىبەدەك گۆدەكلەرنى تۇتۇپ قاماپ قويۇشى ئېھتىماللىق ھادىسىمۇ ئەمەس! » بۇنداق خىياللار ئۇلارغا تەسەللى بولالمايتتى. « بىرەر قاتناش ھادىسىسىگە يولۇقۇپ قالغان بولسىچۇ!»-ياق، خۇدا ساخلىسۇن. ياكى بىرەر تونۇشلىرىمىزنىڭ-كىدە، ياكى بىرەر دوستىنىڭكىدە ئولتۇرۇپ قالغانمىدۇر!» مۇشۇنداق تەخمىنلەر ئۇلارغا ئۈمىت يورۇقى بەرسىمۇ، لېكىن تەسۋىرلەپ بولغۇسىز بىر قورقۇنچ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان ئىدى.

شۇنداق بىر ئالدىنى كۆرۈپ بولالىغۇسىز، ئۈمىت قاراڭغۇلۇقى ئاستىدا پۈكۈلىۋاتقان ، قورقۇنچ بارغانسېرى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان، ئۇلار قورقۇنچىلىرىنى يېڭىش ئۈچۈن تىنىمسىز تىرىشىۋاتقان بىر پەيتتە دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىغان بىر ماشىنا ئۇلارنىڭ خىياللىرىنى يورۇتۇۋەتتى.

ـ بۇ چوقۇم نەجىبە! تاكسى بىلەن كەلدى بولغاي، چاپ ئوغلۇم دەرۋازىنى ئاچ- دېدى ئۇ ئۈچ ياشتىكى كەنجى ئوغلى راتەبكە. راتەب

يۈگرەپ چىقىپ كېتىپ، هايال قالماي هالسىراپ- هۆمۈدەپ قايتىپ كىردى ۋە

ــ ئاپا ! ئاپا، نەجىبە ماشىنىدا ئولتۇرىدۇ، يىغلاۋاتىدۇ، بىر هەربى ئۇنىڭغا گەپ قىلىۋاتىدۇ- دېدى هودۇققىنىدىن كېكەچلەپ. كەنجى ئوغلىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلا-ئاڭلىمايلا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چاقماق سوققاندەك بىر غەلىتە سېزىم لەرزىگە سالدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدەنلىرى ئىختىيارسىز جالاقلاپ تىترەيتتى هەمدە بىرياقتىن « دادىسى ئېغىر ئىسكەنجىگە يولۇقمىغاندۇر، بىرەر خېيىم-خەتەرگە دۇچار بولمىغاندۇر » دېگەندەك تىلەكلىرمۇ ئۇنى بەزلەيتتى.

ــ ياكى دادامغا بىر ئىش بولغانمىدۇر!-دېدى ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ماهمۇد كۆزلىرى چەكچەيگەن هالدا.

ئۇ پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، ئەڭ ئاخىرقى ماغدۇرى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، راتەب بىلەن دەرۋازىغا باردى. ئۇنىڭ ئىككى چوڭ ئوغۇللىرى، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ مۆكۈنۈش ئۇياقتا قېلىپ، ئاپىسىدىن ئەگىشىپ دەرۋازىنىڭ كەينىگە ئۆتۈشتى ۋە نېمە بولغانلىغىنى ئاڭلىماقچى بولۇشۇپ قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇشتى.

ئۇ بۇسۇغىغا كېلىشى بىلەنلا يۈزلىرى تاتارغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان هالدا نەجىبە ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇغىدىن سەكرىگىنىچە ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى توساپ يۈگرەپ كېلىپ ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلدى

ــ جېنىم ئاپا! ئاۋۇ تۇڭگۇزلار مېنى ئاياق ئاستى قىلدى! دېدى- دە، ئازاپلىق نالە- پەرياد قىلىشقا باشلىدى.

- كىم؟ كىم ئۇ - دەپ توۋلايتتى ئۇ خۇدىنى يوقاتقان هالدا.

- ئاۋۇ ماشىنىدا ئولتۇرغان ئىتنىڭ بالىلىرى.

- بىزقىزىڭغا نېمە بولغانلىقىنى بىلمىدۇق . ئۇ ئاپتوبۇس بېكىتىدە يىغلاپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇنى پەقەت مۇشۇ يەرگىچە

ئەكىلىپ قويدۇق شۇ ـ دېدى مۇئاۋىن ئوفىتسېر ۋە مەسخىرىلىك كۈلگىنىچە ئۇلارغا يېقىنلاپ كېلىپ بىر قەدەمچە نېرىدا توختىدى. ئۇنىڭ نەپەسلىرىدىن سېسىق هاراق پۇرىقى ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ئۇلار بىر قانچە قەدەم كەينىگە چېكىندى. دەهشەتلىك قورقۇنچتىن ئۇنىڭ تىلى زۇۋانغىمۇ كەلمەيتتى. ئۇ قىزى نەجىبەنىڭ يەلكىسىنى سىلاپ، باغرىغا باستى. ئۇلار مۇئاۋىن ئوفىتسېرنىڭ هايۋان تەلەتىنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن بۇرۇلۇپ، ئۆي تەرەپكە مېڭىشتى. ئۇ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئاچماقچى بولۇپ قولىنى ئۇزارتىشىغا، توساتتىن ئىشىك ئېچىلىپ، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ماهمۇد سىرتتىقا ئېتىلدى. ماهمۇدنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى. قولىدا بىر دانە ئاي پالتىمۇ باتتى. ماهمۇد كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئىككى سەكرەپ كوچىغا چىقتى ـ دە، ئاي پالتىنى ئىككى قوللاپ مەهكەم تۇتقىنىچە بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئەمدىلا ماشىنىغا چىققىلى تەمشىلىۋاتقان هېلىقى مۇئاۋىن ئوفىتسېرنىڭ قاق سىرتىغا توغۇرلاپ، تولۇپ تاشقان غەزەپ كۈچى بىلەن بىرنى ئۇردى. ئاي پالتا قاسساپ پىچىغىدىنمۇ كەسكۈر بولۇپ، مۇئاۋىن ئوفىتسېرنىڭ سىرتىنى ئىككىگە بۆلۈپ، ئىچىگىلا كىرىپ توختىدى. نائەهلى هايۋان قاتتىق بىرنى چىرقىراپ، ئۆزى ئولتۇرماقچى بولغان شوپۇرنىڭ يېنىدىكى ئورۇنغا دۈم چۈشتى. دە، ماشىنىنىڭ سىرتىدا قالغان پۇتلىرى جان تالىشىۋاتقان، چالا ئۆلۈك ئىشتىنىڭ پاچىقىدەك سىلكىنىپ تېپىچەكلەيتتى. ماهمۇد ئاي پالتىنى تارتىپ ئېلىپ پۇخادىن چىققۇچە ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ تۇرۇپ غەزەپ بىلەن يەنە بىر قانچە قېتىم چاندى . دەل شۇ پەيتتە، شوپۇر بىلەن بىرگە يەنە بىر مۇئاۋىن ئوفىتسېر ماشىنىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئايلىنىپ كېلىپ، ماهمۇدنىڭ غولىغا تاپانچىنىڭ سېپى بىلەن بىر قانچىنى ئۇرۇۋەتتى. ماهمۇد قاۋۇل بىر يىگىت بولغاچقا، تاياققا بوي

بەرمەستىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى- دە، تۆۋەنكى كوچا تەرەپكە قاراپ قويۇپ ئۆچتى. بىراق ھېلىقى مۇئاۋىن ئوفىتسېر ئاگاھلاندۇرۇشمۇ قىلماستىن، ماھمۇدقا قارىتىپ ئوق ئۈزدى. ئوق ئۇنىڭ سول بىلىكىگە تەگكەندە، ئۇ تېخى يىگىرمە قەدەمچە ئىلگىرىلىگەن ئىدى. ئىككىنچى پاي ئوق ماھمۇدنىڭ دولىسىغا تەگدى! ئۇ ئوڭ قولى بىلەن ئوق تەككەن يەرنى قامالالاپ، گوياكى رەھىمسىز ئوۋچىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، جان- جەھلى بىلەن تىپىرلاۋاتقان يارىلانغان كېيىكتەك، ئەڭ ئاخىرقى كۈچى بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيتتى . ئەمما ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا جان زەخمىسى بولۇپ قادالغان ئوق ئۇنىڭ ياشلىق كۈچىدىن غالىپ ئىدى.

ماھمۇد بىر قانچە قېتىم سەنتۈرۈلۈپ يەنە تىك تۇردى!

ماھمۇد قەددىنى كۆتۈرۈپ تىك تۇتتى!

ماھمۇد گوياكى غولىدىن كېسىۋېتىلگەن يوغان چىناردەك يۈزىچە يەرگە يىقىلدى!

ماھمۇد ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئۆزى ئويناپ چوڭ بولغان كوچىسىغا يۈزىنى يېقىپ سۈرىنەتتى!

ئاھ ، ماھمۇد!

دۈشمەن ئاتقان ئوق ئوغلىنىڭ ۋۇجۇدىغا ئەمەس، ئەكسىچە ئۇنىڭ يۈرىكىگە تەككەن ئىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، پۈتۈن ئالەم تەتۈرگە ئايلانماقتا. ئۇ يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن، دەرۋازىنىڭ كېشىگىنى مەھكەم تۇتۇپ يۆلەندى-دە، خۇدىنى يوقاتقاندەك بىر قانچە دەقىقە تېڭىرقاپ قالدى. ئۇنى ئۈچ ياشلىق كەنجى ئوغلى راتەبنىڭ قاتتىق چىرقىراپ يىغلىشى ئۆزىگە قايتۇرغان ئىدى. راتەب قاتتىق قورقىنىدىن ئۇنىڭ كۆينىكىگە مەھكەم ئېسىلىپ تاقىلداپ سەكرەيتتى. ئۇ ئاكىسىنىڭ گەۋدىسىگە تاشلىنىپ، نالە-زار قىلىۋاتقان ناتىۋان قىزى نەجىبەنى

كۆردى. ماھمۇدقا ئوق ئۆزگەن ھېلىقى لېتنانت دەرھال بۇرۇلۇپ، چالا ئۆلۈك، قان ئىچىدە ياتقان سەبدېشىنىڭ دۈمبىسىدىكى ئاي پالتىنى ئاۋايلاپ سۇغاردى-دە، ئۇنىڭ جانسىز پۇتلىرىنى ماشىنىغا ئېلىپ، ئىشىكنى ئەتكەندىن كېيىن ئۆزى رولغا ئۆتۈپ ماشىنىنى ھەيدەپ، ماھمۇدنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. شۇ ئارىدا يەنە بىر ئەسكەر ماشىنىسى كېلىپ توختىدى ۋە بىر ئەسكەر ماشىنىدىن دەرھال سەكرەپ چۈشۈپ لېتنانتتىن سورىدى

ــ لېتنانت ئەپەندىم، نېمە ۋەقە يۈز بەردى؟

ــ مەن بىر دۈشمەننى يوقاتتىم! ماڭا ياردەملەش. بۇ باندىتنى ماشىنىغا تاشلايمىز- دېدى ئۇ، ھوشسىز ياتقان ماھمۇدقا تاپانچىسىنى تەڭلىگەن ھالدا ئەسكەرگە بۇيرۇق بېرىپ. ماھمۇدنىڭ تامامەن ھالىدىن كەتكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن تاپانچىسىنى غىلاپقا سالدى.

ــ ماۋۇ نېجىس دۈشمەننى ماشىنىغا باس! - دېدى لېتنانت ھېلىقى ئەسكەرگە ۋارقىراپ . ئۇ ئىككىسى بىرلىكتە ماھمۇدنىڭ قانغا مىلەنگەن كۆيىنىكىدىن تۇتۇپ سۆرىگىنىچە ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىغا تاشلىدى. ئۇ ئوغلىغا قىلىنىۋاتقان بۇ زۇلۇمغا تاقەت قىلالمايتتى. ئۇ ئەسكەرنىڭ ئالدىغا يۈگرەپ بېرىپ ئۆتۈندىــ

ماڭا رۇخسەت قىلىڭ! ئوغلۇم بىلەن بىرگە بارىمەن!

ــ ماشىنىغا چىق! مۇنۇ باندىتنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ سەنمۇ ھەربى دوختۇرخانىسىغىچە بىرگە بار!- دېدى لېتنانت ھېلىقى ئەسكەرگە بۇيرۇق قىلىپ. ئۆزى رولغا ئۆتتى. ئۇ لېتنانتنىڭ بىلىكىگە ئېسىلىپ ئوغلى بىلەن بىرگە بېرىشنى تەلەپ قىلىپ يالۋۇردى. بىراق لېتنانت ھايۋانىي قىياپەتتە ئۇنىڭ قولىنى سىلكىپ ئىتتىرىۋېتىپ ماشىنىنىڭ ئىشىكنى ئەتتى-دە، دەرھال قوزغاپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئەقلىدىن ئادىشىپ قالغان مەجروھلاردەك ۋارقىراپ، ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرەيتتى.

يۈگۈرەشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن! ئۇ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۆزىنى ئېتىپ نالە قىلىشقا باشلىدى. ئۇ چاچلىرىنى يۇلۇپ، باش-كۆزلىرىگە شاپىلاقلاپ زارلىناتتى. ئۇ، قان-ياشقا تولغان، ئۈمىتسىز كۆزلىرىنى يىراقلاپ كېتىۋاتقان ھەربى ماشىنىسىغا- ئوغلىنى ئېلىپ كېتىۋاتقان دۈشمەننىڭ ماشىنىسىغا- ئۇنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ كېتىۋاتقان ئالۋاستىلارنىڭ ماشىنىسىغا تىكەتتى . چاڭ-توزاننىڭ ئىچىدە كۆزدىن غايىپ بولغانغا قەدەر ماشىنىدىن كۆز ئۈزمىدى. نەجىبە چاچلىرىنى يۇلۇپ، ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ زارلىناتتى.

باياتىن ئەسكەرلەردىن قورقۇپ ھويلىلىرىدىن چىقالمىغان بىر قانچە ئايال قوشنىلار ئۇلارنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى. قوشنىلارنىڭ بىرلىرى ئۇنى، بىرلىرى نەجىبەنى يۆلەشتۈرۈپ، يېتىلەپ ئۆيگە ئېلىپ كىرىشتى. ئۇ دەرھال پەلتوسىنى كېيىپ، ئالدىراش سىرتقا چىقتى-دە، تاكسىغا ئولتۇرۇپ، ھەربى دوختۇرخانىسىغا يېتىپ كەلدى. نەجىبە باسقۇنچىلىقتا ئۆچرىغان دەھشەتلىك قورقۇنچتىكى ھالىتىگە قارىماي، ھېلىقى دادىسى بىلەن خىزمەتداش ئوفىتسېرنىڭ ئۆيىگە چاپتى.

ئۇ ھەربى دوختۇرخانىسىغا يېتىپ كېلىپ، ھەر تەرەپنى ئايلىنىپ ئاران دېگەندە ئوغلى ماھمۇدنىڭ مۇشۇ دوختۇرخانىغا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلدى. باياتىن ئۇ، ئوغلىنىڭ ئىز-دېرىكىنى سورىغان ھېلىقى ھەمشىرە كېلىپ

- ئوغلىڭىز مۇشۇ دوختۇرخانىدا. ئۇنىڭ ئەھۋالى ئېغىر. ئەتە ئوپېراتسىيە قىلىنىشى كېرەك. دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە سىز ئوغلىڭىزنى بۈگۈن كۆرەلمەيدىكەنسىز! ئەتە كېلىڭ. ئوغلىڭىز توغرۇلۇق ئېيتىدىغانلىرىم شۇنچىلىك. مەن قايتىشىم كېرەك! قولۇمدا يېتىپ ئاشقىچە ئىشىم بار.- دېدى-دە، دەرھال بۇرۇلدى.

– سىڭلىم! دوختۇر بىلەن ئىككى ئېغىز گەپلىشۋالسام

بولاتتى!

ــ ياق! دوختۇرنىڭ ۋاقتى يوق!

ئۈمىتسىزلىك، سەبىرسىزلىك، ئوغلىنىڭ ھالىدىن قايغۇرۇش ئۇنىڭ نېرىپلىرىنى تىترىتىپ، ماغدۇرسىز ۋۇجۇدىنى تېخىمۇ بەتتەرلەشتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ بېشى قاياتتى. ئۇ كارىدوردىكى ئورۇندۇققا ئارانلا يېتىشتى-دە، ھازا تۇتۇپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ قانچە ئۇزۇن ۋاقىت يىغلىغىنىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ دوختۇرخانىدىن ئايرىلىپ، تاكسى بىلەن ئۆيىگە قايتىشىدا قاراڭغۇ چۈشۈپ، كوچىدا ئادەممۇ قالمىغان ئىدى.

ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ نەجىبەدىن بىلدىكى، ھېلىقى ئوفىتسېرمۇ ئۇنىڭ ئوغلى ئۈچۈن بىرەر ياردەمدە بولالمايدىكەن. چۈنكى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى « بۇ ئائىلە پۈتۈنلەي باندىت( مۇجاھىد)لارغا چېتىشلىق » دەپ بېكىتكەن ئىكەن.

ــ توغرا! ئۇ ھەقلىق. ئۇنىڭمۇ ئائىلىسى بار، بالىلىرى بار. ئۇ ئائىلىسىنى ئويلايدۇ. بۇ تەرىپى چۈشىنىشلىك. شۇڭا بىز ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىشىمىز كېرەك- دېدى ئۇ، ئۆز- ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ. ئاندىن نەجىبەنىڭ بېشىغا كەلگەن خورلۇقلار توغرىسىدا سورىدى:

ــ جېنىم قىزىم، داداڭنى كۆرەلىدىڭمۇ؟ سەن قانداقلارچە بۇ مەلئۇن، نومۇسسىز، توگخۆزلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىڭ؟

ئاپىسىنىڭ ھەم خاپا، ھەم ئەيىپلەش تەرىقىسىدىكى قىياپىتىنى كۆرگەن نەجىبە، ئەھۋالنى تەپسىلى سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ مەن سائەت ئۈچكە ئاز قالغاندا مۇداپىئە مىنىستىرلىكىگە بارغان ئىدىم. ئۇ يەردىكىلەر دادامنى پولە چەرخى تۈرمىسىگە يۆتكىگەنلىكىنى ئېيتتى. ھەم بۇ قېتىمدىن باشقا ئۇنى قايتا كۆرەلمەيدىغانلىقىمنىمۇ بىلدۈرۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ئاپتوبۇس بېكىتىگە كېلىپ ساخلاۋاتقىنىمدا، ھېلىقى ئىككى ھايۋان جىپ

ماشىنا بىلەن كەلدى. بىرى ئىشىكنى ئېچىپ سورىدى.
ــ سەن ئەزىم ئەپەندىنىڭ قىزىغۇ، داداڭنى كۆرگىلى پولە چەرخى تۈرمىسىگە بارامسەن؟
مەن بارىدىغانلىقىمنى دېدىم. چۈنكى ئۇلارنىڭ بىرىنى تونۇيتتىم. بىر قېتىم دادام بىلەن بىرگە بازاردا كېتىۋېتىپ ئۇچراشقان. ھەر ئىككىسىلا دوستانە سالام بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا ئىشىنىپتىمەن .
ــ ھە! كېيىن قانداق بولدى ؟. ئۇ تاقەتسىزلىنىپ قىزىدىن سورىدى.
ــ ھېلىقى ئەسكەر مۇنداق دېدى: بىزمۇ پولە چەرخىغا بارىمىز. بىز بىلەن بىرگە بارساڭ بولىدۇ. بۇ يەردە ئاپتوبۇسنى كۈتۈپ ئولتۇرساڭ، بەك كەچ قالىسەن، ئۇ يەرگە بارغىنىڭدا، قاراڭغۇ چۈشىدۇ. ماشىنىغا ئولتۇر. بىز ساڭا ياردەم قىلماقچى، قىسقىسى ئەزىم ئەپەندى بىزنىڭ دوستىمىز .
مەن بىر ئاز ئىككىلەنگەندىن كېيىن ئويلاندىمكى، ئۆزەممۇ بەك جىددىلىشىپ قالغان، ۋاقىتمۇ راستىنلا قىستاپ قالغان ئىدى. شۇڭا ماشىنىغا چىقىپ، ئارقا ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم. ماشىنىنى پولە چەرخى تەرەپكە ماڭىدىغان يولدىن تار بىر ئېتىز يولىغا قايدۇرۇپ . مۇشۇنداق ئايلىنىپ ئۆتىمىز. دېيىشتى . لېكىن تار يول بىلەن دائىم ئىلگىرىلەپ مېڭىۋەرگەنلىكى ئۈچۈن، مەن قاتتىق قورقۇشقا باشلىدىم. قورقۇنچتىن پۈتۈن بەدەنلىرىم تىترەيتتى.
ــ توختاش! مەن مۇشۇ يەردە چۈشىمەن. دەپ ۋارقىرىدىم. شوپۇر ماشىنىنى ئاستىلاتتى . ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان، ھېلىقى چاغدا دادام بىلەن بىرگە كېتىۋېتىپ ئۇچراشقان ھايۋان ئارقا ئورۇندۇققا ئۆتۈپ مېنى مەھكەم تۇتۇۋالدى. شوپۇر ماشىنىنى توختۇتۇپ، ئۈستۈمگە ئۆزىنى ئاتتى. يېقىن ئەتراپتىكى ئېتىزلىقتا ئىككى دېھقان ئىشلەۋاتاتتى. ئۇلار ئاۋازىمنى ئاڭلىسا، يۈگرەپ كېلىپ

مېنى قۇتۇلدۇرىدۇ-دەپ، ئۈمىت قىلىپ جېنىمنىڭ بارىچە ۋارقىرىدىم. بىراق ئۇ دېھقانلار ئەسكەر ماشىنىسىنى كۆرۈپ، رۇسلار بولسا كېرەك- دەپ، ئويلىدىمىكىن ئۆركۈپ قاچقان ھايۋانلاردەك قېچىشىپ، ساتمىلىرىغا مۆكۈنۇۋېلىشتى. مەن پۇت-قوللىرىم بىلەن قارشىلىق كۆرسۈتۈپ، ئۆزەمنى قوغدىدىم. تاتىلىدىم. لېكىن نېجىس ھايۋانلار مېنى مەھكەم بېسىۋېلىپ نۆۋەتلىشىپ نومۇسۇمغا تەگدى.

نەجىبە ئەلەملىك يىغلاپ تۇرۇپ قوللىرى بىلەن يۈزىنى توساپ ، بولغان ئەھۋاللارنى ئاپىسىغا بايان قىلدى. نەجىبەنىڭ يۈزلىرى دەرت- ئەلەم، نومۇس، خورلۇقتىن كاۋاپ بولۇپ ياناتتى.

ئۇنىڭ ۋۇجۇدى چوغقا باسقاندەك كۆيەتتى. ئۇ غەزەپتىن ئۆرتىنەتتى. نومۇسلۇق، ئەخلاقلىق ئافغان خەلقىنى ئازغىنە ۋاقىتتا ھايۋانغا، خۇداسىز كوممۇنىستقا ئايلاندۇرىۋاتقان رۇسلارغا نەپرەت ياغدۇراتتى.

– ماھمۇد ئاكامنىڭ قىلغىنى توغرا بولۇپتۇ. ئەگەر مېنىڭ كۈچۈم يەتكەن بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى ئالدى بىلەن ئاختا قىلىۋېتىپ، ئاندىن قىيما-قىيما قىلىغان بولاتتىم- دەيتتى ئۇنىڭ ئون تۆرت ياشتىكى ئىككىنچى ئوغلى رەھىم، تولۇپ تاشقان غەزەپ بىلەن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

ئۇ تاھارەت ئېلىپ، جايىنامازنى قىبلىگە رۇسلاپ سالغاندىن كېيىن ئاللاھقا تېۋىنىپ يالۋۇرۇشكە باشلىدى - ئاللاھىم! ئوغلۇم ماھمۇدنى ھايات ساقلىغىن! باللىرىمنىڭ دادىسىنى بارلىق خېيىم- خەتەردىن قۇتقۇزۇپ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ ساق-سالامەت ئۆيگە قايتىپ كېلىشىگە ياردەم قىل!

ئۇنىڭ تۇيۇقسىز ۋە دەھشەتلىك زۇلۇم ئىلكىدە يولدۇشىدىن، ئوغلىدىن ئايرىلىشى، باشقا باللىرىغىمۇ بىرەر خېيىم-خەتەرنىڭ يېتىپ قېلىش قورقۇنچىسىنى ئاشۇرماقتا ئىدى. كېچىدە

بالىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز يېنىغا توپلىدى. ئۇلار زال ئۆيدە يەرگە ئورۇن رۇسلاپ يېتىشتى. لېكىن ئۇ قانداقمۇ ئۇخلىيالىسۇن! ھەر چارەك سائەتتە بىر قېتىم دېگۈدەك بالىلىرىنى بىر بىرلەپ تۇتۇپ باقاتتى. ئۇ بېشىغا كەلگەن كۆلپەتلەر قورقۇنچىسىدىن، زادىلا ئەسلىگە كېلەلمەيتتى. يەنە بىر بالامنىمۇيوقۇتۇپ قويارمەنمۇ- دېگەن قورقۇنچ ئۇنىڭغا ئۇيقۇ بەرمەيتتى.

# بەشىنچى باب
## شوم خەۋەر

كېيىنكى كۈنى ئەتتىگەن نەجىبەنى دادىسىنى يوقلاش ئۈچۈن پولە چەرخىغا ماڭدۇردى. چۈشتىن كېيىن ئۇ ئۆزى ھەربى دوختۇرخانىسىغا باردى. لېكىن ئوغلىنىڭ قەيەردىن تېپىـ- لىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئاخىرى ئۇ، ئۈچۈرخانىدىكى خىزمەتچى ئايال بىلەن تاكاللىشىپ قالدى:

ــ مەن زادىلا چۈشىنەلمىدىم، تونۇگۈن مۇشۇ ئۈچۈر خانىدىكى بىر خىزمەتچى ئايال ئوغلۇمنىڭ مۇشۇ دوختۇرخانىدا ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئوپىراتسىيە قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنى كۆرۈشكە بۈگۈن چۈشتىن كېيىن كېلىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتقان ئىدى. ئەمدى بولسا ئوغلۇمنى ھېچكىم بىلمەيدىغان، ھېچكىم كۆرمىگەن بولۇشتى. بۇ ھەقتە بىرەر چۈشەندۈرۈش بېرىلمەمدۇ؟

ــ مەن سىزگە ئېيتتىمغۇ، تونۇگۈن ئۇقۇشماسلىق بولۇپتۇ ــ دەپ . ئوغلىڭىز بۇيەردىن تېپىلمىدى. ئۇ يىگنە ئەمەس يەرگە چۈشۈپ يوقاپ كېتىدىغان. بۇندىن باشقا يەنە قانداق چۈشەندۈرۈش بېرىلەتتى! شۇنداق، مەرھەمەت قىلىپ بۇيەردىن كېتىۋېلىڭ ۋە

باشقا زىيارەتچىلەرگە يولنى بوشىتىڭ- دېدى ئۇچۇر خانىدىكى خىزمەتچى ئايال ئۇنىڭغا توڭ تىكىپ.

ئۇ ئوغلى توغرۇلۇق ھېچقانداق ياردەمگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن ئارقىغا چېكىندى. بىردەم ھاردۇق ئېلىۋېلىپ، ئوغلىنى ئىزدەش ئۈچۈن كارىدوردىكى كۈتۈش ئورۇندۇقىدا ئولتۇردى. شۇ ئەسنادا ئۇ بىر قانچە قەدەم نېرىراقتا، كارىدورنىڭ سول يېقىدىكى بىر بۆلۈمنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئاق خالاتلىق بىر ئادەمنىڭ كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى-دە، دەرھال يۈگرەپ بېرىپ ئىشىكنى كۈچەپ ئىتتەردى. ئىشىك تېز ئېچىلىپ بېرىپ تامغا قاتتىق ئۇرۇلۇپ توختىدى.

— دوختۇر ئەپەندىم، ئۆتۈنۈپ قالاي ماڭا ياردەم قىلىڭ! مەن يارىلانغان ئوغلۇمنى ئىزدەيتتىم- دېدى ئۇ ھولۇقۇپ تۇرۇپ، يېزىق ئۈستىلىدە ئەمدىلا ئولتۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقان ھېلىقى ئاق خالاتلىق ئادەمگە يالۋۇرۇپ.

— ئانا، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىپ، ئاستاراق سۆزلەڭ. ئوغلىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى؟-دېدى دوختۇر تەمكىن بىر قىياپەتتە.

ئۇ ئوغلىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ، تۆنۈگۈن بولۇپ ئۆتكەن ھادىسىلەرنى قىسقىچە چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئوغلىنىڭ مۇشۇ دوختۇرخانىدا ئىكەنلىكىنى تۆنۈگۈن ئاڭلىغانلىقىنىمۇ دېدى. دوختۇر تېلېفوننىڭ تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ سىرتتا ساقلاپ تۇرۇشىنى ئۆتۈندى. ئۇ نارازى ھالدا بۆلۈمدىن سىرتقا چىقتى- دە، بىرەر ياخشى خەۋەر ئاڭلاشنى سەبىرسىزلىق بىلەن كۈتتى. تەخمىنەن ئون مىنۇتتىن كېيىن ھېلىقى دوختۇر ئىشىكنى ئېچىپ بوسۇغىدا تۇرۇپلا-

— ئانا مەن شۇنداق ئاڭلىدىم، ئوغلىڭىز ئەكسىل ئىنقىلابچى باندىتلاردىن ئىكەن، سىز ئۇنى تۈرمىدىن ئىزدىسىڭىز بولغىدەك- دېدى .

ــ لېكىن، لېكىن ئو ئوغلۇم يارىلانغان، دېدى ئۇ ھاياجاندىن ئۆزىنى تۇتالماي دۇدۇقلاپ .
ــ غەم قىلماڭ، ئوغلىڭىزنى تۇرمە دوختۇرى ئوپېراتسىيە قىلىدۇ.
ــ دوختۇر ئەپەندىم، ئوغلۇمنى قايسى تۇرمىگە قامىغاندۇر؟
ــ بىزمۇ بىلمەيمىز، ئەڭ ياخشىسى، ئەھۋالنى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى جىنايى ئىشلار ساقچى بۆلۈمى خ ئا د گە مەلۇم قىلىڭ.

دوختۇر سۆزىنى تۈگىتە، تۇگەتمەيلا ئارقىغا چېكىنىپ ئىشىكنى ئۇنىڭ يۈزىگە ياپتى. ئۇ ئەقلىدىن ئادىشىپ قالغان كىشىدەك دوختۇرخانىدىن تېنەپ-تەمتىرەپ سىرتقا يۈگۈردى ۋە دەرھال بىر تاكسىغا ئولتۇرۇپ، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە باردى. ئۇ، مىنىستىرلىك بىناسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىپ، تاكسىدىن چۈشكىنىدە سائەت تۆتكە ئاز قالغان ئىدى.

ــ كەچ بولۇپ كەتتى. بۇ يەردە ھېچكىم يوق ئانا. ئەتە كېلىڭ- دېدى قاراۋۇللۇقتىكى ئىككى ئەسكەرنىڭ بىرى غۇلاچلىرىنى كەڭ يايغىنىچە ئۇنىڭ ئالدىنى توساپ . گەرچە جىنايى ئىشلار ساقچى مەركىزى سائەت قانچىگىچە ئىشلىشى كېرەكلىكى ئۇنىڭغا مەلۇم بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە ئىگىلىگەن تەجرىبىگە قارىغاندا، ئەسكەرلەردىن يەنە سوراۋېرىش تازا بىر مەناسىزلىق ئىدى. شۇڭا بۇيەردە كىچىككىنە بولسىمۇ بىرەر نەتىجە چىقىشقا ئۇنىڭ كۆزى يەتمىدى. باشقا تۇرمىلەرگە بېرىشقىمۇ ۋاقىت كەچ بولۇپ قالغان ئىدى.

ئۇ كىشىلەرنىڭ « ئەتە كېلىڭ، ئۇ ياققا بېرىڭ، بۇ ياققا كېلىڭ» دېگەندەك سۆزلىرىگە ئالدىنىپ ھالىدىن كەتكەن ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىشىگە نەجىبە بىلەن راتەب ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشۈپ كېلىشتى.

ــ ئاپا، ماھمۇدنى كۆردۇڭمۇ ؟- سورىدى نەجىبە تاقەتسىزلىنىپ.

— داداڭنى كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى ئۇ سوئالغا جاۋابەن ۋە - خۇداسىزلار ئاكاڭنى قەيەرلەردىدۇر بىر تۈرمىگە يۆتكەپ كېتىپتۇ. دوختۇرخانىدا يوقكەن- دەپ ئۆزىنىڭ نەتىجىسىز قايتقانلىقىنى ئېيتتى.

— دادامنى پۈتۈن كۈن، ھەممە تۈرمىلەردىن ئىزدىدىم. لېكىن ھېچيەردە دېرىكى يوق،- دېدى نەجىبە ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىپ.

— ھەر ئىككىسىنىڭ ھاياتلىقى ئۈچۈن ئاللاھتىن تىلەشتىن باشقا ئامالىمىز يوق-دېدى ئۇ قىزىغا تەسەللى بېرىپ.

— كاشكى ھېچ بولمىغاندا ئۇلارنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولساق-دېدى نەجىبە ئۆكۈنۈپ.

— ئەپسۇس، مۇشۇ ئارزۇ بىلەن ئەتىگىچە قىينىلىمىز- دېدى ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىغىچە مادارى يەتمەستىن ئايۋان سۇپىسىدىكى پەلەمپەيدە ئولتۇرۇپ قالدى.

ئۇ ئارقا ھويلىدىكى كىچىك باغچىنىڭ كۆكتاتلىغىدىن ئوت-ياش يىغىپ، باللىرىغا تاماق ئېتىپ بېرىش ئۈچۈن كەچ سائەت يەتتەلەردە ئاشخانىدا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. شۇ ئارىدا دەرۋازا يېنىك قېقىلدى. ئۇنىڭ ئون تۆت ياشلىق ئوغلى رەھىم ئۆگزىدىكى بالىخانىغا مۆكۈنۈش ئۈچۈن باغچە ئارقىلىق چاپتى. ئۇ نەجىبەنى دەرۋازىغا قاراپ بېقىشقا بۇيرىدى. ھايال ئۆتمەي ھېلىقى ئوفتسېرنىڭ ئايالى خالىدەنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. نەجىبە بىلەن خالىدە دالان ئۆيگە كىرىۋاتقىنىدا ئۇمۇ ئاشخانىدىن چىقىپ، دالان ئۆيگە يۈگۈردى. ئۇلار سالاملاشقاندىن كېيىن ئۇ خالىدە نى دىۋانغا تەكلىپ قىلىۋېتىپ، خالىدەنىڭ يۈزىدىكى ئېغىر مۇسىبەت قايغۇلىرىنى بايقاپ قالدى. ئۇ قاتتىق ئەندىشە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بىرەر ۋەقە يۈزبەرگەنلىكىنى سوراشتىن ئاۋال، چاي، قەھۋە دەملەشنى ئېيتتى.

— ياق، رەخمەت سىما. بوغۇزۇمدىن ھېچنەرسە ئۆتمەيدۇ. يېنىمغا

كېلىپ ئۆلتۈر- دېدى خالىدە يىغلامسىراپ. ئۇ خالىدەنىڭ يېنىغا كېلىپ دىۋاندا ئولتۇردى . ئائىلىچە رە ھەممۇ دالانغا قايتىپ كىردى.

- بالىلىرىمنىڭ دادىسى مېنى بۇ يەرگە ئەۋەتتى. مەن سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن شۇم خەۋەر بىزنىمۇ ئېغىر قايغۇلاندۇردى - دېدى خالىدە ئارانلا ۋە دۇدۇقلاپ توختاپ قالدى. خالىدە ئېلىپ كەلگەن بۇ شۇم خەۋەرنىڭ نەقەدەر قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى ئۇ ھېس قىلىپ بولغان ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ يۈرىكى قوقاسقا چۈشكەن پۈرچاقتەك سەكرەيتتى. خالىدە ئۆزىنى بىر ئاز بېسىۋېلىپ داۋام ئەتتى - يولدۇشۇمنىڭ ئېيتىشىچە شۇ تاپتا ئەزىم ئەپەندىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىدىن تېخى خەۋەر ئالالماپتۇ، لېكىن ئىشەنچلىك مەلۇماتتىن بىلىشىچە ئوغلۇڭلار ماھمۇد... ئاھ خۇدا بۇ قورقۇنچلۇق پاجىئەنى سىلەرگە قانداقمۇ ئېيتالايمەن - دېدى ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى توسۇپ ۋە گەپنىڭ ئاخىرىنى ئېيتىشقا پېتىنالمىدى.

- ئۆتۈنۈپ قالاي خالىدە ئېيتقىنا! ئوغلۇم ماھمۇدقا نېمە بوپتۇ؟- دېدى ئۇ تاقەتسىزلىك بىلەن خالىدەگە ئېسىلىپ. خالىدە ئېغىر ئەلەم ئىچىدە كۆز يېشىنى سۈرتكەچ - ماھمۇد تۇگەپ كېتىپتۇ، رەھىمسىز ھايۋانلار باشقا يارىلانغان تۇتقۇن مۇجاھىدلارنى داۋالىماي تۈرمىدە قىينىلىپ ئۆلۈشكە تاشلاپ قويۇشقاندەك، ماھمۇدنىمۇ ئوپېراتسىيە قىلىشمىغان ئىكەن - دېدى، تەسەللى ئورنىدا ئۇنىڭ مۈرىسىنى يېنىك پەپىلەپ .

ئۇنىڭ تىلى گەپكە كەلمەيتتى. بۇ خەۋەر ئۇنىڭغا چاقماق سوققاندەك تەككەن ئىدى. ئۇ ھوشسىزلىنىپ يىقىلدى. نەجىبەنىڭ قاتتىق يىغلىغان نالە - پەريادىدىن ھوشىغا كەلگىنىدە ئۆزىنى خالىدەنىڭ قۇچىقىداكۆردى. ئۇ قانچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت ھوشسىز قالغىنىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ يىغلايتتى.

ئۆلارنىڭ دەرت ــ ھەسرەتلىرىگە ھەمدەم بولۇپ خالىدەمۇ يىغلايتتى. ئون تۆت ياشلىق ئوغلى رەھىم سۆيۈملۈك ئاكىسىغا ھازا تۇتۇپ ئاچچىق يىغلايتتى. ئۆلارنىڭ شىكايەتلىرى قىرغىنچى، زالىم كوممۇنىست تۈزۈمىنىڭ دەھشەتلىك قورقۇنچلۇق ۋە قاتىللىق ھەرىكەتلىرىنى قارغاشتىن توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۆلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ كۆيدۈرگۈچ ئازاپ كۆتۈرۈپ بولغۇسىز، تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگۈسىز دەرىجىدە ئۆلارنىڭ جېنىغا پېتىپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇ خالىدەنىڭ ــ سىما مەن ئۆيگە بېرىشىم كېرەك ــ دېگەن سۆزىنى ئاڭلىدى ــ دە، باش ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز-يېشىنى سۈرتۈپ قارىۋىدى خالىدە ئۇنىڭ ئالدىدا غۇۋا تۇمان ئىچىدە تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

ــ شۇنداق سىما، مەن سىلەرنى بۇنداق سائەتلەردە يالغۇز قويۇشنى ياقتۇرمايتتىم. بىراق باللىرىمنىڭ يېنىدا- ئۆيدە بولۇشۇم كېرەك. دادىسى يېقىندىن بېرى تازا ياخشى ئەمەس. ھەمدە بۇ خەۋەر ئۇنى بەكلا تۆگەشتۈرىۋەتتى. بىز قالغان باللىرىڭنىڭ سالامەت، خاتىرجەملىكى ئۈچۈن ئاللاھتىن تىلىشىمىز كېرەك ــ دېدى خالىدە رىداسىنىڭ يېڭى بىلەن كۆز-يېشىنى سۈرتكەچ. ئۇ خالىدەدىن مىننەتدار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ يېنىككىنە باش لىڭشىتقاچ سورىدى ــ

ــ ماھمۇدنىڭ جەسىدىنى قەيەردىن تاپالايدىغانلىقىمىزنى يولدۇشىڭ بىلەمدىكەن ؟

بۇسۇغىدا ئايىغىنى كېيىۋاتقان خالىدە دەرھال ئېسىگە ئالدىــ دە

ــ ھە راست ئېتىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن تېخى- دېدى جاۋابىنى تولۇقلاپ ــ يولدۇشۇمنىڭ ئاگاھلاندۇرىشىچە ماھمۇدنىڭ جەسىدىنى ئىزدەش قۇرۇق ئاۋارىگەرچىلىك بولۇپلا قالماستىن،

سىلەرنى تېخىمۇ ئېغىر خەتەرگە ئېلىپ بارىدىكەن، جەسەد ئاللىبۇرۇن قاياقلارغىدۇر دەپىنە قىلىنىپ بولغانمىش.

ــ ئاھ ئۇلۇق مۇھاممەد! يا رەسۇل ! بۇ قانداق ئىنسانلىق، قانداق ئادىمىيلىك! بىز ئۆز ئوغلىمىزنىڭ جەسىدىنىمۇ كۆرەلمىسەك، ئۇنىڭ سوغۇق يۈزىنىمۇ كۆرەلمىسەك، ئۇ قەيەردە! قايسى قەبرىستانلىقتا كۆمۈلدى؟ يارەببىم ــ ئۇنىڭ ھازىسى، بىر ئانىنىڭ زارى يۈرەكلەرنى ئەزمەكتە ئىدى. خالىدە ئۇنىڭ يەلكىسىگە قولىنى قويۇپ يېنىك پەپىلەپ، چوڭقۇر قايغۇ ئىلكىدە ــ يولدۇشۇمۇ تېخى بىلمەيدىكەن، ئېھتىمال مۇجاھىدلارنىڭ جەسىدىنى ئاممىۋى كۆمگەندەك دەپىنە قىلىۋەتكەن بولىشى مۇمكىن، سىلەر بۇ ئىتنىڭ بالىلىرىنى قانداق مەخپى ئىش قىلىدىغانلىقىنى ياخشى بىلسىلەرغۇ، ئاممىۋى قەبرىستانلىقنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ ــ دېدى- دە ، مۇنچاقتەك تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتكەچ خوشلاشتى.

ئۇ سۆيۈملۈك ئوغلىدىن ئاشۇنداق ئايرىلىپ قالدى ھەرقانداق بىر ئانىنىڭ ئۈمىت قىلىدىغىنىدەك يىگىرمە يىل ئارزۇ ــ ئۈمىد بىلەن باققان، جەسۇر، مەردانە، سىڭلىسىنىڭ بولغانغان ئېپپىتىنى ئاقلاش ئۈچۈن، ئائىلىۋى نومۇسنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزىنى، ياشلىق باھارىنى پىدا قىلغان سۆيۈملۈك ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالدى. مەرھۇم ئوغلى ئۇنىڭ پەخرى ئەمەسمىدى! بۇ مۇدھىش قازا شۇنچىلىك ئۈشتۇمتۇت يۈز بەردىكى، يەنە ئازراقلا ۋاقىت يار بەرگەن بولسا ئىدى كاشكى، دادىسىنىڭ ئارزۇسى ئىشقا ئاشقان، ماھمۇدنى مۇجاھىدلار سېپىگە- پاكىستانغا ماڭدۇرىۋالغان بولاتتى! بۇ يوقۇتۇش ئۇنى بىردىنلا ئوت بارخانىدا كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ باشقا بىر ھالەتكە كېلىپ قالدى . ئۇ ئەسەبىيلەشتى. ئۇ دىۋانىنىڭ قاتتىق ياغاچتىن ياسالغان يان قوللۇقىغا ئۇسۇشكە باشلىدى . ئۇ يۈز-كۆزلىرىنى كاچاتلايتتى. ئۇ بۇرنىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان قان

بىلەن بويىلىپ كەتتى. ئىككىنچى ئوغلى رەھىم ئۇنىڭ قوللىرىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى دىۋانغا بېسىۋالدى . ئۇ بىردىنلا ھوشىدىن كەتتى. ئۇنىڭ يۈزىگە مۇزدەك سوغۇق سۇ پۈركىگەندىلا ئەندىكىپ ئۆزىگە كەلدى. ئۇ رەھىمنىڭ ياردىمى بىلەن ھامىمامغا كىرىپ، تاھارەت ئالغاچ يۈزلىرىدىكى قانلارنى يۇدى. ياتاق ئۆيىگە كىرىپ قانغا بويالغان كىيىملىرىنى ئالماشتۇردى ــ دە، جايىنامازنى قىبلىگە رۇسلاپ ئاللاھقا تېۋىندى! ئۇ ئەلەملىك دەرد- ھەسرەتلىك ئىلتىجاسىنى ئاللاھقا، جانابى رەسۇل مۇھاممەدكە ئېيتىپ، سۆيۈملۈكيولدۇشىنى شەپقەتسىز ۋەھشى ئىسكەنجىدىن ھايات ساقلاپ قېلىشىنى تىلەيتتى.

ئۇ مەرھۇم ئوغلىنىڭ ھازىسىنى تۇتۇپ، گۇناھسىز تۇتقۇن قىلىنغانيولدۇشىنىڭ قايغۇسىنى قىلىپ پۈتۈن كېچە بالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇپ يىغلاپ چىقتى. ئۇ تاڭنىڭ تېزراق ئېتىشىنى، قۇياشنىڭ تېزراق كۆتۈرۈلۈشىنى سەۋرسىزلىك، تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى!

# ئالتىنچى باب

## ئۈمىت ئۈزۈلگەندە تەقدىرگە تەن بېرىش، قوتۇلۇش دېمەكتۇر.

ئاخىرى تاڭمۇ يورۇشقا باشلىدى. ئۇ سائەت ئالتىدە نەجىبەنى ئويغىتىۋېتىپ ئۆزى نان دۇكىنىغا چىقىپ كەتتى. شۇ ئارىدا نەجىبە چاي قايىنىتىپ ناشتىلىققا داستىخان ھازىرلىدى. بالىلار ناشتا قىلىۋاتقاندا ئۇ ئۆينى بىر ئاز يىغىشتۇرۇۋالدى- دە، سائەت سەككىز- لەردە قىزى نەجىبە بىلەن بىرگە قۇچاقتىكى بىر ياشلىق

قىزى فەۋزىيەنى ئېلىپ، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىگە يول ئالدى.

ئۇ ئاپتوبۇسدا كېتىۋېتىپ ـ ئەگەر دادىسىنىڭ يېنىغا بارالىغان تەقدىردە ماھمۇدنىڭ ئۆلۈمى ۋە ئۆزىنىڭ دەپسەندە قىلىنغانلىقى توغرىسىدا، دادىسىغا چاندۇرۇپ قويماسلىقنى، بىرەر ئېغىز گەپىمۇ بىلىندۇرۇپ قويماسلىقنى، دادىسى تۇرمىدىن سالامەت چىقىپ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، يۈز بەرگەن پاجىئەلەردىن خەۋەر تېپىشى لازىملىقىنى، ئەكسىچە بولغاندا ـ شۇ ئاندىكى قىيىن ئەھۋال ئاستىدا تۇرۇۋاتقان چاغدا، بۇ شۇمخەۋەر دادىسىنى پۈتۈنلەي خاراپ قىلىۋېتىدىغانلىقى توغرىسىدا نەجىبەدىن ئۆتۈنەتتى.

مۇداپىئە مىنىستىرلىكىدە ئۇلارنى بىر ئىشخانىغا ئېلىپ كىرىشتى. ئىشخانىدا بىر نەپەر ئافغان ئوفىتسېر، بىر نەپەر قىزغۇچ سېرىق چاچلىق، مەڭزىلىرى قان قۇيغاندەك قىپ قىزىل بىر ئادەم بولۇپ، بىر كۆرۈشتىنلا ئۇنىڭ رۇس ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

ــ ئىشىكنى يېپىپ سىرتتا كۈتۈپ تۇر ـ دېدى ئافغان ئوفىتسېر ئۇلارنى باشلاپ كىرگەن ئەسكەرگە بۇيرۇق بېرىپ. ئاندىن ئۇ يېزىق شىرەسىنى ياقىلاپ ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇلارغا ئۇزۇنغىچە تىكىلىپ قارىدى ـ دە، دوستلۇق كۆرسىتىۋاتقان قىياپەتتە ــ قېنى ئولتۇرۇڭلار ـ دېدى قولىنى دىۋان تەرەپكە سوزۇپ. ئۇلار ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇشتى.

ــ سىلەر ئەزىم ئەپەندىنىڭ ئائىلىسىغۇ دەيمەن! ئۇنى كۆرمەكچى؟ ــ سورىدى ئۇلاردىن ھېلىقى ئافغان ئوفىتسېر ھەمدە ــ لېكىن ئەزىم ئەپەندى بۇ يەردە يوق ـ دېدى ئۇ جاۋاپ كۈتمەستىن.

ــ بىز ئۇنىڭ قەيەرگە يۆتكىۋېتىلگەنلىكىنىلا بىلمەكچى. قىزىم بارلىق تۈرمىلەرنى ئىزدەپ تاپالمىدى. ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. ئەگەر بىزگە ياردەم قىلسىڭىز سىزدىن

مىننەتدارمىز. دېدى ئۇ ئافغان ئوفىتسېرگە قورقۇنچ ۋە قورۇنۇش ئىلكىدە.

— چۈشىنىشلىك! ئەزىم ئەپەندىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلە.

لەيسىلەر. ھەتتا ئۇنى زىيارەتمۇ قىلالايسىلەر. لېكىن بىرلا شەرت ئاستىدا! ئۆتكەن ئايدا ئەزىم مىنىستىرلىكتىن ئۆيگە يوشۇرۇن ئېلىپ كەتكەن ماتېرىياللارنى كىمگە بەرگەنلىكىنى، شۇ ئاندا ئۇ ماتېرىياللار كىمنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى، ئېھتىمال سىلەر ئۆيگە تىقىپ قويىدۇڭلارمۇ تېخى كىم بىلىدۇ! ئەگەر سىلەر شۇ ماتېرىياللارنى قايتۇرۇپ ئېلىشىمىزغا ياردەمچى بولالىساڭلار، سىلەرنى ئەزىمنىڭ يېنىغا ئۆزەم باشلاپ بارىمەن. شۇنداق بۇ ھەقتە ئويلىنىپ كۆرۈڭلار! شۇنداق قىلساڭلار، ئەزىم ئۈچۈن كۆپ ياردەم قىلغان بولىسىلەر. ھەتتا ئۇنى ئۆلۈمدىنمۇ قۇتۇلدۇرۇپ قالغان بولىسىلەر. دېدى ئافغان ئوفىتسېر يېزىق شىرەسىگە يۆلەنگەن ھالدا ئۇلارغا چەكچىيىپ تۇرۇپ.

— لېكىن يولدۇشۇمنىڭ ئۆيگە ماتېرىيال ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، ياكى بىر كىملەرگە بىرەر نەرسە بەرگەنلىكىنى بىز كۆرمىگەن. يولدۇشۇم بىزدىن بىرەر نەرسىنى يوشۇرغانلىقىنى، بىزدىن مەخپى تۇتقانلىقىنى ھازىرغىچە جەزىم قىلمىدۇق. دېدى ئۇ دۇدۇقلىغان ھالدا جاۋاپ بېرىپ.

— بىزنى ئالدايمىز دېيىشمە! يالغانچىلىقلىرىڭنىڭ ئەزىمگە ياردىمى تەگمەيدۇ. قوشناڭلاردىن بىلىشىمىزچە، ئۆتكەن ئايدا كېچىلىرى ئۆيىڭلارغا يوچۇن كىشىلەر كۆپ قېتىم كەلگەن ئىكەن. ئوچۇق قىلىپ ئېيتقاندا ئەكسىل ئىنقىلابچى باندىتلار ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرغان ئىكەن. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىگە گۇۋاھچىمىز بار تۇرۇقلۇقمۇ، سەنلەر تېنىشماقچىمۇ؟ بىز بىلەن تاكاللاشماقچىمۇ؟— دېدى ئافغان ئوفىتسېر داپرۇس قىلىپ.

ــ بىز بۇ گەپلەرگە ئىنكار قىلىمىز، بۇنىڭ ھەممىسى يالغان! چۈنكى بۇ ئەمەلىيەتكە ئويغۇن بولمىغان بىر تۆھمەت- دېدى ئۇ. ئوفىتسېرنىڭ ئېيتقانلىرىنى قاتتىق رەت قىلىپ. ئافغان ئوفىتسېر سافادا پۈتىنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرغان ئۇزۇن پاچاق رۇس بىلەن كالدىرلىشىپ بىر نىمىلەرنى دېيىشتى. رۇس ئۇلارغا سوغۇق تىكىلدى. ئۇنىڭ چېقىر كۆزلىرىدىن شۇملۇق يېغىپ تۇراتتى. ئاندىن ئافغان ئوفىتسېر ئۇلارغا بۇرۇلۇپ

ــ شۇنداق سىما خېنىم، راستىنى ئېيتام سىلەر ئۆزەڭلەرگە قەتئى پايدىسى تەگمەيدىغان يالغاننى سۆزلىمەكچىمۇ؟ ھەتتا بىلىپ تۇرۇپ يالغان سۆزلىگىنىڭلار ئۈچۈن سولاقتا چۈشۈپ قالىسىلەر!ــ دېدى قولىنى شىلتىپ تەھدىت سالغان ھالدا.

ــ ئېيتقانلىرىمنىڭ ھەممىسى راست. ماڭا ئىشىنىڭ. خۇدا ھەققى، باللىرىمنىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىزگە ئېيتقانلىرىمدىن باشقىنى بىلمەيمەن.

ئۇ قاتتىق قورقۇنچ ئىلكىدە ئارانلا شۇنچىلىك دېيەلىدى. لېكىن ئۇنىڭ تاماقلىرى تامچىپ، لەۋلىرى قۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. ئافغان ئوفىتسېر ئۇنىسىز بېشىنى چايقىغاندىن كېيىن

ــ قارىغاندا سىلەر ئەزىمگە ياردەمچى بولالمىغۇدەكسىلەر! قايتىپ كېتىڭلار- دېدى ئىشىكنى كۆرسۈتۈپ. ئۇلار دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئالدىراپ ــتېنەپ كارىدورغا چىقتى. باياتىن سۈكۈتتە تۇرغان نەجىبە ئارقىغا بۇرۇلۇپ ئوفىتسېردىن سورىدى:

ــ دادامنى كۆرۈۋېلىشقىمۇ رۇخسەت قىلالامسىلەر!

ــ ياق! بۇنىڭغا سىلەر لاياقەتلىك بولالمىدىڭلار. ئەگەر ۋاقتىدا، ياخشىسى بارلىق ئەھۋاللارنى، راستىنى دەۋەتسەڭلا، ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا، نەقەدەر يىراقتا بولسىمۇ ئۇنى ئاڭلىيالايسىلەر. جاھىللىق قىلىش، بويۇنتاۋلىق قىلىش ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ،

ئەكسىچە ئەزىمىنىڭ ئەھۋالىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرىۋېتىدۇ. ئۈمىت قىلىمەنكى، مېنى تولۇق چۈشەنگەنسىلەر! مېنىڭ ئېيتقانلىرىم ئەڭ ياخشى مەسلىھەت، ياخشى تەكلىپ- دېدى ئافغان ئوفىتسېر
غەزەپلەنگەن هالدا ۋە ئىشىكنى ئۈلارنىڭ يۈزىگە قاتتىق ياپتى.

ئۇ ئوغلى دەپنە قىلىنغان قەبرىستانلىقنى سورىماقچى بولدىيۇ، لېكىن ئادەم هېسابىدا كۆرۈلمەيدىغان بۇ كىشىلەردىن يەنە بىر ئېغىرچىلىق كېلىشىدىن قورقۇپ سوراشقا جۈرئەت قىلالمىدى، لەۋلىرىنى مەهكەم چىشلەپ توختىۋالدى. ئۈلار بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلىشماستىن، خۇددى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن مەهبۇسلاردەك دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىدىن ناهايىتى ئالدىراش چىققىنىچە ئۇدۇل ئۆيگە قايتىپ كېلىشتى.

ئۇنىڭ مېڭىسىدە چىگىش، ئەلەملىك خىياللار تۇمانلىماقتا ـ ئوغلى ماهمۇدنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى، قىزى نەجىبەنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى،يولدۇشىنىڭ ناهەق قولغا ئېلىنىشى، هېلىلا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىدە هېلىقى ئافغان ئوفىتسېرنىڭ ئۈلارغا تۆهمەت قىلىشى، هەتتا ئوغلىنىڭ ئۆلۈمى،جەسىدىنىڭ قەيەرگە كۆمۈلگەنلىكى توغرىسىدا بىر ئېغىز مەلۇمات ئالالماسلىقى قاتارلىق بىرمۇنچە كۆلپەتلىك ئەهۋال ئۇنىڭ جېنىنى قىينايتتى. لېكىن ئۇ شۇنداق ئېغىر ئەلەملىك روهى ئازاپلارغا قارىماستىن يەنىلا كەلگۈسىگە ئۈمىتلىك قارىماقتا: مەن بۇ كوممۇنىست چوشقىلارغا قارشى بىر ئىش قىلىشىم كېرەك- دەيتتى ئۇ جىنايەتچىلەر ئۈستىدىن دەۋا قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ.

ئۇ بۇ هەقتە بالىلىرىم بىلەن مەسلىهەتلەشكەندىن كېيىن، كەچ سائەت ئالتەلەردە هېلىقى دوستانىلىكى بار ئوفىتسېرنىڭكىگە باردى. ئۇ ئوفىتسېردىن بۇ هەقتە قانۇنى يول مېڭىش توغرىسىدا مەسلىهەت سوردى. ئۇ قىزى نەجىبەنىڭ دۆلەت ئەسكەرلىرى

تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنغانلىقى ئۈستىدە ئۆز نامىدىن، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىگە قارىتىپ بىر ئەرز خېتى يېزىپ بېرىـ-شىنى ئۆتۈندى. ئوفىتسېر بىر هازا ئويلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا
تىكىلىپ، جاۋاپ بېرىشكە باشلىدى:

ـ سىما سەن ياخشى ئاڭلا، سەن بىلىسەنغۇ ئۇلار فارىد ئەپەندىنى هېلىقى تۇمانلىق كېچىدە تۇتۇپ، ساقچى ماشىنىسىدا ئېلىپ كېتىشتى. لېكىن فارىدنىڭ نوپۇزلۇق چوڭ ئائىلىسى پۈتۈن تورمىلەرنى ئىزدىدى. ئاخىرىدا نېمىگە ئېرىشتى؟ بۇگۈنگىچە ئۇلار فارىدنىڭ هايات ئىكەنلىكىدىن ئىز-دېرەك ئالالمىدى. بۇنىڭدەك يۈزلىگەن مىساللار بار. پەقەت سېنىڭ ئەهۋالىڭغا كېلەيلى- يولدۇشۇڭ قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ساقچى ئىدارىسىدىن، ياكى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىدىن بىرەر كىشى سىلەرنىڭكىگە كەلدىمۇ؟ بىرەر كىشى بۇ هەقتە سىلەردىن سورىدىمۇ؟ ياكى هەرقانداق بىر تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىمۇ؟ دېمەك، كۆردۈڭمۇ! ئۇلار بۇ ئەهۋالنىڭ سىرىتقا تەپچىرەپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى. هەم بۇنداق ئىشلارنى كابۇل خەلقىنىڭ ئالدىدا قورقماستىن، قىسىلماستىن ئىشلىرىنى بېجىرىشىۋاتىدۇ، جەسەتلەرنى ئىزسىز يوقىتىۋاتىدۇ. ئۇلار خەلقنىڭ كۆز-قۇلاقلىرىدىن يوشۇرۇپ، ئىش-هەرىكەتلىرىنى، تۇتقۇن قىلىشنى كېچىسى ئېلىپ بېرىشىدۇ-دە، كىشىلەر هېچنېمىنى كۆرمەيدۇ، ئاڭلىمايدۇ. سىما! ئۆتۈنۈپ قالاي، ئوڭلۇق بولغىن، مېنىڭ دېگەنلىرىمنى چۈشىنىشكە تىرىشقىن. مېنى ياردەم قىلمايدىكەن-دېگەن ئويدىمۇ بولۇپ قالما. لېكىن ئەمەلىيەت شۇكى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى بىلەن مەخپىيەتلىك ئىدارىسى خ ئا د ئۆزئۇندىن بىرى هەممە ئىشلاردىن تولۇق خەۋەردار. ئۇلار بىرلىكتە ئىشلەيدۇ. ئۇلار هېچقاچان بىر بىرىنى ئەيىپلەشمەيدۇ. ئوغلۇڭنىڭ ئۆلتۈرلىشى بىلەن ئۇنىڭ

لېتنانتنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىك جىنايىتى يۈيۈلمايدۇ. بۇ ھايۋانلارنىڭ ئاغزىدىن بىرەر گەپ ئاڭلىمايسەن. يازغان ئەرز-ئىلتىماسلىرىڭ بىلەن ھېچنىمىنىگە ئېرىشەلمەيسەن، يازغانلىرىڭ ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىنىدۇ. بەلكى يازمىشلىرىڭ ئۆز بېشىڭغا ۋە بالىلىرىڭغا خەتەر ئېلىپ كېلىشتىن باشقىغا يارىمايدۇ. يەنە ئويلاپ كۆرگىن-يولدۇشىڭ ئەزىم ئەپەندى مۇجاھىدلارغا ئوڭ كۆزى بىلەن قارىغىنى ئۈچۈن ۋەتەن خائىنى دېگەن تۆھمەتكە مۇپتىلا بولدى ھەم شۇ تۆھمەت بىلەن تۈرمىگە قامالدى. دېمەك بىر ۋەتەن خائىنىنىڭ ئايالى يازغان ئەرز-شىكايەت نېمىگە يارىماقچى! شۇمۇ كۆرۈلۈپ تۇرۇپتىكى، ئۇلارنى ھەممىڭلارغا «ئەكسىل ئىنقىلاپچى» تامغىسىنى بېسىشقا ھەرىكەتلەندۈرىدۇ، سېنىڭ ئەرز-شىكايەتلىرىڭ «ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتنىڭ ئابرويىنى قوغدىغۇچىلارغا قارشى تەتۈر تەشۋىقات» دېگەن تۆھمەتكە ئېلىپ بارىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سېنى ۋە قىزىڭ نەجىبەنى نازارەت ئاستىغا ئالىدۇ-دە، كىچىك بالىلىرىڭنى يېتىم خانىغا ئېلىپ كېتىشىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار مىڭ قېتىملاپ بولۇنغان ئەمەسمۇ! پەقەت يازماقچى بولغان ئەرز-شىكايەتلىرىڭنىڭ نەتىجىسىنى ئويلىنىپ باق، مۇشۇ ۋەزىيەتتە شۇنداق قىلساڭ توغرا بولامدۇ؟ مېنىڭچە ئۇنداق بىر شىكايەت ئەقىلغا ئويغۇن ئەمەس. سىما سەن ئىشىنەمسەن- مۇشۇ كۈنلەردە ئائىلەڭگە كەلگەن بەختسىزلىكلەر ماڭا قانچىلىك ئازاپ ۋە جاسارەت بېرىۋاتقانلىقىغا! لېكىن ئەپسۇس بىز خۇدانىڭ بەندىلىرى يار-يۆلەكسىز، بۇزغۇنچى، مەلئۇن ئالۋاستىلارغا قارشى، رەھىمسىز ھۆكۈمرانلارغا قارشى ياردەمچىمىز يوق! مەن كېيىنكى كۈنلەردە ئىرانغا بېرىپ باجامنىڭ يېنىدا تۇرساق ياخشىراق بولارمۇ-دېگەن ئويغا بەنت بولۇپ قالدىم. شۇنداق! گەپنىڭ قىسقىسى ئەرز قىلماسلىقىڭ توغرىسىدا كەسكىن تەكلىپ بېرىمەن. ۋەتەن خائىنلىرىدىن ئادىمگەر-

چىلىك، ياردەم، مەرھەمەت كۈتمە!

دوستانە ئۆتكەن ئوفىتسېرنىڭ سەمىمى ئېيتقانلىرى ئۇنىڭ قورقۇنچىسىنى ۋايىغا يەتكۈزىۋەتتى. ئۇنىڭغا شۇ ئايدىڭ بولدىكى، ئۇنىڭ بىر پارچە ئەرز-شىكايىتىيولدۇشىنىڭ يېقىندا قۇتۇلۇپ چىقىشقا يار-يۆلەك بولالمايدۇ! ئۇنىڭ ئارزۇ ئۈمىتلىرى ، ئۈمىتلىك پىلانلىرى شۇنداق يوققا چىقتى. دېمەك ئۇ ئەرز- شىكايەت قىلىشتىن ۋاز كېچىشى كېرەك! ئىستىقبالىنى مۇشۇنداق زوراۋان تەقدىرگە تاشلاپ قويۇشى كېرەك! ئۇ تەقدىرگە تەسلىم بولغان ھالدا ئۇلار بىلەن خوشلاشتى. ئۇ ماغدۇرسىز قەدەملىرىنى سۆرەپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

ئۇ باياتىن ئوفىتسېرنىڭ ئۆيدە بولۇنغان گەپلەرنىڭ بىرىنىمۇ باللىرىغا ئېيتمىدى. ئۇ باللىرىغا، كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتنىڭ قورقۇنچلۇق ھەرىكەتلىرى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىتىشنى خالىمايتتى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلارنىڭ ھاياتىدا ئۇلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان كەلگۈلۈكلەرنى ۋە تەقدىرنى كۈتۈش قارارلاشتى. ئۇلار پەقەتلا ئىبادەت قىلىش، خۇدادىن تىلەش، قەدەرنىڭ شۇملۇقلىرى ئۇلاردىن يىراق بولىشنى، خۇشخەۋەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈش بىلەن بەنت بولۇشتى. ئۇ بۇندىن كېيىن ئەرز-شىكايەت قىلىش توغرىسىدا سۆ ئال سورىماسلىقنى باللىرىدىن ئۆتۈنەتتى.

# يەتتىنچى باب

## ئەزىم ئەپەندىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى

ئۇلار ئەزىم ئەپەندى توغرىسىدا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ ۋەدىسىگە بىنائەن، بىرەر خەۋەر كېلىشىنى كۈندىن-كۈنگە تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈشەتتى. لېكىن ئارىدىن ئون كۈن ھېچ گەپ يوق ئۆتۈپكەتتى. ئۇ ياداپ كېتىۋاتاتتى. بالىلارنىڭ ھالىمۇ ئۇنىڭكىدىن بەكرەك خاراپلاشماقتا. نەجىبەنىڭ ئەھۋالى بولسا دەپسەندە قىلىنغانلىقىنىڭ قورقۇنچىسىدا ھەممىدىن بەك يامانلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزى ئۇيقىغا كەتسىلا چىرقىراپ ئىڭرايدۇ، نالە قىلىدۇ. كۈندىن - كۈنگە ئۇنىڭ رەڭگى-رويى تاتىرىپ جۇدەپ كېتىۋاتاتتى. نەجىبەنىڭ غېمى ئۇنى تېخىمۇ بىئارام قىلماقتا. ئۇ ھەر قېتىم بىرەر ئىش بىلەن سىرتلارغا چىقىپ قايتىپ كەلگىنىدە ئۈچ ياشلىق ئوغلى راتەب:

— ئاپا دادام بىلەن ماھمۇد قاچان كېلىدۇ؟- دەپ سورايدۇ.

— يېقىندىلا قايتىپ كېلىدۇ قوزام- دەيدۇ ئۇ راتەبكە يالغان تەسەللى بېرىپ. ئىككى ھەپتە شۇنداق ئۆتۈپ ئاخىرى ئۇنىڭ سەبرى تۈگىگەن ئىدى. پۇل تۈگەپ تۇرمۇش خىراجىتىمۇ قىسىتىماقتا.يولدۇشىنىڭ مائاشىنى ئەكىلىشىمۇ ئۇنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىگە بېرىشىنىڭ بىر سەۋەبى ئىدى ھەمدە شۇ بانادايولدۇشى توغرۇلۇق بىرەر نەرسە سوراشقىمۇ بولاتتى.

ئون بەشىنچى كۈنى ئۇ ئۆزى يالغۇز دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىگە كەلدى ۋە بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىدىنى قاراۋۇلغا چۈشەندۈردى. ئون مىنۇت كۈتكەندىن كېيىن قاراۋۇل قايتىپ كېلىپ، ئۇنى بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى بىر ئىشخانىغا باشلاپ كىردى. ئىشخانىدا بىر نەپەر ئوفىتسېر، ئىككى

نەپەر پۈخراچە كىيىنگەن ئەپەندىلەر ئولتۇرۇشقان ئىكەن.
ــ سىزيولدۇشىڭىزنىڭ مائاشىنى ئالغىلى كەلدىڭىزغۇ دەيمەن؟ـ دېدى ئۇلارنىڭ بىرى سىپايىلىك بىلەن.
ــ شۇنداق، سىلەر بىلگەندەك يولدۇشۇم تۈرمىدە بولۇپ قالدى. ئەگەر ئۇنىڭ مائاشىنى بەرسەڭلار سىلەردىن تولىمۇ مەمنۇن بولغان بولاتتۇق.ـدېدى ئۇ ھاياجىنىنى ئىچىگە يوشۇرۇپ.
ــ ئىسىلزادە خېنىم، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى بىز ئۇنداق قىلالمايمىز. ئەزىم ئەپەندىنىڭ مائاشى توختۇتۇۋېتىلگەن. يەنە بىرەر يول-يورۇق كەلگىچە سەبرە قىلىپ تۇرىشىڭىز كېرەك.ـدېدى ئوفىتسېر دوستانە قىياپەتتە.
ــ لېكىن مەن تۆت بالامنىڭ قورسىقىنى قانداق تويغۇزىمەن، پۇلسىز ئۇلارنى قانداق باقالايمەن؟ بىز يولدۇشۇمنىڭ مائاشىغىلا قاراشلىق ئىدۇق.ـ دېدى ئۇ تاكاللىشىپ.
ــ سىلەر تۇرىدىغان رايونلۇق پارتىيە ئىشخانىسىغا تۈرمۈش ياردىمى توغرىسىدا ئىلتىماس يېزىڭ، ئۇيەردىكىلەر سىلەرگە ئۈزۈلدۈرمەي ياردەم قىلىدۇ. ئۇنىڭسىزمۇ سىز ئىشلىسىڭىز بولىدۇ، ئەگەر ئازراقلا تىرىشچانلىق كۆرسەتسىڭىز جەزمەنكى سىلەر ھەرگىزمۇ ئاچ قالمايسىلەر.ـ دېدى ئوفىتسېر جاۋابەن.
ــ كىچىك ئىككى بالامنى كۆزدە تۇتۇشۇڭلارنى ئۆتۈنۈمەن!
ــ كىچىك باللىرىڭىزغىمۇ رايونلۇق پارتىيە ئىشخانىسى غەمخورلۇق قىلىدۇ، دۆلەتلىك باللار باغچىسى يېتەرلىك بار.ـ دېدى ئوفىتسېر ئۆكۈنمىگەن ھالدا جاۋاپ بېرىپ.
ــ يولدۇشۇم ۋەتەن ئۈچۈن ئوتتۇز يىلچە ئۇزۇن يىللاپ خىزمەت قىلدى، ئەمدىچۇ!
ــ ھە، شۇنداق، خىزمەت قىلدى. ئاندىن ئەكسىل ئىنقىلاپچىلارغا، غەرپ ئىمپېرىيالىستلىرىنىڭ ئىشپىيونلىرىغا ساتتى !ـ دېدى ئوفىتسېر ئۇنى قاتتىق سىلكىپ. ئۇ بۇ

ناھەقچىلىققا، بۇ تۆھمەتكە قارشى قاتتىق غەزەپلىنىپ ئۆزىنى بىر ئازىيوقۇتۇپ قويغاندىن كېيىن- بولىدۇ، ئەگەر ماڭا بۇ ھالدا ياردەم قىلالمىسىڭىز، ئۇتۇنۇمەنكى، يولدۇشۇمنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بولسىمۇ ئېيتىپ بېرىڭ-دېدى ئۇ يالۋۇرگەندەك قىياپەتتە.

ــ سىرتتا كۈتۈپ تۇرۇڭ!- دېدى ئوفىتسېر تىرىپكىنى ئېلىپ. ئاردىن بەش مىنۇتچە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنى ئىشخانىغا چاقىردى. ئوفىتسېر ئۇنىڭغا بىر ھازا تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن- سىما خانىميولدۇشىڭىز ھازىر باستۇرۇقتا ئىكەن، ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىم كۆرۈشەلمەيدۇ، شۇڭا سىز ئۆيگە قايتىپ تۇرۇڭ. يېقىندايولدۇشىڭىز توغرىسىدا بىرەر خەۋەر ئاڭلايسىز-دېدى. ئۇ ئېغىر چۈشكۈنلۈك ۋە ئاچچىق ئەلەم ئىچىدە سىرتقا چىقتى - دە، كۆز يېشىنى تۇتالمىدى. ئۇ ئاپتوبۇس بېكىتىگىچە يىغلاپ كەلدى. ئۇ ئاپتوبۇسدىن چۈشۈپ، ئۆيى تەرەپكە قايرىلىدىغان كوچا دوقمۇشىغا كەلگەندە، ئارقىسىدىن بىر ئاياق تىۋىشى ئاڭلاندى. بىر ئەر كىشى ئۇنى يېنىك ئاۋازدا چاقىردى- سىماخېنىم! سىما خېنىم. ئۇ چۆچۈگەن ۋە سۇرباسقان ھالدا ئارقىسىغا بۇرۇلدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان يىگىت ئۇلاردىن بىر قانچە قورو نېرىدىكى يانداش بېنادا تۇرىدىغان قوشنىلارنىڭ ئوغلى بولۇپ، ماھمۇدنىڭ دوستلىرىدىن بولىدىغان، ھازىر ئەسكەرلىكتە، كابۇلغا يېقىن گازارمىدا تانكا دىۋىزىيەسىدە ۋەزىپە ئۆتەيتتى. يىگىت يېنىك ئاۋازدا:

ــ سىما خېنىم سەل ئاستا، ماڭا يېقىنراق ياندىشىپ ماڭسىڭىز! سىزگە ئېيتىدىغان گېپىم باتتى- دېدى نەپىسى بۇغۇلغان ھالدا. يىگىت ئەنسىز ئەتراپقا قاراپ، چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن يۈزىدىكى تەرلىرىنى سۈرتكەچ سۆز باشلىدى- سىما خېنىم شۇ ئاندا مېنىڭ ئەسكەرلىكتە ئىكەنلىكىمنى بىلىسىز. مەن ئەسكەرلىكتە گۇرجەرك ھايدايمەن. ئۆتۈنۈپ قالايكى، ئاۋال مەندىن

ئاڭلىغانلىرىڭىزنى ھېچكىمگە دېمەسلىك ھەققىدە بالىلىرىڭىز-نىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم بېرىڭ! بولمىسا بېشىم كېتىدۇ.

يىگىت ئېغىر جىددىيلەشكەن ۋەيۇزلىرى ئوتتا كۆيگەندەك قىزارغان ئىدى.

ــ بولىدۇ، مەن قەسەم قىلاي-دېدى ئۇ بىلىشكە ئالدىراپ.

ــ تۆنۈگۈن چۈشتىن كېيىن- دەپ سۆزىنى باشلىدى يىگىت تەمتىرىگەن ھالدا ــ بىزنىڭ ھەربى مەشىق قىلىدىغان يېرىمىزدىكى تاغ باغرىغا نىس جەسەت بېسىلغان بىر ھەربى ماشىنىسى كەلدى. جەسەتلەر ئاق كېپەنگە ئورالغان بولۇپ، ئاممىۋى كۆمۈككە تاشلاندى. شۇ ئارىدا بىر قانچە جەسەتنىڭ كېپەنلىكى ئېچىلىپمۇ كەتكەن ئىدى. كېيىن ئازگالدىكى جەسەتلەرنى كۆمۈش بۇيرۇقى بىلەن گۇرجەكنى ھەيدەپ، جەسەتلەرنىڭ ئۈستىگە تۇپراق چۈشۈرۈۋېتىپ، ھېلىقى كېپەنلىكى ئېچىلىپ كەتكەن جەسەتلەر ئارىسىدايولدۇشىڭىز ئەزىم ئەپەندىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ بەك قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى، يۈزلىرى تاياق زەربىدىن كۆكەرگەن، قانلىق ئىدى، ئۇنىڭ بېشى چۈشۈرۈلگەن، باش كۆزىدە مۇنەك-مۇنەك ئىشىقلارباتتى.

ــ ئۇنىڭ ئەزىم ئىكەنلىكىگە جەزىم قىلالامسەن؟ - سورىدى ئۇ تىترەك ئاۋازدا.

ــ شۇنداق، ئەلۋەتتە جەزىم قىلىمەن. مەن ئېچىلىپ كەتكەن جەسەتلەرنى قايتا كېپەنلەشكە بۇيرۇلغان ئىدىم. شۇڭا ئازگالغا چۈشۈپ ئېجرىم كۆردۈم، تولۇق سەپ سېلىپ قارىدىم.

يىگىتنىڭ يۈزلىرىدىن قەتئىيلىكلىكى ئىسپاتلىنىپ تۇراتتى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ قايسى دەرىجىدە قورقۇنچلۇق ھالغا كېلىپ قالغىنىنى قارشىسىدىكى يىگىتنىڭ كۆزىدىن بايقىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ بوغۇزىغا قاپلىشىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن گەۋدىسى لاغىلداپ تىترەيتتى. ئەتراپ بىردىنلا چاق

پىلەكتەك پىرقىراپ ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇ ماغدۇرسىز قەدەملىرىنى مىلىڭ تەسلىكتە يۆتكەپ بىر تامغا يۆلەندى-دە، ئاستا سىيرىلىپ يەرگە يىقىلدى. ئۇ قانچە ئۇزاق ياتقىنىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئۆزىگە كەلگىنىدە كۆردىكى ئۇنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن كىشىلەر، باللار توپلاشقان، قوشنا ئاياللاردىن ئىككىسى ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىشماقتا. بىر قوشنا ئايال ئۇنىڭ بېشىنى يۆلەپ ھەپلەشمەكتە. بىر قىز ئۇنىڭ يۈز-كۆزىگە مۇزدەك سۇ پۈركۈمەكتە. ھېلىقى ئەسكەر يىگىت باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئاللىبۇرۇن كۆزدىن غايىپ بولغان. قوشنا ئاياللار ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزماقچى. لېكىن ئۇنىڭ پاچاقلىرى گەۋدىسىنى كۆتۈرەلىگۈدەك ئەمەس. ئاياللار ئۇنى سۆرەشتۈرۈپ دېگەندەك ئۆيىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشىپ نەجىبەنى چاقىرىشتى-دە، ئاندىن خۇددى يۇقۇملۇق كېسەلدىن قاچقاندەك شۇنداق ئالدىراش تارقىلىشىپ كېتىشتى.

— ئاپا! نېمە ئەھۋال بۇ! ساڭا بىرەر ئىش بولدىمۇ؟ — دېدى نەجىبە قاتتىق ئەندىشە ئىچىدە ئۇنى يۆلەپ مېھمانلىق ئۆيگە ئەكىرىۋېتىپ. ئۇ كۈچسىز ھالدا ئۆزىنى گېلەم ئۈستىگىلا تاشلىدى-دە، دىۋانغا يۆلۈنۈپ نىمجان ھالدا- داداڭلار ئەمدى مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدۇ! تۇڭگۇزلار داداڭلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ-دېدى قاتتىق ھازا تۇتۇپ.

— ئاپا سەن راست دەۋاتامسەن؟ دادامنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە جەزىم قىلالامسەن؟-دېدى ئۇنىڭ بىلەكلىرىدىن تۇتۇپ سىلكىپ.

ئۇ باش لىڭشىتىپ جاۋاپ بەردى.

— نەدىن بىلدىڭ؟ ياكى ئۆزەڭ كۆردۈڭمۇ؟

— ياق، مەن كۆرمۇدۇم. ئەمما قوشنىمىز ھاشىمنىڭ ئەسكەرلىك-تىكى ئوغلى داداڭلارنىڭ جەسىدىنى ئاممۇۋى كۆمۈكتە كۆرۈپتۇ.

— بەلكى يېڭىلىشقاندۇر ئاپا-دېدى نەجىبە شۇبھىلەنگەن

ئاھاڭدا.

ــ ياق، قىزىم ئۆزىنىڭ داداڭ توغرىسىدا ئېيتقانلىرى. يەنى چاچلىرى چۈشۈرۈۋېتىلگەن، يۈز-كۆزلىرى جاراھەت، تاياق زەربىسى، بىز كۆرگەندىكى ھالىتىگە ئوپمۇ ئوخشاش. دېدى ئۇ كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە بۇغۇلۇپ يىغلاپ. شۇنىڭ بىلەن بالىلارمۇ ھەممىسى بىردەك چۇرقۇرۇشۇپ ھازا يىغىسىنى باشلىۋەتتى. ئۆلۈملۈك قايغۇ، دەرد ــ ھەسرەت، غەم-ئەندىشە ئۇلاردىن ئۇيقىنى تارتىۋالدى. ئۇلار شۇ ئاچچىق ئەلەمدە تاڭغا ئۇلاشتى. چۈشتىن كېيىن ئۇ بۇ شۇم خەۋەرنى ئوفتىسېر دوستىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ ئوفتىسېر ۋە ئۇنىڭ ئايالى خالىدەمۇ ھازا تۇتۇپ يىغلاشتى. ئۇنىڭغا بولدۇشى ئەزىم ئەپەندى بۇ ئوفتىسېرنىڭ ئۆز ئاكىسىدەك شۇنچىلىك يېقىن ئىدى. شۇڭا ئۇ ھايات قالغانلارنىڭ غېمىنى چۈشەندۈرۈپ،يولدۇشىنىڭ مائاشىنى ئالالمىغانلىقىنى، ھەم بۇندىن كېيىنمۇ ئالالماسلىقى جەزمەن ئىكەنلىكىنى، ھېچ بولمىغاندا ئۆيىدىكى بىر پارچەگېلەمنى بولسىمۇ سېتىۋېلىپ، ئوزۇقلۇق مەسىلىسىنى ۋاقتىنچە ھەل قىلىۋېلىشقا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەمدە بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

ــ سىما ئۆتۈنۈپ قالاي مېنى توغرا چۈشەنگىن، بىرىنچىدىن مائاشىمدىن يېتەرلىك بىر نەرسە ئايرىپ گېلەم سېتىۋالغۇدەك ھالدا ئەمەسمەن، ئىككىنچىدىن سىلەرنىڭ قىيىنچىلىق تارتىـ ـۋاتقان ۋاقتىڭلارنى پۇرسەت بىلىش مەن ئۈچۈن نومۇسسىزلىق بولىدۇ-دەدى، دە. يانچۇغىدىن بىر ئاز پۇل چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئىككىمىزنىڭ ئافغان پۇلى ھەدىيە قىلدى. بۇ پۇل بىلەن ئۇلار رايونلۇق پارتىيە ئىشخانىسىنىڭ تەمىنات ياردىمىگە ئۇلاشقىچە سۇ يۇزىدە جان ساقلىيالايتتى. ئۇ يارىلانغان يۈرىكىدىن مىننەتدارلىق رەخمىتىنى بىلدۈرۈپ، بىر ئاز يەڭگىللىگەن ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

كېيىنكى كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئۇ رايونلۇق پارتىيە بىروسىغا بېرىپ ئائىلىدىكى ئېغىر قىيىنچىلىق ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، جىددىي قۇتقۇزۇش تەلەپ قىلدى.

ــ ئالدى بىلەن كىملىكىڭلارنى، ھەر بىر ئائىلە ئەزاسىنىڭ ئۈچ پارچىدىن رەسىمىنى ئېلىپ كېلىپ بىزگە تاپشۇرىسىز، مەسئۇل خادىم ئانكىتىلارنى تولدۇرۇپ رەسمىيەتلەشتۈرگىچە بىر قانچە ھەپتە ئۆتىدۇ، ئاندىن سىلەرگە قۇتقۇزۇش تەقسىماتى بېرىلىدۇ-دېدى بىرو باشلىقى. ئۇ دەرھال ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ، نەجىبە ۋە ئوغلى رەھىمنىڭ كىملىكلىرىنى ئالدى. تېخى كىملىكى يوق ئۈچ ياشلىق كىچىك ئوغلى راتەبنى، بىر ياشتىكى كەنجىسى فەۋزىيەلەرنىمۇ بىرگە ئېلىپ، بازاردىكى رەسىم خانىدا ھەممىسىنى رەسىمگە چۈشۈردى. تەلەپ بويىچە كىشى بېشىغا ئۈچ پارچىدىن رەسىم يۇدۇرۇپ، شۇ كۈنىلا چۈشتىن كېيىن پارتىيە بىروسىغا ئېلىپ كەلدى. ھېلىقى باشلىق يولداش رەھىمنىڭ رەسىمگە بىر ھازا تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن دېققىتىنى ئۇنىڭغا بۇرىدى - دە - ئەگەر قاراپ چىقىلىپ ئىشىڭىز قاراردىن ئۆتسە خەۋىرىنى بىزدىن ئاڭلايسىز-دېدى. ئۇ تاكاللاشماقچى بولدى- ئۇنىڭ باللىرى ئاچلىقتا ئۆلمەستىن بۇرۇن تېزدىن ياردەم قىلىنىشىنى تەلەپ قىلماقچى. لېكىن ئۇنىڭ ئەس-يادىغا دەرھال شۇ كەلدىكى- بۇ كۈنلەردە ئەمەلدارلار ئاۋالقىدەك ئەمەس، بەك ناچارلىشىپ كەتتى. يەنە كېلىپ ئۇنىڭدەك « خائىنىنىڭ ئايالى » - دەپ تۆھمەتكە قالغان بىرىنىڭ سۆز قىلىش ھەققىمۇ يوق ئىدى. ئۇ ئۆز- ئۆزىگە: ئەڭ ياخشىسى ساڭا خۇددى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىدە تۆھمەت قىلىنغىنىدەك بىرەر ھاقارەت قىلىنىشتىن ئاۋال ئاغزىڭنى يۇم-دېدى. ئۇ تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان سۆزلىرىنى غەزەپلىرى بىلەن قوشۇپ ئىچىگە يۇتتى، دە- بېشىنى چايقىغىنىچە پارتىيە بىروسىنى تاشلاپ ئۆيگە يول ئالدى. ئۇ يول

بويى بىرەر پارچە گېلەم سېتىپ خىراجىئەت قىلىپ تۇرۇشنى ئويلايتتى.

# سەككىزىنچى باپ
# «ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق»

شۇ كۈنى كېچە سائەت ئونبىرلەر ئىدى. ئۇ كىچىك ئىككىسىنى ئۇخلىتىۋېتىپ، نەجىبە بىلەن رەھىمنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ كەلگۈسى ئۈستىدە دە-تالاش قىلىشاتتى. ھەممىسىنىڭ كۆز ئالدىدىكىسى شۇكى دادىسىز ھەم پۇلسىز ھايات قانداق داۋاملىشىدۇ! ئىرانغا ياكى پاكىستانغا قېچىشتىن باشقا ياخشى ئامال يوق. لېكىن رەھىم بېشىنى چايقىدى ۋە - مەن بۇ يەردىن كەتمەيتۇرۇپ، دادامنىڭ ۋە ئاكامنىڭ قىساسىنى ئالىمەن، ئاندىن يوقۇلىمىز !-دەيتتى مۇشتىنى تۈگۈپ.

ــ سەن بۇنداق مەناسىز گەپ بىلەن تەسەللى تاپىمەن دېمە، كىمدىن ئالىسەن شۇ قىساسنى؟ - دېدى ئۇ ئوغلىغا تەنە قىلىپ.

ــ مەن ياكى دۆلەت رەئىسىنى ياكى مۇداپىئە مىنىستىرىنى ئۆلتۈرىمەن. بۇ مېنىڭ سىلەرگە بەرگەن ۋەدەم-دېدى رەھىم ۋە دەرھال كۆينىكىنىڭ يېڭىگە يوشۇرۇۋالغان غىلاپتىن يوغان بىر پىچاقنى چىقاردى ھەم غەزەپ بىلەن- مۇشۇ پىچاقنى ئۇلاردىن بىرىنىڭ يۈرىكىگە سالىمەن-دېدى.

ــ ئوغلۇم ئاشلاپ تۇر، بىرىنچىدىن سېنى ئۇلارنىڭ يېنىغا يېقىن يولاتمايدۇ. ئىككىنچىدىن سەن ئائىلىمىزنىڭ چوڭى بولۇپ قالدىڭ. شۇڭا ئۈستۈڭدە بىزگە بولغان مەسئۇلىيىتىڭ بار. ئەگەر سەن شۇنداق بىر ئىشنى قىلىمەن دېسەڭ، ئۇلار خۇددى داداڭ ۋە

ئاكاڭنى ئۆلتۈرۈشكىنىدەك سېنىمۇ ئۆلتۈرۈشىدۇ. ئۇندىن كېيىن سەنسىز بىزنىڭ ھالىمىز قانداق بولىدۇ؟ ئەڭ ياخشىسى بۇنداق قۇرۇق گەپنى، خىيالنى كاللاڭدىن چىقىرىۋەت. سەن ئون تۆت ياشتا. ئەقلىڭنى يېتەرلىك ئىشلىتەلەيسەن. ئەگەر سەن قەتئى قىساس ئالماقچى بولساڭ، بىز ئالدى بىلەن پاكىستانغا ــ مۇجاھىدلارنىڭ يېنىغا قاچايلى. شۇندىلا بىرىنچىدىن بىز بىخەتەرلىككە ئېرىشىمىز. ئىككىنچىدىن مۇجاھىدلار بىلەن بىر سەپكە قېتىلىپ، ھەقىقىي جىنايەتچى رۇسسلارغا قارشى كۆرەش قىلالايسەن- دېدى ئۇ رەھىمگە چۈشەنچە بېرىپ. ئۇ شۇ سۆزلىرى ئارقىلىق رەھىمنى پىلانىدىن ياندۇرۇشقا تىرىشاتتى.

ــ شۇنداق، بىز پاكىستانغا قاچىمىز! دېدى ئۇ قارارىنى بېرىپ. تۈيۈقسىز پەيدا بولغان ئاياق تىۋىشى ئۇلارنىڭ مۇنازىرىسىنى ئۈزۈپ قويدى. نەجىبە دەرىزىدىن ھويلىغا قارىدى، دە ــ ۋاي خۇدايىم! ئاپا ھويلىدا ئەسكەرلەر، ئۇلار تامدىن سەكرەپ چۈشۈۋاتىدۇ. ئىككى ئەسكەر تام ئۈستىدە تۇرىدۇ! رەھىم چاققان بول، ئۆزەڭنى دالدىغا ئال-دېدى ئالاقزادىلىك ئىچىدە دۇدۇقلاپ ھەم چىراقنى ئۆچۈردى. لېكىن كېچىكىلگەن ئىدى. ھويلا ئەتراپى قورشۇلۇپ، رەھىم قاچقۇدەك ئىمكان قالمىغان ئىدى. ئۇ دەرھال ئېسىگە ئالدىكى، پارتىيە بىروسىدىكى ھېلىقى رەھبەر يولداش رەھىمنىڭ رەسىمىگە ئۇزۇن تىكىلىپ قارىغان ئىدى، جەزمەنكى رەھىمنىڭ تۇرقىنى ۋە بارلىق ئەھۋالىنى، ئۇنىڭ ئۆيدە ئىكەنلىكىنى دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى( خ ئا د )گە بىلدۈرگەن گەپ. نەجىبە بىلەن ئىككىسى رەھىمنى چاقماق تېزلىكىدە ياتاق ئۆيگە ئەكىرىپ، چوڭ ھەم قېلىن يوتقانلارغا ئوراشتى. ئاندىن ئەديالغا يۆگەپ ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا تاشلاپ قويۇشتى ــدە، ئۇن چىقارماستىن مېھمان خانا ئۆيگە قايتىپ چىقىشتى. ئۇلار كارىۋاتقا تاشلىنىپ، باشلىرىغا يوتقاننى پۈركۈشۈپ ھېچنىمىنىنى سەزمىگەن قىياپەتتە

يېتىۋېلىشتى. سىرتتىكى ئۇپۇر-دۇپۇر بارغانچە ئۇلغايماقتا. ئەسكەرلەر دالاننىڭ ئوچۇق ئىشىكىدىن ياتاق ئۆيگە كىرىشتى. ئاياق تىۋىشى ئۇلارنىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىغىچە كەلدى. لامپا چىراقنىڭ كونۇپكىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى-دە:

ــ ئورنۇڭدىن تۇرۇش!- دېدى بىرى بۇيرۇق بېرىپ. ئۇلار باشلىرىنى يۇركۈۋېلىشقان يوتقانني بىر ياققا تاشلىشىپ كۆزلىرىنى ئېچىشىۋىدى، سول قولىدا قولچىراق، ئوڭ قولىدا تاپانچا تۇتقان بىر كوماندىرنى كۆرۈشتى. كوماندىرنىڭ يېنىدا ئىككى ئەسكەر ئۇلارغا مىلتىقلىرىنى بەتلىشىپ بۇيرۇق كۈتكەن ھالدا تىك تۇرماقتا ئىدى. ئۇ رومال بىلەن دەرھال بېشىنى ئورىدى. نەجىبە بولسا قورقىنىدىن ئۇنىڭ بىلىكىگە مەھكەم ئېسىلىۋالغان ئىدى. ئانا بالا ھەر ئىككىلىسى لاغىلداپ تىترىشەتتى.

ــ نېمىشكە بۇ كېچە يېرىمىدا بىزنى ئارامخۇدا ئۇخلىغىلى قويۇشمايسەن؟ نېمە قىلىشماقچى سەنلەر؟ مۇشۇ كېچىدە ئىزدەشكە تېگىشلىك زادى قانداق نەرسە ئۇ؟ - دېدى ئۇ قاتتىق پەرىشان ھالدا كايىپ. ھېلىقى كوماندىر قولچىراقنى يورۇتۇپ دىۋاننىڭ ئاستىغا ئىگىشتى، ئاندىن قەددىنى تىك تۇتۇپ ئۇنىڭغا بۇرۇلدى ۋە ــ ئوغلۇڭ رەھىم قەيەردە؟- دېدى ئەسكەرى تەلەپپۇزىدا. شۇنىڭ بىلەن زۇكۇملىشىش ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى.

ــ نېمە ئۈچۈن؟ دادىسىنى ۋە ئاكىسىنى ئۆلتۈرگەندەك ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈشمەكچىمىدىڭ سەنلەر؟

ــ ئانا بىز ھېچكىمنى ئۆلتۈرمەيمىز. ئەگەر ئوغلۇڭ مەكتەپكە بارمىغان ئىكەن، تەڭ يېشىدىكى باشقا ساۋاقداشلىرىدەك، ھېچ بولمىغاندا باندىتلارغا قارشى كۆرەش قىلىشى، ۋەتەننى قوغدىشى كېرەك. تەلۋە ئاكىسىغا ئوخشاش ۋەتەن ئۈچۈن ھېچ بىر ياخشى ئىش قىلمايتۇرۇپ، بىگۇنا ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ قاتىل بولۇشتىن ئاۋال ۋەتەننى قوغدايدىغان ئادەم بولسۇن.

— بېشىنى يىگەن ھېلىقى ئەسكەر گۇناھسىز بىرى ئەمەس. بەلكى مېنىڭ قىزىمغا زىيانكەشلىك قىلغان!

— ئانا بۇ دېگەنلىرىڭ ئوچۇق-ئاشكارە ھاياسىزلىق! ئەسكەر-لىرىمىزدە نومۇسسىز ھېچ بىر كىم يوق. بىزلەر خەلقىمىزنىڭ نومۇسىنى سۆيىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئىززەت - شەرىپىنى، نومۇسىنى ياتلارنىڭ ھۇجۇملىرىدىن، ئىمپېرىيالىستلارنىڭ قىرغىنچىلىق-لىرىدىن قوغدايمىز. — كوماندىر شۇلارنى دېگەچ بىر ئەسكەرگە ئەگىشىپ ياتاق ئۆيگە كىردى. يەنە بىر ئەسكەر مېھمانخانا ئۆيدە قاراۋۇللۇق قىلماقتا. ئۇ دەرھال كوماندىرنىڭ ئارقىسىدىن ياتاق ئۆيگە يۈگۈردى. ئۇلار كىيىم ئىشكاپلىرىنى، كارىۋاتنىڭ ئاستىلىرىنى، ئىشقىلىپ ئادەم سۇقۇنغۇدەكلا يەرلەرنى ئاختۇرۇش-تى. ئاندىن رەھىمنى پۈركەپ تېڭىپ قويغان ھېلىقى ئەديالغا قارىدى ۋە :

—ئانا! بۇنىڭ ئىچىدە نېمە بار-دېدى گۇمان نەزىرىدە قاراپ.

— كۆرۈپ تۇرۇپسىلەرغۇ، بۇ يوتقان، كۆرپە، كارىۋات كىرلىكى، ئەديال-دېدى ئۇ رەھىم ئاڭلىسۇن-دە قىمىرلىماستىن جان ساقلىسۇن-دەپ ئۈنلۈك ۋارقىراپ. لېكىن ئۇنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ بازغاندەك ئۇرۇشقا باشلىدى.

— مىلتىقنىڭ نەيزىسىنى سانجى-دېدى كوماندىر ئەسكەرگە بۇيرۇق بېرىپ. ئەسكەر قولىدىكى نەيزىلىك مىلتىقنى تېڭىقنقا ئارقىمۇ ئارقا ئۈچ قېتىم سانجىدى. يالتىراپ تۇرغان نەيزە تېڭىقتقا ئەمەس ئەكسىچە ئۇنىڭ يۈرىكىگە سانجىلاتتى. ئەگەر ئەسكەر نەيزە سانجىشنى دەرھال توختاتمىغان بولسا، ئۇ ۋارقىرىۋەتكەن بولاتتى. ئۇ بوغۇزىغا ئۇسۇپ چىقىۋاتقان قورقۇنچلۇق ۋارقىراشلىرىنى بېسىشقا تىرىشاتتى ۋە ئۆتكۈر نەيزە تىغىنىڭ ئوغلىغا سانجىلىپ كەتمەسلىكىنى، ئوغلىغا مەدەت بېرىشىنى، ۋارقىراپ، ياكى مىدىرلاپ ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويماسلىقنى ئاللاھتىن تىلەيتتى.

نېمە دېگەن ئۇلۇق مۆجىزە ھە! ئاللاھ رەھىمنى نەيزىدىن ساقلىغان ئىدى. رەھىم قىمىر قىلمىدى. پاشىنىڭ ئاۋازىچىلىكمۇ سادا چىقمىدى.

ــ يولداش كوماندىر ھېچ نەرسە يوق. پەقەتلا يوتقان، كۆرپىلەركەن-دېدى ئەسكەر دوكلات بېرىپ.

ــ يۇر! باشقا ئۆيلەرگە قاراپ چىقايلى-دېدى كوماندىر بۇيرۇق قىلىپ. شۇندىلا ئۇ چۇڭقۇر نەپەس ئېلىپ، ئۈستىدىكى تاغدەك يۈكتىن قۇتۇلغاندەك يېنىك قەدەم بىلەن مېھمانخانا ئۆيگە قايتىپ كىردى. نەجىبە ئۇنىڭغا چەكچەيگەن ھالدا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى. ئۇ بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ، خاتىرجەملىكنى بىلدۈردى. نەجىبەمۇ رەھىمنىڭ ئامان قالغانلىقىنى بىلىپ يېنىك ئۇھ تارتىۋالدى.

ــ ئاشخانىدىن بىر جام سۇ ئېلىۋېلىشىمغا رۇخسەت بېرەمسىز؟

- سوردى ئۇ قاراۋۇللۇقتىكى ئەسكەردىن.

ــ ياق ئانا، كوماندىر قايتىپ كىرگىچە سىز مۇشۇ يەردە تۇرىسىز-دېدى قاراۋۇل كەسكىن تەلەپپۇزدا.

بىر ھازادىن كېيىن كوماندىر يەنە بىر ئەسكەر بىرلىكتە دالان ئۆيدىن ئۆتۈپ مېھمانخانا ئۆيگە كىرىشتى. بىر ئازدىن كېيىنلا يەنە بىر ئەسكەرمۇ كىرىپ كەلدى ۋە- بىز ھېچنەرسە تاپالمىدۇق يولداش كوماندىر-دېدى دوكلات بېرىپ.

ــ ھېچكىم كۆرۈلمىدى؟

ــ ياق، يولداش كوماندىر!

ــ باشقا ئىككى ئەسكەر قەيەردە؟

ــ سىرتتا قاراۋۇللۇق قىلىۋاتىدۇ يولداش كوماندىر.

ــ ئانا بىز شۇنداق قارايمىزكى، ئوغلىڭىزنى ئەسكەرلىككە ئۆزلىكىڭىزدىن ئەۋەتىپ بەرسىڭىز، سىلەر ئۈچۈن ياخشى بولىدۇ. ئوغلىڭىز ئەسكەرلىكتە ياخشى مائاش ئالىدۇ ھەم باندىتلارنىڭ

يامان يولغا باشلاپ كېتىشىدىن، ياكى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن ئامان قېلىشىنىڭ بىردىن بىر پۇرسىتىگە ئېگە بولىدۇ. ئەگەر ئۆزلىكىدىن ئەسكەرلىككە بارمىسا، سىلەر ئۈچۈن ئېغىر خاپىلىق تېپىپ بەرگەن بولىدۇ. قېنى ياخشى ئويلىنىش! ــ كوماندىر ئۇلارغا تەھدىت سالماقتا ئىدى.

ــ ئوغلۇم باندىتلارنىڭ يېنىدىمۇ ئەمەس، كابۇلدىمۇ يوق. بەلكى شىمالدىكى ھامىمىسىنىڭ يېنىغا كەتكەن.

ــ ياخشى، شۇنداق بولغان بولسا، ئۇنىڭغا خەۋەر يەتكۈزۈڭلار. ئۇ دەرھال كابۇلغا قايتىپ كەلسۇن. ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى ئويلىسۇن. ئۇ تېخى گۆدەك. ئەسكەرلىكتە ئۇنىڭ ئەقلى قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن سوۋېت ئارمىيەسىگە ئەۋەتىلىش پۇرسىتى بار-دېدى كوماندىر تاشلىۋېتىلگەن مۇردىدەك قېتىپ ھەم ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق بەردى ــ بىز ئەمدى قايتىمىز!

ئۇلار بۇ قېتىم تامدىن ئارتىلىپ ئەمەس، دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىشتى. ئۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ دەرۋازىنى تاقىدى. ئاندىن نەجىبە بىلەن بىرگە ياتاق ئۆيگە كىرىپ تېڭىقنى يەشتى. ئۇ قورقۇنچتىن سەكرەپ تاشلىدى- ۋاي خۇدايىم! جېنىم ئوغلۇم قانغا بويىلىپ كېتىپسەنغۇ!

ــ ئاپا بىلىگىم ئوتتا كۆيگەندەك كۆيۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ-دېدى رەھىم ئىڭراپ. رەھىمنىڭ يۈزلىرى تامدەك تاتارغان، كۆينىگىنىڭ سول بېقىنى، يېڭى پۇتۇنلەي قان بىلەن بويالغان ئىدى. ئۇلار رەھىمنى دەرھال تېڭىقتىن يېشىپ، پەم بىلەن كارىۋاتقان ياتقۇز-ىدى. نەجىبە ئىنىسىنىڭ يارىسىنى يۇيۇپ تېڭىش ئۈچۈن سوغۇق سۇ، بۆز ئەكىرىشكە ئالدىرايتتى. رەھىم ئاشۇ ئېغىر بەختسىز لىك ئىچىدە بەختكە يارىشا ساق قالغان ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ سول بىلىكى كۆكسىنىڭ ئۈستىگە توغۇرلىنىپ باغلىنىپ قالمىغان بولسا، مىلتىقنىڭ نەيزىسى ئۇنىڭ دەل يۈرىكىگە قادالغان بولات-

ـتىكەن. ئۇنىڭ بىلىكى ئۇنى ئۆلۈمدىن قوغداپ قالغان. يەنە بىر بەخىت بولسا، مىلتىقنىڭ نەيزىسى سۇغۇرۇلۇپ چىققاندا قېلىن يوتقان، كۆرپىلەردىن، ئەديالدىن ئۆتكىچە قان يۇقى تازلىنىپ قالغان. بولمىسا قان يۇقى كۆرۈلۈپ قالسىچۇ! ئەگەر ئۇلار قان يۇقىنى كۆرگەنلا بولسا، ھەممە ئىش شۇ يەردىلا ئاخىرلاشقان بولاتتى.

بۇنداق بىر ھادىسىگە لازىملىق دورىلار ئۆيدە يوق ئىدى. بۇ كېچىدە دورا ئىزدەپ سىرىتقا چىقىش مۇمكىن ئەمەس. ياكى بىرەر دوختۇرنى ئۆيگە باشلاپ كېلىش تېخىمۇ ئەپسىز. ئاخشام سائەت توققۇز سىرىتقا چىقىشنىڭ ئاخىرقى چېكى بولۇپ بەلگۈلەنگەندىن بېرى كوچىلاردا ئەسكەر قاينايدۇ. ئۇلار مىدىرلىغانلىكى نەرسىنى تەكشۈرىدىغان گەپ. قوشنىلارنىڭكىدىنمۇ بىرەر دورىلىق نەرسە سوراش تېخىمۇ خەتەرلىك. چۈنكى چېقىپ قويۇشى ئېنىق. دېمەك، ئۇلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى- رەھىمنىڭ يارىسى ياللۇغلىنىپ قېلىش خەۋپىگە قارىماستىن ئۆزلىرى بىلگەنچە ئامال قىلىشتىن باشقا چارە يوق ئىدى. شۇڭا ئۇلار رەھىمنىڭ يارىسىنى دېققەت بىلەن يۇيۇپ، بىر پارچە ماتا بىلەن تېڭىپ كارىۋاتقا ياتقۇزدى. ئۇ لۆڭگىنى يۆل قىلىپ رەھىمنىڭ تەر تەپچىرەپ تۇرغان پىشانىسىگە باساتتى. بىلىكىنىڭ ئاغرىقى دەقىقىمۇ دەقىقە ئارتماقتا. رەھىم ئاغرىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، چالا ئۆلۈك يىلاندەك تولغىناتتى. ئاغرىق ئازابى بىلەن تولغان نالىسى بىردە كۆتۈرلۈپ، بىردە پەسلەپ قالاتتى. ئۇ رەھىمنىڭ بېشىنى سىلاپ يىغلايتتى. چۈنكى ئۇ ئوغلىغا ياردەم قىلالمايۋاتاتتى، ئوغلىنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتەلمەيۋاتاتتى.

ئەتتىگەن سائەت ئالتە ئەتراپىدا رەھىمنىڭ قىزىتمىسى يەنە ئۆرلەپ، بەدەنلىرىدىن تاۋلانغان تونۇردەك قىزىق ھارارەت كۆتۈرۈلمەكتە. كۆرپە بىساتلارمۇ تەرگە چۆمۈلۈپ چىلىق چىلىق

يۈل بولۇپ كەتتى. سائەت سەككىزلەردە رەھىمىنىڭ ھالى تاقەت قىلغۇسىز دەرىجىدە يامانلىشىپ كەتتى. نەجىبە ئىنىسىنىڭ كارىۋىتى يېنىدا يەردىلا ئولتۇرۇپ ئۇيقىغا كەتكەن ئىدى. ئۇ نەجىبەنى ئويغۇتۇپ ئىنىسىگە قاراشنى تاپىلىدى-دە، دوراخانىغا بېرىپ لازىملىق دورا ئېلىش نەقەدەر خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئوغلىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇش ھەممىدىن مۇھىم ئىدى.

ئۇ ئالدىراش رىداسىنى كەيدى. بېشىغا رومالنى ئارتىپ، ئۇيقۇسىزلىقتىن، ئېغىر قايغۇدىن ھالسىرىغان نىمجان ھالدا دوراخانىغا باردى ۋە كېسەلگەن يارىغا سۈرتىدىغان مەلھەم، تېڭىق لىنتىسى، قىزىتما ۋە ئاغرىق پەسەيتىش دورىسى قاتارلىق نەرسىلەرنى تەلەپ قىلدى. دوراگەر ئۇنى ياخشى تونۇيتتى. ھەمدە بۇ ئائىلىنىڭ مۇجاھىدلار بىلەن شېرىكچىلىكى بار دېگەن تۆھمەت بىلەن مۇنقەرز بولغانلىقىنىمۇ ئۇبدان بىلەتتى. دوراگەرنىڭ ھۆكۈمەتكە سادىقلىقى مۇشۇ رايوندا ھەممىگە تونۇشلۇق. ئۇ دورىلارنىڭ باندىتلارغا ئىشلىتىلىدىغانلىقىغا جەزىم قىلسا، ياكى گۇمان قىلسا دەرھال (خ.ئا.د) مەخپىيەتلىك ئىدارىسىغا مەلۇم قىلىشى تەبى. ئەسلىدىنلا بارلىق دوراگەرلەر مەخپىيەتلىك ئىدارىسىغا باغلىنىشلىق بولۇپ، كىشىلەر دورىلارنى يارىدارغا ئىشلەتمەكچى بولسا دەرھال مەلۇم قىلىشى كېرەك.

دوراگەر ئۇنىڭغا گۇمانى نەزىرى بىلەن قارىدى-دە:

ــ قانداق كېسەلگەن يارا ئۇ-دېدى ئېنىقلاش ئۇچۇن سوراپ.

ــ قىزىم پىياز توغراۋېتىپ بارمىقىنى سۈڭەككىچە كىسىۋاپتۇ. دورىلارنى ئۆزەمگە ئالىمەن. ئىككى كۈندىن بېرى قىزىتمام ئۆرلەپ، بېتاپ بولۇپ قالدىم-دېدى ئۇ تەمتىرىمەستىن دوراگەرگە جاۋاپ بېرىپ. لېكىن ئىچىدىن بىر ئەندىشە ئۇنى دەكە-دۈكىگە سالاتتى.

ئاھ شۇنداقمۇ، مېنىڭدە ياخشى لازىمەتلىكلەر بار-دېدى دوراگەر

ۋە يارنى يۈيۈش ئۈچۈن بىر كىچىك شىشىدە ئىسپىرت، يارىغا سۈرتۈش ئۈچۈن بىر ئاز مەلھەم، تېڭىق لىنتىسى ، ئاسپىرىن، ئون دانە قىزىتما پەسەيتىش تابلىتى قاتارلىقلارنى بەردى. ئۇ پۇلنى تۆلىۋېتىپ دورىلارنى رىداسىنىڭ يانچۇقىغا سالدى. ئاندىن دوراخانىدىن چىقىپ نان دۇكىنىغا بېرىپ نان سېتىۋېلىپ ئۆيگە يول ئالدى.

ئۇ ئۆيگە يېتىپ كېلىپلا رەھىمگە تابلىتلارنى ئىچتۈردى. نەجىبە بىلەن ياردەملىشىپ رەھىمنىڭ بىلىكىدىكى تېڭىقنى يەشتى. ئاينىپ كەتكىلى تەييار تۇرغان يارنى ئىسپىرت بىلەن يۇيۇپ، مەلھەمنى سۈرتتى ۋە تېڭىق لىنتىسى بىلەن مەھكەم تاڭدى. تابلىت كۈچىنى كۆرسىتىپ رەھىم بىر قانچە مىنۇتتىن كېيىنلا چوڭقۇر ئۇيقىغا كەتتى. لېكىن ئەندىشە چوڭ، چۈنكى رەھىم يارىلانغان قولى بىلەن جىددىي ئەھۋال ئاستىدا تېز ھەرىكەت قىلالمايدۇ. ئۆگزىگە قېچىش ئۈچۈن شوتىغا يامىشىپ دەرھال ئۆزىنى دالدىغا ئالالمايدۇ. شۇڭا ئۇلار كېچىكىپ قېلىشتىن بۇرۇن ھازىردىن ئېتىبارەن تېز تۇتۇش قىلىشى كېرەككى، رەھىمنى ئەڭ قىسقا يول بىلەن مۆكىدىغان يەرگە يەتكۈزۈش، ئۇيەردە يارىسى سەللىمازا ساقايغىچە، تولۇق كۈچىگە كەلگۈچە ئۇزۇن ۋاقىت خاتىرجەم تۇرۇشى كېرەك. لېكىن قەيەرگە؟ بۇ بەكمۇ ئېغىر باش قېتىنچىلىقى. ئىشەنچ قىلغۇدەك تۇققانلارنىڭ ھەممىسى چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن تۇرسا. ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچى بىلەن توي قىلىپ، شىمالدا ئۆيلۈك بولۇپ قالغان بىردىن بىر سىڭلىسى باتتى. ئۇلار ئىككى بالىسى بىلەن كىچىك بىر يېزىدا تۇرىدىغان. بىراق ئەزىم ئەپەندىنى تۇتقۇن قىلىشتىن بەش ھەپتىچە ئاۋال بۇ يېزا رۇس ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىرلەشمە ھۇجۇمىدا بومباردىمان قىلىنغاندىن بېرى ئۇلاردىن تېخىچە خەۋەر يوق. قوشنىلارغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھۆكۈمەتكە

سادىق، باش ئەككەن خور كىشىلەر. ئەزىم ئەپەندى قولغا ئېلىنـ-
غاندىن ۋە ماھمۇد ئۆلتۈرۈلــگەندىن بىرى، قوشنىلارنىڭ ھېچـ-
بىرى بۇ ئائىلىنىڭ يۈزىگە باقمىدى. دوقۇرشۇپ قالغاندا گۈيا
ئالۋاستىدىن قاچقاندەك ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشىدۇ. ئۇلڭ تەرەپتىـ-
ـكى قوشنا پارتىيە ئەزاسى، ئۇنىڭ ئائىلىسى بۇلارغا كۆز-قۇلاق،
ھەتتا تامدىن بۇيۇن ئۇزارتىشىپ گەپ تىڭشايدۇ، دەرۋازا ئالدىدا
تۇرۇپ مارلايدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ نەزىرىدە گۇمانلىق بولۇپ قالغان
كۆپلىگەن تونۇشلار، قوشنىلار بۇلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشتىن
تېخىمۇ ئۆزلىرىنى تارتىشىدۇ. كېيىنكى كۈنلەردە كوچىلاردا
يولۇقۇپ قالغانلار ئارىسىدا كۆزىنىڭ قۇيرىقىدا قاراپ، بىر كەلىمە
سۆزمۇ قىلىشماستىن ئۆتۈپ كېتىشكەنلەرمۇ بولغان ئىدى.

نەجىبە بىلەن ئىككىسى بۇ ھەقتە بىر يول تېپىش ئۈچۈن بىر
سائەتتىن ئارتۇق پىكىرلەشتى. لېكىن قايسىنى دېمىسۇن
ئاخىرى چىقمايتتى. بىرلا، بىردىن بىر ئۈمۇد بولۇپ قالغىنى
ھېلىقى دوستدارچىلىغى بار ئوفىتسېر ئىدى. لېكىن كەچ كىرىپ
ئوفىتسېر خىزمەتتىن قايتىپ ئۆيىگە كەلگىچە كۈتۈش كېرەك.
چۈنكى ئۇنىڭ ئايالى بۇ ھەقتە يالغۇز ئۆز ئالدىغا قارار قىلالمايدۇ.

كەچ سائەت بەشتىن بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئوفىتسېرنىڭ
ئۆيىگە ئۇندى-دە، كېچە يۈز بەرگەن مۇدھىشلارنى رەھىمنىڭ
بېشىغا كەلگەن خېيىم- خەتەرلەرنى تولۇق ئاڭلىتىپ، رەھىمنىڭ
يارىسى ساقايغىچە بىر قانچە كۈن ئۇلارنىڭ ئۆيىدە مۆكۈنۈپ
تۇرۇشىنى ئۆتۈندى. ئوفىتسېرنىڭ ئايالى سۆزسىز مۇرىسىنى
ئىرغىتىپ قويىدى. ئوفىتسېر بىر قانچە دەقىقە بېشىنى تۆۋەن
سېلىپ ئويلۇنۇپ، ئاخىرى زۇۋان سۇردى:

ــ سىما مەن بىلىمەن، سىنىڭ قانداق تۈيغۇدا ئىكەنلىكىڭنى.

لېكىن بۇ كۈنلەردە ھەممىمىزنىڭ بېشىدىكى ئېغىرچىلىقلار
شۇكى، ئاددى ئىشلار بىلەن بىزنى يوقۇتۇۋاتىدۇ. ئۇچىغىنى

ئېيتسام كېيىنكى كۈنلەردە مىنىستىرلىكتە ماڭا ھەمىسىلا تەتۈر قارىشىۋاتىدۇ. نېمىشكە؟ ـ چۈنكى مەن سېنىڭ يولدۇشۇڭ ئەزىمنىڭ يېقىن دوستى بولغۇنۇم ئۈچۈنلا. بىر قانچىسى يولدۇشۇڭ ۋە ئوغلۇڭ ماھمۇد توغرىسىدا مەندىن سورىغانمۇ بولدى. مېنىڭ ئۆيۈمنى، ئائىلەمنى مەخپىيەتلىك ئىدارىسىدىن نازارەت قىلىۋاتقانلىقىنى، مارلاۋاتقانلىقىنى بىلىمەن. سەن قانداق قارايسەن ئەگەر ئۇلار ئوغلۇڭ رەھىمنى مېنىڭ ئۆيۈمدىن تېپىۋالسا، ماڭا قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى ھەققىدە؟ ـ شۈبھىسىزكى يولدۇشۇڭغا قانداق قىلغان بولسا، ماڭىمۇ شۇنداق قىلىشىدۇ! ئۆتۈنۈپ قالاي مېنى چۈشەنگىن سىما. بىزنىڭ ئۈچ بالىمىز بار. بالىلىرىمغا بۇنداق بالانىڭ كېلىشىنى مەن كۈتەلمەيمەن. رەھىمنى باشقا بىر يەرگە ماڭدۇرالامسەن؟ ـ سورىدى ئوفىتسېر گۇناھسىز، سەمىمى سۆزلىرىدىن كېيىن.

ـ ياق، بىز بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى ئويلۇشۇپ كۆردۇق. ئەمدى باشقا ئامال يوق ـ دېدى ئۇ جۇرئەت ـ جاسارىتىنى يوقاتقان ھالدا.

ـ بولىدۇ سىما، ماڭا ئەتىگىچە ۋاقىت بەرگىن. مەن ياخشىراق ئويلىنىۋالاي. ئەگەر بىرەر ئىمكانىيەت تېپىلسا ساڭا بىلدۈرۈمەن ـ دېدى ئوفىتسېر ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ.

ئۇ ئاھ ئۇرغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، تېنەپ ـ تەمتىرەپ ئەتراپقا قارىدى. ئوفىتسېرنىڭ ئايالى ئۇنى دەرۋازىغىچە باشلاپ كەلدى.يولدىشىغا بىر ئاز بېسىم قىلىپ بېقىشنى ئۆتۈندى ئۇ بۇسۇغىدا خوشلىشىۋېتىپ. ئوفىتسېرنىڭ ئايالى يولدۇشىنى قىستايدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇنىڭغا ۋەدە بەردى ـ يۇ يەنە ئوخشاشلا نەتىجىسىنىڭ بەك ئاز بولىشىنى چۈشىنىشىنىمۇ قوشۇمچە قىلدى. يەنە شۇنداقتىمۇ قولىدىن كېلىشچە ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ئوڭۇشلۇق تىلەپ ئۇزىتىپ قويدى.

ئۇ قايتىپ كېلىپ ھويلىغا كىرگىنىدە نەجىبە ئايۋان ئاستىدىكى پەلەمپەيدە فەۋزىيەنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ ئولتۇراتتى. راتەب يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئېسىلىپ:

ــ ئاپا، ئاپا رەھىمنى ئەسكەرلەر تۇتۇپ كەتتى ـ دەپ ۋارقىرايتتى بالىلارغا خاس ھاياجان ۋە قورقۇنچ ئىچىدە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى مۇزدەك سوغۇق تەر باستى ۋە :

ــ ۋاي خۇدايىم! جېنىم ئوغلۇم ـ دەپ قورقىنىدىن ۋارقىرىۋەتتى. ھەمدە ـ ھەي نەجىبە! بۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ! ـ دېدى ئۇ غەزەتىن ئۆزىنى تۇتالماي قىزىغا دۈۋەيلەپ.

ــ ئاپا، سەن كېتىپلا رەھىم سۇ ـ دەپ نالە قىلدى. سېنىڭ ئارقاڭدىن دەرۋازىنى تاقىۋېتىشنى ئۇنتۇپ قاپتىكەنمەن. ئۇلارنىڭ مېھمان خانا ئۆيگە كىرىپ بولغانلىقىنىمۇ بىلمىگەنىكەنمىز ـ دېدى نەجىبە ھېقىقداپ.

ــ لېكىن تېخى رەھىمنىڭ ئۆرە تۇرالىغۇدەك ھالى يوق ئىدىغۇ!

ــ ئىتنىڭ بالىلىرىغا دېدىم. بىراق ئۇ ئىتنىڭ بالىلىرى مازاق قىلىپ كۈلۈشكىنىچە رەھىمنى ماشىنىغا بېسىپ ئېلىپ كېتىشتى.

ــ ئۇلار رەھىمنى قاياققا ئېلىپ بارىدىغانلىقلىرى توغرىسىدا بىر نەرسە دېيىشمىدىمۇ؟

ــ دەدى. ھەربى دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىدىكەن.

ــ رەھىمنىڭ ئۆيدە ئىكەنلىكىنى قەيەردىن بىلىشكەنلىكـ ـلىرىنى ئېيتتىمۇ؟ بولمىسا ئۇلار مەقسىدىگە قانداق يېتەلەيتتى!

ــ ھېلىقى كوماندىر رەھىمگە مۇنداق دېدى:

ــ يىگىت، سەن تەلەيسىز ئىكەنسەن! نەيزىسىنىڭ ئۇچىدا قان دېغى قېتىپ قالغان ئەسكەر ساڭا خائىنلىق قىلىپ قويدى.

ــ مېھرىبان خۇدا، مەن تېخى ئۇلار ھېچ نەرسىنى بىلمىدى ـ دەپ

ئويلىغان ئىدىم، بولغۇلۇق بولدى، نەجىبە ئۇكىلىرىڭغا ئوبدان قارا. مەن ھەربى دوختۇرخانىسىغا بارىمەن.

ــ ئاپا، ئۆلگۈرەلمەيسەن. سەن ئۇ يەرگە يېتىپ بارغۇچە كېسەل كۆرگۈچىلەرنى قوبۇل قىلىدىغان ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئۇ قول سائەتىگە قارىۋىدى، نەجىبە ھەقلىق ئىكەن. سائەت يەتتىگە ئاز قالغان. ئۇنىڭ يۈرىكىگە مۇز تېگىپ قويغاندەك بولۇپ قالدى. تەقدىر ئۇنى يېگىدىن يەنە بىر شەپقەتسىز جەڭ مەيدانىدا ئېلىشىشقا قىستىماقتا! ئائىلىسى تۆھمەت قۇربانى بولغان، چارەسىز بىر ئايالنى ئۇمىتسىزلىكى كۆرۈلۈپ تۇرغان ھالدا تەلەي سىناشقا قىستىماقتا. لېكىن ئۇ ياردار ئوغلىنى رەھىمسىز ئالقاندىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بۇ جەڭنى قوبۇل قىلىشى كېرەك!

كېيىنكى كۈنى ئەتتىگەندە كۈتۈلمىگەن بىر خۇش خەۋەر، ئىچىگە سىغدۇرالماي تولۇپ تاشقاندەك بىر بەخت شاتلىقى يېتىپ كەلدى ــ ئۇنىڭ ئوغلى رەھىم ھەربى دوختۇرخانىسىدا بار ئىكەن. خۇداغا شۈكرى! رەھىم ھەربى دوختۇرخانىسىنىڭ تۆتىنچى قەۋىتىدە بىر ياتاقتا يالغۇز ياتقۇزۇلۇپتۇ. ئىشىك تۈۋىدە قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان ئەسكەر ئۇنى ياخشى تونۇيتتى. بولمىسا كىملىك، مۇناسىۋەت تەكشۈرمەستىن كىرگىلى قويمايتتى.

ــ ئاھ خۇدا! مەن نېمەدېگەن بەختلىك ھە! ئوغلۇمنى يەنە تېپىۋالدىم-دەيتتى ئۇ پىچىرلاپ، ئىچىدىن پارتىلاپ چىقىۋاتقان شاتلىق ۋۇلقانلىرىنى باسالماي. ئۇ رەھىمنى باغرىغا باساتتى. پۇرايتتى. يۈزلىرىگە قانماي سۆيەتتى. رەھىم ياخشىلىنىپ قالغاندەك كۆرىنەتتى، قىزىتمىسىمۇ يوق.

ــ ئوغلۇم، ئۇلارنىڭ قانداق پىلانلىرى باركەن؟ ساڭا ئېيتتىمۇ؟

ــ ھەئە، ماشىنىدا كېلىۋېتىپ كوماندىر مۇنداق دېدى ــ ئەگەر مەن مەكتەپكە بارمىسام، جەزمەن ئەسكەرلىككە بېرىشىم كېرەك ئىكەن.

ــ بۇ سىبىسىپ ، پۇراپ كەتكەن گەپ ئوغلۇم. ئۇلار مەكتەپكە بېرىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىمۇ ئەسكەرلىككە مەجبۇرى ماڭدۇرىۋاتىدۇ! رەھىم ئوغلۇم ئوبدان ئاڭلا. بۇ يەردىن پۇرسەت تېپىپ قاچقىن-دە، ئۆزەڭنى يوشۇرغىدەك بىر يەرگە دالدىغا ئېلىپ، ماڭا دەرھال خەۋەر يەتكۈزسەن. سېنى دەرھال پاكىستانغا مۇجاھىدلارنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويىدىغان كىشىنى ئىزدەيمەن.

ــ ئاپا، خۇدا ئۇرسۇن! بۇيەردىن غايىپ بولۇش بەك قىيىن؛ ئىشىكنىڭ يېنىدا ئەسكەر باقىدىغان تۇرسا؛ مەن قانداق چاغدا ياتاقتىن چىقسامىلا قاراۋۇل ئەسكەر ئارقامدىن سايىدەك ئەگىشىپ ماڭىدۇ. شۇنداقتىمۇ غەم قىلما ئاپا. مەن ئۆزەمنى قۇتۇلدۇرۇشتىن ۋاز كەچمەيمەن. قانداقلا بولمىسۇن چوقۇم بېجىرىمەن.

رەھىم شۇ گەپلىرى بىلەن ئانىسىغا ھەم تەسەللى ھەم جاسارەت بېغىشلايتتى. ئۇ ئوغلىنى يوقلاپ كېيىنكى كۈنلىرىمۇ كېلىپ تۇردى. بىراق بىر نەرسە ئېلىپ كېلىش مەنئى قىلىناتتى. ھەمدە ھېلىقى دوستتانە ئوفىتسېر ياردەم قىلغان پۇلمۇ ئانچە كۆپ بولمىغاچقا، ئۇلار ئاچ قالماسلىق ئۈچۈنلا ئىنتايىن تېجەپ خىراجىئەت قىلماقتا ئىدى. ئالتىنچى كۈنى رەھىم ھەربى دوختۇرخانىسىدىن غايىپ بولدى. بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇ ئوغلىنىڭ مۇۋەپپىقىيەتلىك قاچالىغانلىقىدىن بىردەملىك شاتلاندى. شۇنداقتىمۇ كۆڭلىنى خاتىرجەم تاپقۇزۇش ئۈچۈن، كېسەل ھەمشىرىسىدىن رەھىم توغرۇلۇق سورىدى. ھەمشىرىمۇ رەھىمنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىدىن خەۋەرسىز بولغاچقا، دوختۇرخانا مۇدىرىدىن سوراپ بېقىش تەكلىۋىنى بەردى.

ــ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىدىكى مۇناسىۋەتلىك بۆلۈمدىن ئەسكەرلىككە يىغىدىن ئېلىنغانلارغا مەسئۇل خادىمدىن سوراڭ. ئوغلىڭىزنىڭ ھەربى مەجبۇرىيىتى ئادا قىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا خەۋىرىم بار. بىراق ئۇنىڭدىن ئارتۇغىنى مەنمۇ

بىلمەيمەن-دېدى دوختۇرخانا مۇدىرى.

ــ ئوغلۇمنىڭ جارائىتى ياخشىلانغانمىدى- سورىدى ئۇ. لېكىن نېمە دەۋاتقانلىقىنىمۇ تازا بەك ئاڭقىرالمايتتى.

ــ شۇنداق، ئەلۋەتتە! بولمىسا ئۇنى ئېلىپ كېتەلمەيتتى- دېدى مۇدىر جاۋابەن، پەرۋاسىز ھالدا.

ئۇ بىر مەھەل زوۋانى تۇتۇلۇپ قالغاندەك، ھەتتا نەپەسىمۇ توختاپ قالغاندەك ھېس قىلدى. بايقى شاتلىق، ئۈمىد خۇددى سۇ يۈزىدىكى كۆپۈكتەك يوقالغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا خوشمۇ دېمەيلا، مۇدىر ئىشخانىسىدىن يۈگرەپ چىقىپ كەتتى. ئۇ كارىدورغا چىقىپ ئېھتىمال ئون قەدەمچە ئۇزاقلاشقان ئىدى، ئارقىسىدىن مۇدىر توۋلىدى ــ خانىم بىر دەقىقە توختاپ تۇرۇڭ!

مۇدىر ئۇنىڭغا يېتىشىپ بىر پارچە قەغەزنى ئۇزاتتى ۋە- مۇشۇ ئادرېسقا بېرىپ مەقسىدىڭىزنى ئېيتسىڭىز، ئوغلىڭىزنى قەيەردىن تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىسىز-دېدى چۈشەندۈرۈپ. ئۇ ئادرېس يېزىلغان قەغەزنى مۇدىرنىڭ قولىدىن ئېلىپ، كۆرسەتكەن ياردىمىگە مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى ۋە دوختۇرخانىدىن ئالدىراش چىقىپ، ئاپتوبۇسقا ئولتۇردى-دە، كۆرسۈتۈلگەن ئادرېسقا قاراپ يول ئالدى.

# توققۇزىنچى باب
# تۇبان بالاسى

بېنانىڭ ئالدىدا سان - ساناقسىز ئادەملەر توپلاشقان ئىدى. كىشىلەر قايىنىمى خار-زەبۇنلۇق، نالە ــ پەريادتىن ھاسىل بولغان بىر ئېچىنىشلىق مەنزىرەنى كۆرسۈتەتتى! ئاتا-ئانىلار، قېرىند-

داشلار، بەزەنلىرىنىڭ كۆزى ياشلىق، بەزەنلىرىنىڭ چىھرىلىرىدىن ئەقىل- ھوشىنى يوقۇتۇپ قويغانلىقى كۆرۈلۈپ تۇراتتى. ئۇلار ئۆن-تىنسىز يوقالغان ئوغۇللىرىنىڭ خەۋىرىنى كۈتۈشەتتى. توغرىسى ئاتا-ئانىلار ئوغۇللىرىنىڭ، قېرىنداشلار ئاكا-ئىنىلىرىنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىشاتتى. باللارنىڭ بەزەنلىرىنى ئۆيلىرىدىن- ئاتا-ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ كۆز ئالدىدىن مەجبۇرى ئېلىپ كېتىلگەن بولسا، بەزەنلىرى كوچا-كويلاردىن تۇتۇپ كېتىلەتتى-دە، ئەسكەرلىككە مەجبۇرى تىزىملاپ، ئائىلىسىگە خەۋەرمۇ يەتكۈزۈپ قويماستىن ئالدىنقى سەپتىكى جەڭ مەيدانىغا ماڭدۇرىلاتتى.

ئۇ كىشىلەر قاينىمىغا چۆكمەكتە. ھەر بىر كىشى بېنانىڭ ئىشىكىگە قاراپ ئاقاتتى. لېكىن بۇ چوڭ قايىنامدىن ئۆزۈپ ئۆتەلمەيتتى. ئۇ پۈت-قوللىرىنىڭ ئۇيە-ئۇيىلىرىدىن پاچاقلىنىۋې-تىلگەندەك ھارغىن، ئاچلىقتىن مەيدىسى كىرىلدىغان ھالدا توپ ئىچىدىن چىكىنىپ چىقىپ، تامغا يۆلەنگىنىچە، يىراقتىن بوينىنى سوزۇپ ئىشخانىنىڭ ئىشىكىگە تەلمۈرشكە باشلىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئازىيىشىنى، تارقىلىشىنى ئۈمىت قىلاتتى. ئۇلام ئەمەس، يەنە نۇرغۇن كىشىلەرمۇ يۈرەك پارىلىرىنىڭ ھايات- ماماتى ھەققىدە بىرەر مەسئۇلىيەتچانلىققا ئىگە جاۋاپقا ئېرىشەلمەيتتى. ئۇ ئاخىرى ئۆزىنى ئۇپراتقان، كۈچ- مادارىنى يوقاتقان ھالدا ئۆيگە يول ئالدى. ئۇ يول ئۈستىدە ھېلىقى ئوفىتسېرنىڭ ئۆيىگە يولۇقۇپ، رەھىمنى مەجبۇرى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاتقاچ، قەيەرگە ماڭدۇرىدىغانلىق توغرىسىدا مەلۇمات ئېلىشنىڭ ئىمكانىيىتىنى سورىدى.

ــ بۇ ھەقتە ساڭا ياردەمچى بولالىشىم مۇمكىن. مەن بىرىنى تونۇيمەن، ئەتە ئۇنىڭغا تېلىفون قىلىپ سوراپ كۆرەي. سەن دۈشەنبە ئاخشىمى بىزگە كەلگىن، شۇچاغدا ئەھۋالنى ساڭا

ئېيتىمەن. ساڭا هازىرلا ئېيتىپ قويايكى، نەتىجىسى توغرىسىدا ۋەدە بېرەلمەيمەن. چۈنكى بىزنىڭ ئەمەلدارلىرىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزەڭمۇ بىلىسەن- دېدى ئوفىتسېر سۆزىنىڭ ئاخىرىدا. ئۇ چوڭقۇر مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ، كىچىككىنە ئۈمۈد ئۇچقۇنىنى ئېلىپ ئۆيگە قايتتى.

كېيىنكى كۈنى ئۇ كەچنىڭ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى. بىر سائەتلىك ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىركۈندىن ئۇزۇن بىلىنەتتى. ئۇ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ بولالماي هويلىدا ئۇياقتىن- بۇياققا ئەقلىدىن ئادىشىپ قالغان مەجروهتەك يۈگۈرەيتتى. قولى ئۆي ئىشلىرىغا زادىلا بارمايتتى. ئۇ نېمىنىلا قىلمىسۇن ئاخىرىغا ئاچىقالمايتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئوي-خىيالى رەھىمدىن ئۈزۈلمەيتتى- ئوغلىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى، هايات، ياكى ماماتلىقىنى بىلمەيتتى. رەھىم بۇ ئائىلىنىڭ بىردىن بىر تۈرىگى ئىدى. شۇ ئاندا رەھىم ئۇلارغا قانچىلىك كېرەكلىك بولسا، ئۇلارمۇ رەھىمگە شۇنچىلىك زۆرۈر ئىدى.

ئاخىرى كەچمۇ يېقىنلىشىپ كەلمەكتە. ئۇ سائەت ئالتىگە ئۈلگۈرۈپ ئوفىتسېرنىڭ ئۆيىگە چاپتى. ئۇ ئوفىتسېرنىڭ ئايالى بىلەن تېنچلىق سورىشىپ تۇرىشىغىلا ئوفىتسېرمۇ خىزمەتتىن قايتىپ كەلدى. ئۇ ئوفىتسېرنىڭ ئالدىغا يۈگرەپ:

ــ رەھىمدىن خەۋەر ئالالىدىڭمۇ-دېدى ئالدىراش سوراپ.

ــ ھەئە. لېكىن ئەپسۇس ياخشى خەۋەر ئەمەس، رەھىم تۆنۈگۈن سەھەردە باشقا بىرمۇنچە ئەسكەرلەر بىلەن تىك ئۇچارغا ئولتۇرغۇزۇلۇپ قەندىهار ئەتراپىغا ئەۋەتىلىپتۇ. شۇ كۈنلەردە بۇ رايوندا ئۇرۇش تازا قىزىپ كېتىۋاتاتتى. كېچە كۈندۈز ئوق ئۈزۈلمەي، ئۇياقتىن بۇ ياققا ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ- بىر ياقتا رۇس بىلەن هۆكۈمەت ئەسكەرلىرى، يەنە بىر ياقتا مۇجاهىدلار. ئەلۋەتتە ساناقسىز بىگۇناھ خەلقمۇ هاياتىدىن ئايرىلماقتا. گەپنىڭ قىسقىسى، بىزنىڭ

قولىمىزدىكىسى رەھىمنى ئالدىنقى سەپكە ئۇرۇش مەيدانىغا كىرگۈزمەستىن، ئىسكىلات ۋە ئارقا سەپ تەمىنات ئىشلىرىغا سېلىشنى ئۈمىت قىلىشتۇر. بىز رەھىم ئۈچۈن دۇئا- تەلەپ قىلىشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيمىز - دېدى ئوفىتسېر مېھمانخانا ئۆيگە كىرىۋېتىپ جاۋابەن. ئۇ ئوفىتسېرنىڭ ئارقىسىدىن ئالدىراش كىرىپ:

ــ ۋاي خۇدايىم، بۇ رەھىمگە بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسى ئەمەسمۇ! ئۇ تېخى كىچىك بىر بالا تۇرسا، قورالنى قانداق تۇتىدىغانلىقىنىمۇ بىلمىسە، ھەمدە مەن ئۇنى ياخشى بىلىمەنكى ئۇ ھەرگىزمۇ مۇجاھىدلارغا ئوق چىقارمايدۇ. چۈنكى مۇجاھىدلارنىڭ ۋەتىنىمىزنى ئازات قىلىدىغان قۇتقازغۇچى قوشۇن ئىكەنلىكىنى رەھىم ياخشى بىلىدۇ. رەھىمنى قۇتقۇزۇشنىڭ زادىلا ئامالى يوقمىدۇر؟ دېدى ئۇ قايغۇرۇپ.

ــ سىما، كىشىلەرنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان كەلگۈلۈكنىڭ ھەممىسى ئاستا-ئاستا ساڭىمۇ كېلىپ بولدى. ئەپسۇسكى بۇ ئەھۋال ئاستىدا رەھىم ئۈچۈن كۆڭلىمىزنىڭ يوشۇرۇن قېتىدا ئامەت، ئوڭۇشلۇق تىلىمەكتىن باشقا ۋە ئۇنى تۇرلۇك خېيىم- خەتەردىن ئامان ساقلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلالمايمىز- دېدى ئوفىتسېر تەسەللى ئورنىدا.

ــ مەن ئوغلۇمنى ھايات كۆرەلىشىمگە ئىشىنەلمەيۋاتىمەن- دېدى ئۇ ئەلەملىك يىغلاپ.

ــ سىما، ئۈمۈدىڭنى ئۈزۋەتمە! مېنىڭ بىلىشىمچە رەھىم چۆچەكلەردىكىدەك باتۇر يىگىت! ئۇ ئۆزىنى قوغدىيالايدۇ-دېدى ئوفىتسېر ئۇنىڭغا ھاي بېرىپ. ئۇ كۆز-ياشلىرىنى ياغلىغىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتكەچ ئويلىنىپ قالدى ــ ئەمدى ئۆيىمىزدە بىرمۇ ئەركىشى يوق، تېخى ھەممىدىن خەتەرلىكى بىزنىڭ ئائىلىمىز ھۆكۈمەتنىڭ دۈشمىنى دېگەن قالپاقنى كەيگەن تۇرسا. ئۇ شۇلارنى

كۆڭلىدىن كەچۈرۈپ ئوفىتسېرگە بۇرۇلدى ۋە:

ــ سەندىن يەنە بىر يېقىمسىز ئىشنى ئۆتۈنسەم بولارمۇ؟ ـ دېدى ئۈمۈنۈپ.

ــ ئەلۋەتتە، چۈشۈنۈشلۈك. قولۇمدىن كېلىدىغانلا ئىش بولسا، ھەرقانچە قىيىن بولغان ھالەتتىمۇ سىلەر ئۈچۈن بېجىرىشكە چىن كۆڭلىمدىن تەييارمەن. ـ دېدى ئوفىتسېر قەتئىيلىك بىلەن.

ــ سەنمۇ كۆرۈپ تۇرغىنىڭدەك، بىز ئىككى ئايال كىچىك بالىلار بىلەن قالدۇق. كۆز ئالدىمىزدا باشقا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقاندەك، بىزنىمۇ ھەر قانداق چاغدا بۇلاپ ـ تالىشى، قاقتى ـ سوقتى قىلىشى، ئاياق ئاستى قىلىپ بوزەك ئېتىشى نەزەردىن يىراق ئەمەس. شۇڭا ئۆزىمىزنى جىددىي قوغداش ئۈچۈن بىر قورالغا، ئەڭ ياخشىسى بىر تاپانچىغا بەك ئېھتىياجلىق بولۇۋاتىمىز. بىزگە غەمخورلۇق قىلىپ بىرەر دانە تاپانچا بېرەلەمسەن؟

ئوفىتسەر ئايالىغا تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن

ــ مېنىڭ كونا تاپانچامنى بىر دېسكىت زاپاس ئوق بىلەن ئېلىپ چىققىن ـ دېدى. ئانچە ھايال قالماي ئوپىتسەرنىڭ ئايالى بىر قولىدا تاپانچا، بىر قولىدا بىر دېسكىت ئوقنى كۆتۈرۈپ مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

ــ بۇنى قانداق ئىشلىتىشنى ساڭا كۆرسىتىپ قوياي. بۇ پاكىستان قورالى بولۇپ، بىر قانچە يىل ئىلگىرى بىر كىشىدىن سېتىۋالغان ئىدىم. ئۆيگە بارغىچە بەك دېققەتلىك بول، بىرەر پىشكەللىك يۈز بەرسە، ئۆتۈنۈپ قالاي كىمدىن ئالغانلىقىڭنى ئېيتماسلىق ئۈچۈن سۆز بەرگىن! ـ دېدى ئوفىتسېر ئۇنى ئىشلىتىشتىن ئاۋال قانداق نىمىگە دېققەت قىلىش ھەققىدە سۆزلەۋېتىپ. ئۇ دېسكىتتىكى زاپاس ئوقنى رىداسىنىڭ قوينىغا، تاپانچىنى يان يانچۇقىغا سېلىپ، ئوفىتسېرگە بېجاندىللىق بىلەن

رەخمەت ئېيتىپ ئۆيىگە قايتتى.

تۈن كېچىدە باللار ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن، ئۇ قولىدا قالغان پۇللارنى تېيىنلىرىغىچە سانىدى. گۆش، ماي، شېكەر، مېۋە، كۆكتاتلاردىن ۋاز كەچكەندە. خۇدانىڭ سۈيى بىلەن ئۇنىلا ئىستىمال قىلغاندا يەنە بىر ھەپتە جان ساقلىغۇدەك پۇل قالغان ئىدى. لېكىن بۇ بىر ھەپتىدىن كېيىن نېمە بىلەن ھايات قامداش كېرەك! ئۇنىڭ بېشى قاتاتتى. ئويلىناتتى. ئاخىرى مېھمانخانا ئۆيدىكى گېلەمدىن بىرنى سېتىش قارارىغا كەلدى. پەقەت كىمگە ساتىدىغان گەپ؟ تىجارەتچىلەر، دۇكاندارلار قىستالغاندا كىكىردە-كتىن بوغىدىغانلار، ئۇلارگېلەمنىڭ باھاسىنىڭ ئۈچتە بىرىنىمۇ بەرمەيدۇ. قوشنىلارغىمۇ ساتقىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ ئائىلىسىدە يۈز بەرگەن ۋەقە ئەتراپقا ناھايىتى تېزلا تارقاپ، ھەممىگە ئاڭلىنىپ كەتكەندىن بېرى، قوشنىلار ئۆزلىرىنى تارتىشىپ ھېچ قانداق مۇناسىۋەت قىلمايدىغان بولۇشتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىقىۋاتقان بىرلا ئادەم باركى، ئۇ مۇشۇ تەۋەلىكتە قاراڭغۇ بازارچى-دەپ نامى چىققان قاسساپ.

ئۇ ئەتىسى چۈشتىن ئاۋال قاسساپنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ گېلەمنى سېتىۋېلىشقا تەكلىپ قىلدى. قاسساپ ئۇنىڭ سۆزىگە دەسلەپ تازا ئىشەنچ قىلالمىغان بولسىمۇ لېكىن ئالىدىغان پايدىغا نەپسى تاقىلداپ، چۈشتىن كېيىن ئۇنىڭكىگە بېرىپ گېلەمنى كۆرۈپ باقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. دېگەن ۋاقتىدا قاسساپ ئايالى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئۇندى. قىيىنچىلىق پەيتتىن پايدىلىنىپ، گېلەمنى تەڭ باھاسىغا ئالدىدە. يوغان بىر داستىخانغا ئوراپ كۆتەرگىنىچە كۆزدىن غايىپ بولدى.

ئۇلار رۇسلارنىڭ قولى بىلەن كەلگەن بەختسىز لىك ئۈچۈن، يوقىتىشلار ۋە خانە ۋەيرانچىلىقلار ئۈچۈن، بېشىغا كەلگەن بارلىق كۈلپەت، ئازاپلار ئۈچۈن ھەق تەلەپ قىلىشلىرى كېرەك! ئۇلار ئۆز

ھاياتىنى قوغدىشى كېرەك! ھەممە ئىشنىڭ ئايدىڭلىشىشىنى كۈتۈشلىرى كېرەك. ئۇلار چەت ئەلگە قاچالمايدۇ! ئۇلار رەھىمسىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈشلىرى، شۇنداقلا ئۇلار بۇ ھەقتە ياردەم قىلماقچى بولغان ھېچقانداق بىرىگە ئىشەنمەسلىكلىرى كېرەك.

شۇنىڭدىن تەخمىنەن ئىككى ھەپتىچە ئۆتكەن بىر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىر چوكان بىلەن بىر يىگىت پەيدا بولۇشتى. ئۇلار پارتىيە ئەزالىقى كىملىك كېنىشكىلىرىنى كۆرسىتىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ مائارىپ مىنىستىرلىكىدىن كېلىۋاتقانلىقلىرىنى، مۇھىم ئىش ئۈستىدە سۆزلەشمەكچى ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ئۇ مېھمانلارنى ئۆيگە باشلىدى ۋە قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىشكە قىزىقاتتى.

ــ سىما خانىم، بىز ئائىلەڭلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ئاڭلاپ، سىلەرگە ياردەمدە بولۇش ئۈچۈن بۇ يەرگىچە كەلدۇق. يەنى بۇ سىلەرنى توغرا ۋەبېخەتەر ئىستىقبال يولىغا يېتەكلەش دېمەكتۇر. مائارىپ مىنىستىرلىكى قىزىڭىزنىڭ كېسەل ھەمشىرىسى كەسپىنى ئوقۇش ئۈچۈن ياكى ئۆزى ئارزۇ قىلىدىغان بىر كەسپىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتمەكچى. ھە! قانداق قارايسىز؟ بۇ بىر ئاجايىپ يۇقۇرى تەكلىپ ئەمەسمۇ؟ـ دېدى ھېلىقى چوكان دوستانە تەلەپپۇزدا.

تۇيۇقسىز بۇ شۇم تەكلىپتىن ئۇنىڭ بېشى ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇ ئويلايتتى ــ يا خۇدا، بۇلار يولدۇشۇمنى، چوڭ ئوغلۇم ماھمۇدنى ئۆلتۈرۈشتى، رەھىمنى ئوق يامغۇرىغا يوللىدى، ئەمدىلىكتە مېنىڭ ئاخىرقى تەسەللىرىمنىمۇ تارتىۋالماقچى بوپتۇ. ئۇ شۇلارنى ئويلاۋېتىپ، قاتتىق ئەلەم ئىچىدە نەجىبەنىڭ تامدەك تاتىرىپ كەتكەن يۈزىگە قارىدى.

ــ ياق، رەخمەت سىلەرگە! مەن ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا دادام، ئاكام ئۆلتۈرۈلگەن ئۇنداق بىر دۆلەتكە بارمايمەن-دېدى نەجىبە

قوپال ئاۋازدا. ھەر ئىككى كوممۇنىست يولداش ئوخشايسىزلىنىپ يۈزلىرى قىزىرىشتى-يۇ، لېكىن دەرھال ئۆزلىرىنى ئوڭشاپ، نەجىبەگە يېقىنلىشىپ نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى. كوممۇنىست چوكان:

ــ قارا! قىزچاق، ھازىرىدىن ئېتىبارەن ئىستىقباللىق توغرىسىدا خىزمەت ئىشلىنىۋاتىدۇ. مەنمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىلىم ئاشۇرغان. ئۇ ياقلاردا ئاجايىپ ياخشى كىشىلەر بار، ھەممىسىلا ھەققانىيەتچى، ياردەم سۆيەر ئادەملەر. ئەگەر مەن دېگەندەك ياخشى ئادەملەر بولمىغان بولسا، بىز ھەرگىزمۇ زاھىر شاھ ۋە ئۇنىڭ كۈيئوغلىنىڭ ئەزگۈنچى، فېئوداللىستىك تاپىنى ئاستىدىن قۇتۇلالمىغان بولاتتۇق. ھازىر ھاكىمىيەت خەلقنىڭ قولىدا، خەلق دۆلەتنىڭ خوجايىنلىرىدۇر. ئىقتىسادىي ئېگىلىك خەلقنىڭ قولىدا، خەلق ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشالايدۇ، ئىش تەقسىماتىغا قارىتا ھەق ئالىدۇ. قىزچاق سەن ئىشىنەلەمسەن كاپىتالىستىك تۈزۈمدە سېنىڭدەك مەكتەپتىن قاچقان، ئوقۇشنى تاشلىغان نامرات قىزنى ئالى مەكتەپتە ئوقۇتۇش ئۈچۈن چەتئەلگە ئەۋەتەتتىمۇ؟ جەزمەنكى ئۇنداق بولىشى مۇمكىن ئەمەس!

كوممۇنىست ئايال يولداش ھەربىر سۆزلىرىنى شۇنداق جاراڭلىق، يۇقۇرى ئاۋازدا ئېيتاتتى.

ئۇ چۈڭقۇر سۈكۈتكە چۆمگەن ئىدى. ئۇ تاكاللىشىشى كېرەكمۇ، ياكى ئۇلارنىڭ تەكلىۋىگە ئاۋاز قوشۇشى لازىممۇ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ چىرمىۋالدى. ئۇ سۆزسىز نەجىبەنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ، زوۋان سۈرمەسلىككە قىستىدى. نەجىبە ئاپىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى سېزىپ، ئېغىز ئاچمىدى. ئاندىن ئۇ سادىق كوممۇنىستلارغا بۇرۇلۇپ:

بىزگە بۇ ھەقتە ئويلىنىۋېلىش پۇرسىتى بەرگەن بولساڭلار تولىمۇ ياخشى بولاتتىكەن، قارارىمىزنىڭ نەتىجىسىنى مائارىپ

مىنىستىرلىكىگە بىلدۈرگەن بولساق-دېدى ئۇ، ناھايىتى سالماق-لىق بىلەن ئەقىل ئىشلىتىپ.
- ياكى قىزىڭىزنىڭ مەكتىۋىگە بىلدۈرسەڭلارمۇ بولىدۇ-دېدى كوممۇنىست چوكان قوشۇمچە تەكلىپ بېرىپ.
- ياخشى، سىلەرگە بىر ئاز ۋاقىت كېرەك! ئەتراپلىق ئويدان ئويلىنىپ، ئاندىن ئۆزەڭلارنى مەلۇم قىلساڭلارمۇ بولىدۇ. يەنە قىزىڭىز سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىلىم ئاشۇرىۋاتقان مەزگىلىدە چوقۇم يىلدا بىر قېتىم تەتىلدە ئۆيگە كېلىپ تۇرىدۇ. سىلەرنى سېغىنىش ئازابىدا قويمايدۇ-دېدى كوممۇنىست يىگىت پەپىلەپ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئەتەي خوش كۆلكە ئىچىدە خوشلىشىپ چىقىپ كېتىشتى.
كېيىنكى ھەپتە نە مائارىپ مىنىستىرلىكىگە، نە نەجىبەنىڭ مەكتىۋىگە مەلۇم قىلىنمىغىنى ئۈچۈن، يەنە شۇ پارتىيە ئەزاسى ئىككى نەپەر يولداش ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولۇشتى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىشىغا ئۈلگۈرتۈپ:
- سىلەرنى يەنە بىئارام قىلىشىمىزغا رۇخسەت قىلامسىز؟ - سورىدى كوممۇنىست چوكان ھىجاراپ.
- ئائىلىمىزنىڭ ھاياتى بۇنىڭسىزمۇ بىئارام-دېدى ئۇ يېنىك خاپىلىقىنى ئىپادىلەپ. ھەمدە ئۇلارنى مېھمانخانا ئۆيگە باشلاۋېتىپ، بىرەر پىيالە قىزىق چاي دەملىگۈسى بارلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار ۋاقىتنىڭ قىسلىقىدىن چاي ئىچىشكە ئولتۇرالمايدىغانلىقىنى ئېيتىشىپلا، نۆۋەتتىكى سۆھبەتكە ئۆتتى:
- سىما خانىم، مائارىپ مىنىستىرلىكىگىمۇ، ياكى قىزىڭىزنىڭ مەكتىۋىگىمۇ ئەھۋالنى مەلۇم قىلماپسىلەرغۇ! بىز بۇ قېتىم تولدۇرۇشقا تېگىشلىك بىر قانچە ئاڭكىت ئالغاچ كەلدۇق. ئاڭكىتنىڭ بەزەن قىسمىنى سىز تولدۇرىسىز، يەنە بەزەن بۆلەكلىرىنى مائارىپ مىنىستىرلىكىدىكى مەسئۇل خادىملار

تولدۇرىدۇ. كىرەكلىك يول تەييارلىغى ۋە قىزىڭىزنىڭ ئۇچۇش ۋاقتى توغرىسىدا سىزنى ئالدىن خەۋەرلەندۇرىمىز. قانداق! چۈشۈنۈشلۈك بولدىمۇ؟ - سوربدى كوممۇنىست يىگىت ئالدىراش ۋە بېسىم قىلىۋاتقان بىر ھالەتتە پوپكىسىدىن ماتېرىياللارنى ئېلىۋېتىپ.

ــ شۇنداق بولىشى زۆرۈرمۇ؟ زادى مېنىڭ بالام مەندىن مەجبۇرى ئايرىلىشى كېرەكمۇ؟ قىزىم يۇرتتىن، ۋەتەندىن شۇنچە يىراق يەردە قانداق كۈن ئۆتكۈزىدۇ؟ قايسى كۈننى كۆرۈشى كېرەك؟- دېدى ئۇ ئېغىر غەم - ئەندىشە ئىچىدە ئارقا-ئارقىدىن سوئال ياغدۇرۇپ.

ــ سىما خانىم، قىزىڭىزغا كەلگەن ئامەتتىن شاتلىنىڭ تېخى! قىزىڭىز سوۋېت ئىتتىپاقىدا يالغۇزلا بولۇپ قالماستىن، ئاتا-ئانىلىرى سۆيۈنۈپ، مەمنۇنىيەتلىك بىلەن ئۆزلىگىدىن ئەۋەرتىپ بەرگەن نۇرغۇن باللارمۇ بار. ئەگەر قىزىڭىزنىڭ ياخشى، يارامىلىق بولۇشىنى خالىمىسىڭىز، ئۇ چاغدا بىز مەجبۇرى ئېلىپ كېتىمىز! سىما خانىم شۇنى چۈشۈنۈپ قېلىڭكى، بۈگۈنكى ياشلار ۋەتىنىمىزنىڭ ئىستىقبالىدۇر. باللار سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنىڭ ۋارىسلىرىدۇر!

ئۇ مەنا، مەقسەتسىز دۆلىسىنى ئىرغىتىپ ئۆزىگە ھاي بەردى. چۈنكى ئۇ بۇلار بىلەن تاكاللىششىنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. بىراق بىردىنلا ئۇنىڭ يەنە قارشىلىغى ئارتىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ تەلەپىرى چېكىدىن ئاشقان ئۆكتەملىك ئىدى. مۇشۇ كۈنلەردە ھۆكۈمەت خادىملىرى دائىم دېگۈدەك، ئاتا-ئانىلارنىڭ ماقۇللىغىنى ئالمايلا باللارنى يىغىۋېلىپ، كىچىلەپ رۇسىيەگە توشۇۋاتقانلىقى ھەممىگە ئايدىڭ ئىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا شۇ ۋەھىمە كىلىۋېلىپ، قورقۇنچتىن پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەيتتى. ئەمما ئۇ سۆزلىششىنى بىر ئامال قىلىپ كېيىنكى قېتىمغا قالدۇرۇپ دەماللىققا ئۆزىنى قاچۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتىنى

ئىزدىنىشى كېرەك ئىدى! ئۇ ئۇزۇن ئويلانغاندىن كېيىن پارتىيەلىك يولداشقا بۇرۇلۇپ:

ــ بىر دەملىك سەبرە قىلىپ تۇرىشىڭىزنى ئۆتۈنۈمەن، قىزىم بىلەن كىچىككىنە ئايرىم سۆزلىشىۋالاي ـ دېدى ۋە نەجىبەنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىردى ھەمدە نەجىبە بىلەن ئۈمىتسىز ھالدا مەسلىھەتلەشتى ــ قىزىم، بىزنى پاكىستانغا ئاپىرىپ قويىدىغان، ئارقىمىزدىن يېتىپ بېرىشى ئۈچۈن بىزنىڭ خەۋىرىمىزنى رەھىمگە يەتكۈزۈپ قويىدىغان بىر ئادەمنى تاپمىغۇچە، ھەممە ئىشنىڭ ۋاقتىنى بولىشچە ئۇزارتىپ، ئارقىغا سوزىشىمىز كېرەككى، مەن سېنى بۇلارغا تاپشۇرالمايمەن، سەنسىز بىر كۈنمۇ ياشىيالمايمەن جېنىم قىزىم! بىز بۇ كوممۇنىستلارنى بىر مەھەل كۈتۈپ تۇرۇشقا كۆندۈرىشىمىز لازىم! لېكىن قانداق قىلىپ؟ ئۇلار بەك جاھىل، تەتۈر ئادەملەر. ئاھ سۆيۈملۈك خۇدا! ئۆزەڭ ياردەم قىلغايسەن!

نەجىبە غەزەپ بىلەن بارماقلىرىنى چىشلىدى ۋە

ــ ئاپا، ئۇلارغا گېلەم ساتقان پۇلنىڭ ھەممىسىنى بەرگىن. ئۇلار مائارىپ مىنىستىرلىكىگە بىزنىڭ شىمالغا كىچىك ئاپاملارنىڭكىگە كېتىپ قالغانلىقىمىزنى، بىر ئايدىن كېيىن كېلىدىغانلىقىمىزنى ئېيتسۇن ـ دېدى ئاپىسىغا مەسلىھەت بېرىپ.

ــ ئەگەر ئۇلار رەت قىلسىچۇ! كادىرلارغا پارا بەرگەن ـ دەپ ئۈستىمىزدىن شىكايەت قىلسىچۇ، ئۇندىن كېيىن قانداق بولىدۇ؟

ــ بىزمۇ ھەممىگە ئىنكار قىلىپ، ئۇلارنىڭ شىكايەتلىرىنى ئۆزلىرىگە ئارتىپ قويالايمىز ئاپا. بىلەمسەن تېخى ئۇلار بىزدىن پۇل تەلەپ قىلدى، بىز پۇل بېرىشنى رەت قىلدۇق ـ دەپ تۆھمەت چاپلايمىز شۇ، ئەگەر بىزنى ئاشۇنداق چېقىشتۇرىدىغان بولسا. ئاپا! بىزگە مۇشۇ خەتەرلىك يولغا كىرىشتىن باشقا تاللاش يوق!

نەجىبە ھەقىقەتەن ئەقىللىق قىز ئىدى. بەرگەن بۇ مەسلىھەتى شۈبھىسىزكى ئەڭ ئېغىر خەتەرلىك يول بىراق تەلەي سىناپ كۆرمەيمۇ ئامال يوق. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئائىلە ھاياتى ئۈچۈن ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان پۇلنى ياستۇقتىن چىقاردى. ئۇ پۇلنى تۇتاملاپ مېھمانخانا ئۆيگە كىردى. ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ بوغىزىغا قاپلىشىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئۆزىدىكى قورقۇنچ بىلەن ئېلىشقان ھالدا كوممۇنىست چوكاندىن ياتاق ئۆيگە كىرىشنى ئۆتۈندى. ئارتۇق تەرەددۇت قىلماستىن كوممۇنىست چوكان ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ياتاق ئۆيگە كىرىپ ئوتتۇردىلا توختىدى.

ئۇ كوممۇنىست چوكانغا يالۋۇرۇپ، بۇ قېتىم تەلىۋىنى رەت قىلماي، بىرەر ئايدىن كېيىن قايتا كېلىشىنى، مائارىپ مىنىستىرلىكىگە ئۇلارنىڭ شىمالدىكى سىڭلىسىنىڭ يېنىغا كېتىپ قالغانلىقىنى مەلۇم قىلىپ قويۇشىنى ئۆتۈندى ۋە قولىدىكى بىر تۇتام پۇلنى ئۇنىڭ كۆزىگە يېقىن تەڭلىدى. كوممۇنىست چوكان ئانچە ھۇدۇقۇپ كەتمىدى ۋە كۆزىنى پارقىرىتىپ ئۇزۇن مەھەل پۇلغا تىكىلدى. ئاندىن كۆزىنى يوغان ئېچىپ قارىغىنىچە قېتىپ قالغان جەسەتتەك چەكچىيىپ قارىدى ۋە:

ـ سىما خانىم، مەن بۇنىڭا يالغۇز بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. ئاۋال خىزمەتدېشىم بىلەن سۆزلىشىشىم لازىم. بىر دەملىك كۈتۈپ تۇرۇڭ، مەن ھازىرلا قايتىپ كېلىمەن-دېدى ۋە مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ، ئىشىكنى مەھكەم ياپتى.

ئۇ كارىۋاتنىڭ قىرغىقىدىلا ئولتۇرۇپ، ھاياجان ئىلكىدە ئىشىككە تىكىلەتتى. ئىنتايىن ئېغىر ۋە ئىنتىزارلىق مىنۇتلاردىن كېيىن كوممۇنىست چوكان ياتاق ئۆيگە قايتىپ كىردى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر مەھەل ئۈن-تىنسىز يەرگە قاراپ بىر نېمىلەرنى ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى ـ بولىدۇ، خىزمەتدېشىم سىز بەرگەن تەكلىپنى قوبۇل كۆردى. بىراق

بىر شەرت ئاستىدا، يەنى قىزىڭىز مۇشۇ بىر ئاي ئۆتۈپ كەتكىچە سىرتقا قەتئىي چىقماسلىقى كېرەك. ئۇ ھېچ كىمگە كۆرۈنمەسلىكى لازىم. سىزمۇ بۇ ھەقتە بىرەرسىگە بىر ئېغىز گەپ قىلماي سالماسلىقىڭىز كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا ھەممىڭىز زىندانغا مەھكۇم. ئەڭ يېقىن دوستىڭىزغىمۇ، ئەڭ يېقىن تۇققانلىرىڭىزغىمۇ ئېيتىپ قويماسلىق توغرىسىدا ۋەدە بېرىشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن.

كوممۇنىست چوكان راستىنلا قاتتىق تەلەپچان ئىدى.

ــ ئەلۋەتتە، ۋەدە بېرىمەن. بالىلىرىمنىڭ جېنىنى ئاتاپ قەسەم بېرىمەنكى، ھېچكىمگە بىلدۈرۈپ قويمايمەن!-دېدى ئۇ ھاياجان ۋە شاتلىقتا چۆمۈلگەن ھالدا ۋەدە بېرىپ.

ــ ياخشى ئۇنداقتا پۇلنى ماڭا بېرىڭ-دېدى كوممۇنىست چوكان ئاچ كۆزلۈك بىلەن پۇلغا قولىنى ئۇزارتىپ. ئۇ پۇللارنى ئۇنىڭ قولىغا نىختاپ تۇتقۇزۇپ قويدى. چوكان پۇلنى ئېلىپ مېھمانخانا ئۆيدە ساقلاپ تۇرغان خىزمەتدېشىنىڭ يېنىغا كىرىشكە بۇرۇلۇۋاتقاندا، ئۇ نەجىبە كۆرسەتكەن ئەقىلىدىن چەكسىز سۆيۈنۈش ۋە خوشاللىق ئىچىدە مەڭزىگە سۆيدى. نەجىبە جاۋابەن سۈبھە ئارلاش تەبەسسۇم قىلدى.

ھەر ئىككى پارتىيەلىك يولداش ھويلىنىڭ بۇسۇغىسىدا تۇرۇپ پىچىرلاشقاندىن كېيىن، ھېلىقى كوممۇنىست يىگىت ئۇلار تەرەپكە بۇرۇلۇپ بىر قانچە قەدەم يېقىنلاشتى ۋە ــ سىما خانىم، بىز سىزگە پەقەتلا بىر ياخشىلىق قىلايلى دېدۇق. بولمىسا پىرىنسىپ بويىچە ئۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلمايمىز! شۇنىڭ ئۈچۈن سىزدىن ئۆتۈنۈمىزكى، بەرگەن ۋەدىڭىزدە تۇرۇشقا قەتئىي دىققەت قىلىڭ!-دېدى. لېكىن يىگىتنىڭ يۈزىدە خىجىللىقتىن، نومۇس ۋە تارتىنىشتىن، ئەندىشىدىن قىلچىمۇ ئەسەر كۆرۈنمەيتتى. ئوچۇق بىلىنىپ تۇرۇپتۇكى، مۇشۇنداق ئەھۋال

ئاستىدا خەۋپ-خەتەر يۈز بەرمەيدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى كامىل ئىدى.

― بىزمۇ سىلەردىن كۈتىدىغىنىمىز، ئۈمۈدىمىزنى يەردە قويماسسىلەر-دېدى ئۇ جاۋابەن.

― ئەلۋەتتە! ئەڭ ياخشىسىنى قىلىمىز!-دېيىشتى كوممۇنىستلار ھەم ئۇلارغا قول ئىشارىتى قىلىشىپ خوشلاشتى.

بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلارنىڭ غەم-غۇسسىلىرى يېنىكلەپ قالغىنى يوق. ئەكسىچە بۇندىن ئاۋالقىدىنمۇ بەتتەر قايغۇ، مۇدھىش يېگىندىن باشلانماقتا. خېيىم-خەتەر قورقۇنچىسى، ھەممە نەرسىدىن گۇمانلىنىش، يۈرەكزادىلىك. بۇ ھايات - بۇ ئاخىرى كۆرۈلمەيدىغان قارا پاتقاقلىق ئۇنىڭ ئۈچ كىشىسىنى، سۆيۈملۈك ئۈچ نەپەر يۈرەك باغرىنى يۇتۇپ كەتكەن ئىدى. ھەممە پۈتۈنلەي غەرق بولۇپ چۆكۈش، تۈپتىن يوقۇلۇش خەۋپى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا كۆرۈلۈپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ بىردىن بىر قارارى رەھىمنى ئۆز تەقدىرىگە تاشلاپ، پەقەت ھايات قېلىشىغا دۇئاقىلىپ، ئۆزىگە نېسىپ بولغان ئۈچ پەرزەنتىنى - پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلارغا تەڭ قىلغۇسىز قەدىردان ئۈچ پەرزەنتىنى، شۇنداقلا كوممۇنىزمنىڭ نوپۇزىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزىدىن مەجبۇرى ئايرىۋېلىش ئالدىدا تۇرغان يۈرەك پارىلىرىنى ئېلىپ پاكىستانغا قېچىشى، ياكى مۇجاھىدلار تەرەپكە قېچىپ كېتىشى كېرەك! ئۇ يەنە بىر بالىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىش خەۋپىنى ئويلاپ پۈتۈن كېچە كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزدى. ئۇ پۈتۈن كۈن ئۆزلىرىنى ئەتكەس يوللار ئارقىلىق پاكىستانغا يەتكۈزۈپ قويىدىغان بىرىنى تېپىشنىلا ئويلايتتى. لېكىن ئۇنى ئۈچ بالىسى بىلەن بىرگە، خەتەرسىز پاكىستانغا يەتكۈزۈپ قويالىشىغا ئىشەنچ قىلغۇدەك كىم باركى! ― بىردىن بىر ئۈمىت شامى ھېلىقى ئارقىمۇ ئارقىدىن كېلىۋاتقان بەختسىز لىككە تەسەللى بېرىشتىن قورقمايدىغان

ئاشۇ بىرلا ئوفىتسىردۇر. ئۇ بىر ھەپتىدىن بېرى ئوفىتسېرنىڭ ئۆيىگىمۇ بېرىپ باقمىغان ئىدى.

ئۇ شۇ كۈنى كەچ قۇرۇن سائەت بەشلەردە ئوفىتسېرنىڭ دەرۋازىسىنى قاقتى. ئارىدىن بىر قانچە مىنۇت ئۆتتى. لېكىن ئىچكىرىدىن سادا كەلمەيتتى. ئۇ تاقەتسىزلىك بىلەن يەنە بىر قانچە قېتىم تاراقلاتتى. ئەمما يەنىلا تىمتاس ئىدى. ئۇ شۈبھىلىنىپ، سوراپ بېقىش نىيىتىدە قوشنىلارنىڭ دەرۋازىسىنى قاقتى. بىر قېرى بوۋاي دەرۋازىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئوفىتسېرنىڭ ئائىلىسى توغرۇلۇق مۇنۇلارنى دېدى- شۇنداق خانىم، بىزمۇ بۇلارنىڭ قاياققا كەتكەنلىكىنى بىلمەيمىز. بەش كۈندىن بۇيان ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى كۆرگىنىمىز يوق. بالىلارنىڭ غىڭشىغىنىنىمۇ ئاڭلىمىدۇق. ئېھتىمال بۇلار بىر ياقلارغا سەپەر قىلغاندۇر. بىلەمسىز ھۆرمەتلىك خانىم، بۇلارنىڭ تۇيۇقسىز غايىپ بولغىنى ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئەمەس. بۇ كۈنلەردە ئوفىتسېر ئائىلىلىرى مەيلى خالىسۇن، خالىمىسۇن، بىر يۇرتتىن يەنە بىر يۇرتقا يۆتكىلىپ تۇرىدۇ. بەلكى يېقىندا قايتىپ كېلەر!

ئۇ بىردە ئۆزىنى بەك چۈشكۈن، غەمكىن، يالغۇز ھېس قىلسىمۇ، يەنە بىر ياقتىن ئوفىتسېر ئائىلىسىنىڭ زەخمەتكە يولۇقمىغان- لىقىدىن شاتلىناتتى. ئىچىدە ئۇلارنىڭ ساق-سالامەت چەت ئەلگە يېتىپ بېرىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرەتتى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ بارلىق ئەھۋالنى نەجىبەگە ئاڭلاتتى.

ــ ئاپا، ئىشلىرىمىز قانداق بولۇپ كېتەر؟ كېچىكىپ قېلىشتىن بۇرۇن بىزنى پاكىستانغا ئاپىرىپ قويىدىغان بىر كىمنى تېپىشىمىز كېرەك ئاپا!- ۋارقىرايتتى نەجىبە بېشىنى چايقاپ.

ــ كىمۇ! كىم شۇ-دەيتتى ئۇ ئۈمۈدى ئۈزۈلگەن ھالدا ئىڭراپ.

ــ دېققەت بىلەن قۇلاق سال ئاپا، مەن ئۆتكەن كېچە بىر ساۋاقدېشىمنى ئويلىنىپ قالدىم. ئۇنىڭ تاغىسى پاكىستاندا

مۇجاھىدلارنىڭ سىپىدە ئىكەن. شۇ ساۋاقدىشىمنىڭ دادىسى بىلەن سۆزلىشىپ باقمامدىم يا بولمىسا؟ بەلكى ئۇ بىزگە ياردەم قىلىپ قالار-دېدى نەجىبە مەسلىھەت بېرىپ.

ــ نەجىبە، ئۆتۈنۈپ قالاي قىزىم، سەن ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمەسلىگىڭ، ھېچكىمگە بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېمەسلىگىڭ كېرەك! ئەگەر قېچىش پىلانىمىزنىڭ بارلىغىنى ھۆكۈمەت خادىملىرىدىن بىرەرى بىلىپلا قالسا، ئۇلار سېنى كېچە كۈندۈز دېمەستىن ئېلىپ كېتىدۇ. ياق، ياق قىزىم ھەرگىز ئۇنداق قىلغۇچى بولما! ـ دېدى ئۇ نەجىبەگە ۋارقىراپ.

ــ لېكىن بىزنىڭ تاللىغۇدەك باشقا ئامالىمىز يوقتۇ ئاپا! بىز ئىزدىنىپ كۆرۈشىمىز كېرەك تە!

ــ سۆزۈمگە ياخشى قۇلاق سال بالام. ئەقلىڭنى ئىشلىتىپ ئويلاپ باقتىڭمۇ ــ ساۋاقدىشىڭنىڭ تاغىسى مۇجاھىدلارنىڭ سىپىدە ئىكەنۇ، بۇ ئائىلە قانداقلارچە خاتىرجەم پاكىستانغا بارالايدىكەن؟ نېمىشكە ھۆكۈمەت بۇلارنى بىلمەسكە سالىدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن جەزمەنكى بۇ ئادەملەر ھۆكۈمەتكە ئىشەنچلىك كىشىلەردۇر! ئەمدى چۈشەنگەنسەن! دېمەك سۆيۈملۈك قىزىم، بىز بۇنداق خەتەرگە ئۆزىمىزنى ئاتالمايمىز. يەنە بىر ئاز سەبىر قىلىشىمىز كېرەك. ئېھتىمال ئەتراپىمىزنى پۈتۈنلەي توراپ تۇرغان بۇ قاراڭغۇ زۇلمەتتىن قۇتۇلۇپ چىقىشىمىز ئۈچۈن باشقا بىر ئىمكانىيەت چىقىپ قالار. خۇدا ئۆزەڭ پانا بەرگەيسەن! بىزنى يولدا تاشلىمىغايسەن!

ــ يېقىندا بىر يول چىقار ئاپا، مېنىڭ بۇ يەردە تۇرىۋېرىشكە ئارتۇق تاقىتىم قالمىدى. كۆزۈم ئۇيقىغا كەتسىلا، قورقۇنچلۇق چۈش كۆرىمەن. بۇ ئەھۋال مېنى تامامەن روھى كېسەلگە گىرىپتار قىلىۋېتىشى مۇمكىن. سەن تېخىمۇ يامان كۆرۈنۈسەن ئاپا! بىر قاراشقىلا ماغدۇرسىز، كېسەلجان ئىكەنلىكىڭ بىلىنىپ تۇرىدۇ.

مۇشۇنداق كېتىۋەرسەڭ بىر كۈنى يىقىلىپ، ئورنىڭدىن تۇرالماسلىقىڭدىن قورقىمەن. خۇدايىم ساخلىسۇن، بىز پۈتۈنلەي تۈگەشكەن بولىمىز ئاپا!ـ نەجىبە قىزغىن سۆزلەيتتى، كۆزلىرىدىن ياش ئەگىپ تۇراتتى.

ــ قۇرۇق گەپ قىلما، مېنىڭ ماغدۇرۇم جايىدا. بىز مەقسەتكە يېتەلەيمىز سۆيۈملۈك قىزىم. ئاجايىپ مۆجىزىلەرمۇ بولۇپ قالىدۇ. بىز ھەرگىزمۇ تەسلىم بولمايمىز، باش ئەگمەيمىزـ دەيتتى ئۇ، نەجىبەنىڭ قانچە كۈنلەردىن بېرى تاغاق سېلىشنى ئۇنتۇپ قالغان چاچلىرىنى سىلاپ.

بىردىن بىر ۋە ئاخىرقى ئىشەنچىسى بولغان ئوفىتسېر ئائىلىسى ئىز-دېرەكسىز يوقالغاندىن بېرى ئۇلار ئۆزلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر قاراڭغۇلۇققا چۆكۈپ كەتكەندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى يۆتۈپ كېتىشكە قىستاپ كېلىۋاتقان تۇيانغا قارشى كۈن-تۈن كۈرەش قىلاتتى. ئاللاھقا سېغىنىپ يالۋۇرەتتى! ئاللاھتىن بىر مۆجىزە تىلەيتتى.

# ئونىنچى باب
## رەھىمىنىڭ كېچۈرمىشلىرى

دۇئا-تىلەكلەر ئىجابەت بولدىمۇ، ئىشقىلىپ بىر مۆجىزە، ھەقىقەتەن بىر ئاجايىپ مۆجىزە يۈز بەردى. ئۈمىتسىزلىك ئىچىدىن بىر ئۈمىت نۇرى پارلاپ چىقتى.

ئون بەشىنچى كۈنى كەچ قۇرۇن قۇياش ئاخىرقى نۇرىنى زېمىنغا تۆكمەكتە. ئۇ بالىلىرى بىلەن كەچلىك غىزالىنىش ئۈچۈن داستىخان ئۈستىدە بولۇپ، قورونوڭ ئالدىدىلا تۇيۇقسىز ماشىنا

ماتورىنىڭ گۈرۈلدىشىنى ھەمدە قاتتىق تۈرمۈزلىغان ئاۋازنى ئاڭلىغانلىرىدا ئۇلار پىياز شورپىسىغا نان چىلاپ يېيىشمەكتە ئىدى. ئۇچۇچۇگەن ھالدا « يەنە ھەربى ماشىنىسى! ئۇلار ئۆيىنى ئاختۇرۇشماقچى، ياكى بالىلىرىمنى ئېلىپ كېتىشمەكچى »- دېگەن قورقۇنچلۇق خىيالغا غەرق بولدى-دە، دەرھال چاچراپ تۇرغىنىچە ھويلىغا چىقتى ۋە بويىنىنى سوزۇپ قورۇق تامدىن سىرتقا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىققىنى ھەربى ماشىنىسى ئەمەس، بەلكى ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس بولدى.

ــ نەجىبە قارا قىزىم، بىزنىڭ دەرۋازا ئالدىدا ئاپتوبۇس تۇرىدۇ- دېدى ئۇ ھاياجانلىنىپ. نەجىبە يالاڭ ئاياق سىرتقا يۈگۈردى. بىراق دەرۋازىنىڭ يېنىغا بېرىپ بولۇپ نېمىشكىدۇر شۈككىدە توختاپ قالدى.

ــ قىزىم، دەرۋازىنى ئاچما! دېدى ئۇ ۋە ئۆزى يۈگۈرۈپ كەلدى-دە، ئىككىسى بىرگە تۇرۇپ- كىم بۇ؟ - دەپ سورىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئادەتتىن تاشقىرى دۈپۈلدەيتتى.

ــ قورقماڭلار! مەن بىر دوست بولىمەن، دەرۋازىنى چاقىغان ئېچىڭلار- دېدى جاۋابەن بىر ئەركىشى تۆۋەن ئاۋازدا. بىز ھېچكىمنىڭ كېلىشىنى كۈتمىگەن تۇرساق-دەيتتى ئۇ ئۆز ئۆزىگە ھەمدە ئىشەنچ قىلالمىغان ھالدا بۇ ئاۋازنى ئەسلەشكە تىرىشاتتى. بىراق پۈتۈنلەي يات، ناتونۇش بىرى! ئۇ بارلىق سەزگۈرلىكىنى ۋە جاسارىتىنى يىغىپ، تاقاقنى تىۋىش چىقارماي سوغاردى. ئاندىن پەم بىلەن دەرۋازىنىڭ بىر قانىتىنى ئاچتى. ئىنچىكە چاشقان بۇرۇت، بېشىغا سەللا ئورىغان بىر ئادەم دەرۋازا ئىچىگە بىر پۇتىنى ئېلىپ- پىسسىت، ئاۋاز چىقارماڭلا. بىز رەھىمنى ئېلىپ كەلدۇق-دېدى پەس ئاۋازدا پىچىرلاپ. ئۇ شاتلىقتىن ئۆزىنى تۇتالماي - رەھىم قەيەردە؟- دەۋەتتى كۆرۈشكە ئالدىراپ.

ــ پىسسىت، ئاۋاز چىقارماڭ!- دېدى ئۇ ئادەم كۆزلىرىنى

چەكچەيتكەن ھالدا ئۇنىڭغا ئالىيىپ ھەمدە سىرتقا داجىپ، ئوڭ، سولغا قارىدى. دەرۋازىنىڭ ئالدىغا توپلىشىپ قالغان قوشنىلارنىڭ باللىرى نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىشكە قىزىقىپ تەلمۈرۈشەتتى.

ــ سىما خېنىم، سىڭلىڭىزنىڭ يولدۇشى سىلەرگە بىر تاغار يېمەكلىك ئەۋەتكەن ئىدى. ئۆيگە ئەكىرىشكە ياردەملەشكەن بولسىڭىز-دېدى چاشقان بۇرۇت ئادەم باللار ئاڭلىسۇن دەپ ئۈنلۈك ئاۋازدا. ئۇ رەھىمنىڭ شۇ تاغاردا ئىكەنلىكىنى چۈشەندى ۋە نەجىبە بىلەن ئىككىسى ياردەملىشىپ تاغارنى ئۆيگە ئەكىرىشتى. ئۇلار تاغارنى ئاۋايلاپ پەگادىلا قويۇشتى. چاشقان بۇرۇت ئادەم شۇنچىلىك ئالدىراش خوشلاشتى. ئۇ مېھمانغا مىڭ مەرتىبە رەخمىتىنى ئېيتىپ ئۇزارتقاندىن كېيىن دەرۋازىنى مەھكەم تاقىدى. ئاپتوبۇس ھايال قالمايلا قوزغۇلۇپ يولغا راۋان بولدى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كىرگىچە رەھىم تاغاردىن چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئېتىپ، بوينىغا ئېسىلدى. نەجىبە خوشاللىقتىن تاغارنى ئۇياقتىن بۇياققا ئېتىپ سەكرەيتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن شاتلىق ياشلىرى تۆكۈلەتتى ھەمدە مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالدىم-دەپ ھەسرىتىنى چەككەن ئوغلىنى باغرىغا مەھكەم باساتتى. ئۇ ئوغلىنى قايتا كۆرەلىشىدىن ئۈمۈدىنى ئۈزۈپ بولغان ئىدى.

ــ ئاللاھقا مىڭ شۈكرى ئوغلۇم! سەن ھايات، ساق-سالامەت ئۆيگە قايتىپ كەلدىڭ- دەيتتى ئۇ تەكرار ۋە ئوغلىنى يېنىشلاپ باغرىغا تاڭاتتى. ئۈچ ياشلىق كىچىك ئوغلى راتەب بولسا ھويلىغا چىقىۋېلىپ، ئالەمچە شاتلىقتا چۈمۈلگەنلىكىنى تەنتەنە قىلاتتى. ئاكىسىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ- يەھىم، يەھىم ــ دەپ ۋارقىرايتتى. راتەبنىڭ يۈزلىرىدىن شاتلىق شەربىتى تامچىپ، ئانارنىڭ دانىسىدەك قىزارغان بولۇپ، بىردە كىچىككىنە بۇدرۇق قوللىرىنى بىر بىرىگە ئۇرۇپ چاۋاك چالسا، بىردە ھويلىنى ئايلىنىپ

يۈگرەيتتى. ئالمىدەك يۇرىكىگە ئالەمدەك شاتلىقنى سىغدۇرالماي تايلاقتەك قىيغىتىپ ئويناۋاتقان غۇبارسىز راتەبنى تىنجىتىش ئۈچۈن- ھۇششششت-دېدى ئۇ بارمىغىنى لەۋلىرىگە تەككۈزۈپ. كىچىك راتەب دەرھال قىنىغا چۈشۈپ، ھۇششششت دېدى ئاپىسىغا تەقلىت قىلىپ. رەھىمنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭ راتەبنىڭمۇ شوق قىلىقلىرى بىرلىشىپ ئائىلىدىكى غەم - غۇسسىلەرنى ئۇنتۇلدۇرغان ئىدى. ئۇلار ياتاق ئۆيگە كىرىشىپ، كوممۇنىزمغا سادىق قوشنىلىرىنىڭ سېزىپ قالماسلىقى ئۈچۈن دېرىزىنىڭ پەردىلىرىنى يېپىشتى.

ــ ئوغلۇم قورسۇغۇڭ ئاچمۇ؟ يېگۈدەك بىر نەرسە قىلامدىم ؟- سورىدى ئۇ ئوغلىنىڭ تاپ تاقىر چۈشۈرۈۋېتىلگەن، سويمىدەك بېشىنى سىلاپ.

ــ ياق ئاپا. رەخمەت. ھېلىقى مېنى سولاپ قويغان تاغاردا ئىككى دانە چوڭ نان باتتى. كەلگۈچە ھەممىسىنى يەپ بولدۇم، قورسۇغۇم توق-دېدى رەھىم مۇلايىمغىنە رەت قىلىپ.

ــ تاغارنىڭ ئىچىدە مىدىرلىغۇدەك ئىمكانىڭ بولمىغاندۇر؟- سورىدى نەجىبە ئۆكسىگىنچە ئىچ ئاغرىتىپ.

ــ ئەلۋەتتە مىدىرلىغۇدەك كەڭچىلىك ئىدى. بىراق ئاپتوبۇسنىڭ يۈك - تاق قاچىلايدىغان يېرى بەك قاتتىق تاختا تۆمۈر بولغاچقا بەدىنىمگە پېتىپ، سۆڭەكلىرىم ئاغرىپ كەتتى. ئون سائەت يۈك-تاقلارنىڭ ئارىسىدا ياتتىم- دېدى رەھىم ھارغىن ھالدا.

ــ تەپسىلى ئېيتقىنا ئوغلۇم، سېنى ئىتنىڭ باللىرى تۇتۇپ كەتكەن چاغدا قەيەردە ئىدىڭ؟ ئۇلارنىڭ قولىدىن قانداق قۇتۇلۇپ كەلدىڭ! جېنىم بالام سەندىن بەك قاتتىق ئەنسىرىدۇق ئوغلۇم. سېنى بارلىق بالا-قازالاردىن، خېيىم-خەتەر ۋە يامانلىقتىن ئامان ئېسەن ساقلاپ قېلىشى ئۈچۈن كېچە، كېچىلەپ ئاللاھقا يالۋۇردۇم.

ئاللاھقا مىڭ شۈكرىكى تىلەكلىرىمنى ئىجابەت قىلدى، سېنى پاناھىدا ساخلىدى-دەيتتى ئۇ رەھىمىنىڭ مەڭزىلىرىگە قانماي سۆيۈپ ھەمدە - بىلىكىنىڭ يارىسى قانداق بولدى- دېدى قوشۇمچە.

ــ بىلىكىمنىڭ يارىسى ئاينىپ كېتىۋاتاتتى. مىدىرلاتسامىلا قاتتىق ئاغرىپ كېتەتتى-دېدى رەھىم ھال ئېيتىپ.

ــ بۇ بىر نا ئىنساپلىقۇ! قارا كۆڭۈل تۇڭگۇزلار سېنى دوختۇرخانىدىن قانداق ئېلىپ، ئەسكەرلىككە ئەۋەرتىۋېتىشتى؟ تېخى ياراڭ ساقايمىغان تۇرسا؟ دوختۇرلار توساپ قالالمىدىمۇ؟- سورايتتى ئۇ ئوغلىدىن ھاياجېنىنى باسالماي يىغلامسىراپ.

ــ دوختۇرلارمۇ ھېچنېمە دېيىشمىدى. ئاپا، مېنىڭ كۆرگەنلىرىمنى ئاڭلاش ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان، چارچىتىدىغان، شۇركەندۈرۈدىغان ھادىسىلەردۇر- دېدى رەھىم بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى تەپسىلى بايان قىلىشقا باشلاپ ــ مېنى دوختۇرخانىغا تۇتۇپ كېتىپ ئالتىنچى كۈنى سېنى كېلىدىمىكىن- دەپ دېرىزە ئالدىغا كېلىپ سىرتقا قاراۋاتاتتىم. تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ ئىككى نەپەر ئەسكەر كىرىپ كېلىشتى ــدە، بىرى

ــ دەرھال كىيىن!- دەپ بۇيرۇق قىلدى. يەنە بىرى

ــ تېز! تېز. يىگىت چاققان بول-دەيتتى ۋارقىراپ. نېمىشكە - دېدىم مەن سوراپ. چۈنكى ئۇلار مېنىمۇ ئۆلتۈرسە كېرەك-دەپ ئويلايتتىم.

ــ نېمىشكىسى يوق! چاققان كىيىنىپ بىز بىلەن ماڭ-دېدى يەنە بىرى ھەربى بۇيرۇقى بېرىپ. قورقۇنچتىن لاغىلداپ تىترەپ، كىيىندىم ۋە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدىم. كارىدورغا چىققاندا ئۇلار مېنى خۇددى چوڭ بىر جىنايەتچىنى يالاپ مېڭىشقاندەك ئوتتۇرغا ئېلىشتى. دوختۇرخانىنىڭ چىقىش ئىشىكىدىكى پەلەمپەيگە تېرەپ توختۇتۇلغان، ئۈستى يېپىق بىر ھەربى يۈك

ماشىنىسى تۇراتتى.

ــ ماشىنىغا چىق! دېدى بىرى بۇيرۇق بېرىپ. مەن يامىشىپ ماشىنىغا چىقتىم. ماشىنىنىڭ ئىچىگە ئورنىتىلغان ئوڭ سولدىكى ئۇزۇن ياغاچ ئورۇندۇقتا قاتىرسىغا تىزىلىپ ئولتۇرغان تەخمىنەن ئونبەش نەپەرچە بالىلارباتتى. ئۇلار قارىماققا مەن قورامىلىق، بەزەنلىرى مەندىنمۇ كىچىك كۆرۈنەتتى. چىشلىرى كىرىشىپ قېلىشقان، چېھرىلىرىدىن ئۆلۈم قورقۇنچىسى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. بىر قانچىسى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ھېقىقداپ ياش تۆكەتتى. بەزەنلىرى ئۈنچىقارماستىن يوشۇرۇن يىغلىشاتتى. ماشىنىنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئىككى نەپەر قوراللىق ئەسكەر ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن قاراۋۇلۇق قىلماقتا. مەنمۇ قاتارغا كېلىپ ئولتۇردۇم. ئىككى يېنىمدىكى بالىلاردىن بىرنى قاياققا ئېلىپ ماڭغانلىقىنى سورۇدۇم. لېكىن ئۇلارمۇ ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ئىكەن.

تەخمىنەن يېرىم سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن ماشىنا توختۇتۇلۇپ، بىز ماشىنىدىن چۈشتۇق. ئۇ يەردە بىزنىڭ كېلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرغان بىر ئوفىتسېرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەممىمىز رەتكە تىزىلدۇق. ئاندىن ئوفىتسېر بىر ۋاراق قەغەزگە قاراپ تىزىملىكتىكى ئىسىملىرىمىزنى توۋلاشقا باشلىدى. ئۇ قۇلاقلىرىمىزنى يېرىۋېتىدىغاندەك قاتتىق ۋارقىرايتتى. ئاخىرى ئىسىملىرىمىز تولۇق ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئوفىتسېر يەنە ئىككى نەپەر لېتنانت بىزنى ئەگەشتۇرۇپ، چوڭ بىر ھەربى ئىسكىلاتىغا ئەكىرىشتى. ئىسكىلاتتا تەخمىنەن قىرىققا يېقىن ھەربىچە كىيىنگەن بالىلار غەمكىن ئولتۇرىشاتتى. ئۇلارنىڭ دىققىتى  ئوفىتسېردە ئىدى. بىزگىمۇ ھەربىچە كىيىم تارقىتىشتى. كىيىملەرنى كىيىپ بىزمۇ قاتارغا قوشۇلۇپ ئولتۇردۇق. مەن ئەتراپتىكىلەرگە سەپ سېلىپ قارىدىم. يا رەببىم!

بىلەمسەن ئاپا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەكلا كىچىك بالىلارمۇ باتتى. مەن بىزنىڭ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئىككى بالىنى تونۇپ قالدىم-دە، ئۇلارنىڭ يېنىغا مېڭىشقا تەمشىلىۋىدىم، بىزگە قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان بىر قوراللىق ئەسكەر

— قىمىرلىما، ئورنۇڭدىن قوزغالما!-دەپ قاتتىق ئىنتىزام بۇيرۇقى بېرىپ ۋارقىرىدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە ئورنۇمدا ئولتۇردۇم. تەخمىنەن يېرىم سائەتتىن كېيىن ئىسكىلاتنىڭ ئارقىسى تەرەپتە بىر تىك ئۇچار ھەركەتلەندى. ئۇنىڭدىن كېلىۋاتقان گۈلدۈرلىمە قۇلاقنى يارغۇدەك دەھشەتلىك ئىدى. بىر ئازدىن كېيىن ئوفىتسېر بىزگە ئىككى قاتارغا تىزىلىش بۇيرۇقى چۈشۈردى. ئاندىن دەرھال ئىسكىلاتنىڭ يوغان ئىشىكى ئېچىلىپ، باغلاقتىكى قوزىلارنى ھەيدەپ ماڭغاندەك بىزنى مارشقا دەسسىتىپ، ئۇچۇشقا تەييار تۇرغان ئىككى تىك ئۇچارغا قاچىلىدى. بىزنى قاچىلىغان تىك ئۇچاردا يىگىرمىدىن ئارتۇق بالا ئەسكەر، ئىككى نەپەر قوراللىق قاراۋۇل، يەنە نۇرغۇن تولۇم خالتىلارباتتى. تەخمىنەن بەش مىنۇتتىن كېيىن ئۇچۇش بۆلۈمىگە ئىككى نەپەر ئۇچقۇچى پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ بىرى كۆك كۆز، قىزىل يۈزلۈك بولۇپ ئۇ رۇس ئىدى. يەنە بىرى ئافغان بولۇپ ئۇ بىز تەرەپكە ئۆتتى ۋە:

يىگىتلەر تولۇق قۇلاق سېلىڭلار، بىز مەنزىلگە يېتىپ بېرىپ يەرگە قونمىغۇچە سىلەردىن ھېچبىرىڭلار ئۆز ئورنىدىن قوزغالمىسۇن! بۇ ھەربى بۇيرۇق، دېمەكچى بولغىنىمنى چۈشۈنۈشتۈڭ!-دېدى ئىشارەت بارمىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ. ئاندىن ئۇچۇش بۆلۈمىگە كىرىپ كەتتى. شۇنىڭدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىز ئولتۇرغان تۆمۈر قۇش ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. بۇ تۇنجا ئۇچىشى بولغان نۇرغۇن بالىلار قورقۇنچتىن ئالاقزادىلىككە چۈشىشەتتى. بەزەنلىرى مەيدىلىرىنى قاماللىۋالسا، بەزەنلىرىنىڭ يۈزلىرى تامدەك تاتارغان ئىدى. يەنە نۇرغۇنلىرى ئېغىر نەپەس ئېلىشىپ، كۆزلىرىنى

مەھكەم يۇمىۋېلىشقان ئىدى. مېنىڭمۇ كۆڭلۈم ئاينىپ، قەي تۇتاتتى-دە كۆزۈمنى مەھكەم يۇمۇپ، ئارقامغا داجىيتتىم. بىر ئاز بېسىقلاندا بولسا، يېنىمدىكى ھەمرايىمدىن:

ــ بىلەمسەن، بىز زادى قەيەرگە ئۇچۇۋاتىمىز-دەپ سورايتتىم.

ــ جەھەننەمگە! مەن نېمە بىلەي- دەيتتى جاۋابەن تولا يىغلاپ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ. ئوخشاشلا يەنە بىر يېنىمدىكى ھەمرايىمدىن سورايتتىم. لېكىن بىزنىڭ قاياققا كېتىۋاتقانلىقىمىزنى بىلمەيتتى. مېنىڭ قورقۇنچام تۇرۇپلا ئارتاتتى- نېمە ئۈچۈن، قاياققا كېتىۋاتقانلىقىمىزنى بىلمىگەن-لىكنىڭ قورقۇنچىسى ھەم « بىزنى قاياققا ئېلىپ مېڭىشتىڭ »-دەپ ۋارقىراپ قويۇشقا ئىنتىلىۋاتقان تەلۋىلەرچە جۈرئېتىمدىنمۇ قورقاتتىم. يەنە ئىچىمدىن چىقىۋاتقان بىر غايىۋى كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆز ئۆزەمنى باشقۇرۇپ، تىزلىرىمنى مەھكەم قۇچاقلىۋالاتتىم. بىز بىر قانچە سائەتلەپ ئۇچقاندىن كېيىن ئاستىمىزدا دەسسەپ تۇرغىدەك يەرگە ئېرىشىپ بىلدۇقكى، ئۇچۇشنى يەنە داۋاملاشتۇرىدىكەنمىز. ھەربى سەپكە- جەڭگە بارىدىكەنمىز. كۆز يەتكۈسىز بىر تۈزدە قاتار قونۇپ تۇرغان كۈرەشچى ئائىرپىلانلار ۋە تىك ئۇچارلار، تانكا، ھەربى قاتناش ماشىنىلىرى، چېدىر-بارىگاھلار.

غەرىپتە قۇياش پېتىشقا باشلىماقتا. ھاۋا ئىسسىق ۋە نەپەسنى بۇغۇپ تۇرىدىغان نەم. بۇ يەردە بىر نەپەر ئوفىتسېر، ئىككى نەپەر لېتنانت بىزنى تاپشۇرىۋېلىپ، ئىككىگە ئايرىپ چېدىرغا ئېلىپ كىرىشتى. بىز تىك ئۆرە تۇرىشاتتۇق. ئوفىتسېر تىزىملىكىكە قاراپ ئىسمىمىزنى چاقىردى. ئاندىن بىزگە يېقىنلاپ كېلىپ يۇقۇرى ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

ــ ياش يۇرتداشلار، ئەسكەرلەر، سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلار ۋەتەننى قوغداش خىزمىتىگە تەييار تۇرۇشنى، ئۆزىنى پىدا قىلىشنى

بىلىشى كېرەك! تەقدىرىمىزنىڭ كەلگۈسىنى بەلگۈلەشنى، ۋەتىنىمىزنىڭ تېنچ ۋەبېختەرلىكى نېمىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلىشى لازىم! بارلىقىمىزنى قوغداش ئۈچۈن، ھەر ۋاقىت تۈپرىقىمىزغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييار تۇرۇۋاتقان ھەرقانداق غەرپ ئىمپېرىيالىستلىرىغا ئاتا-ئانىمىز، ئاكا-ئۇكىمىز، ئاچا- سىڭلىمىز ۋە پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قايتۇرما زەربە بېرىشىمىز كېرەك! سىلەر ھەركۈنى تەشۋىقات ۋاستىلىرىدە ئاڭلاپ تۇرۇۋاتقاندەك، قوشنا دۆلەتلەردە ئەكسىل ئىنقىلاۋى بۇزۇق ئۇنسۇرلار ۋەتەن ئىچىگە ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ ۋە بۇسۇپ كىرىۋاتىدۇ. ئۇلار رەھىمسىز، ئۇلارنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ، ئۇلار قان ئىچەر ھايۋاندىنمۇ بەتتەردۇر ! ئەگەر بىز ئۇلارنى ئالدىن يوقاتمىساق، ئۇلار بىزنى يوقۇتىدۇ! شۇنداق! سىلەردە ئۇستۇڭلاردىكى مەجبۇرىيەتنىڭ قانداق ئولۇق ۋە قايىسى دەرىجىدە مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكۈدەك يېتەرلىك ئەقىل بار! غەيرەتلىك ۋە جەسۇر بولۇڭلار! ئەگەر سىلەر ئانا ۋەتىنىڭلارنى دۈشمەنگە تارتقۇزۇپ قويۇشنى خالىمىساڭلار، ئەتە سەھەر سائەت بەشتىن باشلاپ ھەربى مەشىقنى باشلايسىلەر! ئېھتىمال سىلەر ھازىرغىچە تولۇق بىلىپ بولالمىغان يەنە ئەڭ مۇھىمى شۇكى، سىلەر ھازىردىن باشلاپ ھەربى ئىچىدە ۋە ئەسكەرى ئىنتىزام ئاستىدا. ئەگەر سىلەردىن كىمكى ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، باندىت تەرەپكە قاچسا، ياكى باندىتلارغا ياردەم قىلىشقا ئۇرۇنسا، بىلىپ قېلىشكى، ئۇ يۇرتىغا مەڭگۈ قايتالمايدۇ، دەرھال بىر تەرەپ قىلىنىپ يوقۇتىلىدۇ. بۇ قانۇن ۋە بۇ تۈر جازا ئوخشاشلا ھەربى ئىنتىزامغا، بۇيرۇققا ئىتائەت قىلمىغانلارغىمۇ يۈرگۈزۈلىدۇ. چۈشۈنۈشتۇڭمۇ؟ - دېدى ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا.

ــ خوپ! چۈشەندۇق! - جاۋاب بەردۇق بىردەك ئاۋازدا تووۇلاپ.

ــ كىمنىڭ قانداق سۇئالى بار؟

ــ مېنىڭ-دېدىم مەن قولۇمنى كۆتۈرۈپ.

ــ قولۇڭنى تۆۋەن چۈشۈر! بىر قەدەم ئالغا!

ــ مېنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىمنى ئاپام زادىلا بىلمەيدۇ-دېدىم سەپتىن بىر قەدەم ئالغا چىقىپ.

ــ مېنىڭ ئاتا-ئانامىمۇ بىلمەيدۇ-دېدى ئارقامدا تۇرغان بىر بالا.

ــ خاتىرجەم بولۇش، ئۇلارغا يېقىندا رايونلۇق پارتىيە ئىشخانىسىدىن ئۇچۇر يەتكۈزۈلىدۇ-دېدى ئوفىتسېر جاۋاپ بېرىپ.

ــ مېنىڭ بىلىكىم يارىلانغان ئىدى، يارا تېخى ساقايمىغان، شۇڭا بىر قانچە كۈن مەشىقتىن رۇخسەت بەرسىڭىز-دېدىم ئوفىتسېرگە يىلىنىپ.

ــ هورۇنلۇق يوق! ئەگەر يارالىڭ ساقايمىغان بولسا، هەربى دوختۇرى سېنى ئالدىنقى سەپكە بەرمىگەن بولاتتى. ئۇندىن باشقا ۋايجان دېگەن ئەسكەر ئەركەك ئەمەس! سەن ئەلۇەتتە بىر ئەركەكقۇ! ياكى ئۇنداق ئەمەسمۇيا! بولدى، ئەمدى هەممەڭ لېتنانتقا ئەگىشىپ ئالغا! لېتنانت سەنلەرگە چېدىرنى، ياتاقلارنى كۆرسۈتۈدۇ - دېدى ئوفىتسېر ئاخىرقى بۇيرۇقنى چۈشۈرۈپ.

مەن ياتاققا ئېلىپ كېتىۋاتقان بىر لېتنانتتىن- بىز هازىر قەيەردە-دەپ سورۇدۇم.

ــ قەندىهارغا يېقىن جايدا-دېدى ئۇ جاۋاپ بېرىپ. دېمەك بىز كابۇلدىن تۆتيۈز كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىدۇق. بىزگە ئىنتايىن ئالدىراش هالدا بەش كۈن هەربى مەشىقى قىلدۇردى- گىراناتا ئېتىشنى، مىنا پارتىلىتىشنى، شۇنىڭدەك دۈشمەنگە يېقىندىن تاقابىل تۇرۇش تاكتېكىسىنى، يەنە باشقا مۇهىم قائىدىلەرنى ئۆگەتتى. هەربى مەشىقنى بىر رۇس ئوفىتسېر قىلدۇراتتى. يەنە بىر ئافغان ئوفىتسېر تەرجىمانلىق قىلاتتى. ئېغىر تېپتىكى قوراللارنى مەشىق قىلغاندا، ياكى تەن چېنىقتۇرۇش هەرىكىتى قىلغاندا بىلىكىم دوزاقتا كۆيگەندەك ئېچىشىپ ئاغرىپ كېتەتتى. شۇنداق چاغلاردا بىلىكىمنىڭ ئاغرىقىنى ئېيتىپ بىر قانچە

قېتىم ئوفىتسېرگە قاخشىدىم. لېكىن ئۇ:

ــ مەشىقنى داۋاملاشتۇر!ـدەپ ۋارقىرايتتى. بەشىنچى كۈنى ھەربى مەشىقى قىلىۋاتقاندا بىر قورقۇنچلۇق ۋەقە يۈز بەردى. بىر بالا ئەسكەر قاتتىق ئەسەبىلىشىپ، ئارقىغا بۇرۇلدى ۋە قولىدكى كالاشنىكوپنى رۇس ئوفىتسېر بىلەن ئافغان تەرجىمان ئوفىتسېرگە تەڭلەپ:

ــ سەنلەر پاسكىنا ئوغرى چاچقانلار ! جېنىڭنى جەھەننەمگە ئۇزارتىمەن!ـدەپ تەلۋىلەرچە ۋارقىرىدى. ئۇنى نەق مەيداندىلا قولغا ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى قايتا كۆرمىدۇق.

بىزنىڭ چېدىردا ماڭا ياندىش ئورۇنلاشتۇرۇلغان، مەندىن ئۈچ ياش چوڭ بىر سىنىپ ساۋاقدېشىم باتتى. بىز ئاخشاملىرى قاتلىما كارىۋاتلىرىمىزنى يېقىن قويۇۋالاتتۇق. كېچىسى پەس ئاۋازدا پىچىرلىشىپ ھال ئېيتىشاتتۇق. بىرىنچى ئاخشىمىلا ئۇ ماڭا پىچىرلاپ، ئۇنىڭ قەندىھاردا تۇرۇشلۇق ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس ھەيدەيدىغان بىر تاغىسىنىڭ بارلىقىنى، ئۇ تاغىسىنىڭكىدە كۆپ قېتىم بولغانلىقىنى، ھەم ئەتراپنى ياخشى تونۇيدىغانلىقىنى، ئۇرۇشقا قەندىھارغا ئېلىپ بارسىلا بىرىنچى كۈنى خورلۇق، ئاھانەتلىك يەردىن تاغىسىنىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن پاكىستاندىكى مۇجاھىدلارنىڭ سېپىگە قاچىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مېنىڭمۇ بىرگە قاچىدىغانلىقىمنى سورىدى. مەن قېنىمغا پاتمىغان شاتلىق ئىچىدە سۆز بەردىم ۋە قاراڭغۇدا قول تۇتۇشۇپ ۋەدىلەشتۇق. يەتتىنچى كۈنى كەچ سائەت توققۇزدا ئۆزىمىزنى كارىۋاتقا تاشلاپ تۇرىشىمىزغا، ئورنىمىزدىن تۇرۇشقا بۇيرۇق بېرىپ:

ــ تېز! تېز. چاققان بولۇش، دەرھال كىيىنىپ، چېدىردىن سىرتقا چىقش!ـ دېدى ئوفىتسېر. بىز چېدىرنىڭ ئالدىغا چىقىپ تىزىلىپ تۇرىشىمىزغا بىر ئوفىتسېر بىزنىڭ گۇرۇپپىقا يېقىنلاپ

كەلدى. بىز ئۈنىڭغا ھەربىچە چاس بەردۇق. ئوفىتسېر بىزگە ئالدىنقى سەپ بۇيرۇقى چۈشۈردى:

ــ ئەسكەرلەر! ھەربى ئاخباراتىمىزنىڭ ئىگەللىشىچە قەندىھار ئەتىراپىدا باندىتلار بىزگە ھۇجۇم قوزغاشقا تەييارلىق قىلىۋېتىپتۇ. لېكىن بىز باندىتلارنىڭ پىلانلىرىنى بىت-چىت قىلىشىمىز كېرەك! ئۆز سېپىڭلاردا جاسارەتلىك، غەيرەتلىك بولۇڭلار! ئالدىڭلارغا نېمە يولۇقسا ئوق ئۈزۈپ يەر چىشلىتىسلەر! ئەكسىچە بولغاندا ئۇلار سىلەرنى يوقۇتىدۇ! قورال ۋە پارتىلاتقۇچلارنى ئېلىپ ماشىنىغا چىقىڭلار!

بىز كالاشنىكوپ، ئوق-دورا، پارتىلاتقۇچلارنى كۆتۈرۈپ، ھەربى ماشىنىسىغا ياماشتۇق. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ماشىنىلار قوزغالدى. تەخمىنەن يېرىم سائەتچە قاراڭغۇلۇقتا يۈرگەندىن كېيىن ماشىنا ئاستىلاپ توختۇتۇلدى. بىز ماشىنىدىن تېۋىش چىقارماي پەم بىلەن چۈشۈپ، تار بىر چىغىر يولغا كىردۇق. پاكار، پاكار ئۆيلەر قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غۇۋا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئاشۇ ئۆيلەر بىز ھۇجۇم قىلىدىغان نىشان بولسا كېرەك-دەپ تەخمىن قىلاتتىم. ئوڭ، سول تەرەپ بوغدايلىق بولۇپ، ئەتىراپ قەبرىستانلىقتەك كېچە سۈكۈتىگە چۆمگەن، ئاندا- ساندا ئىتنىڭ قاۋاشلىرىلا ئاڭلىنىپ قالاتتى.

ــ يىگىتلەر! بىز ھازىر بۇ مەھەللىنى تېنتىپ چىقىمىز! ئەرلەرنى تۇتقۇن قىلىپ، قورالللارنى مۇسادىرە قىلىمىز! ئەگەر كىمدۇر بىرى قېچىشقا ئورۇنسا، ياكى قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولسا دەرھال يەر چىشلىتىسلەر! - دېدى ئۇرۇش بۇيرۇقى بېرىپ بىر كوماندىر. ئاندىن بىر لېتنانت ھەر ئون ئەسكەرنى بىر گۇرۇپ قىلىپ ئۆي ئاختۇرۇشقا بەلگىلىدى. ھېلىقىساۋاقدېشىم بىلەن ئىككىمىز بىر گۇرۇپقا تەقسىم بولدۇق. ھەممىمىز تېخى باللار بولۇپ، ئارىمىزدىكى بىر نەپەر لېتنانتلا قورامىغا يەتكەن، ھەربى

خىزمىتى ئۆتەپ تەجرىبىلىك بولغان ياش ئەسكەر ئىدى. كوماندىرنىڭ بۇيرىقىغا بىنائەن بىزنىڭ گۇرۇپ بىرىنچى بولۇپ ئۆي ئاختۇرۇشى كېرەك ئىدى. بىز ئېتىزلىقتا يەربېغىرلاپ ئۇنچىقماستىن ئىلگىرلەيتتۇق.

ـ گۇناھسىز ئىنسانلارنى ئۆلتۈرىشىمىز كېرەكمۇ، ئېھتىمال ئۆزەمگىمۇ ئۆلۈم ھەر بىر قەدەمدە يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندۇر!ـ مەن شۇلارنى خىيال قىلغىنىمدا تەنلىرىم شۈركۈنۈپ، مۇسكۇللىرىم ئۇيۇشۇپ، بىردىنلا ۋۇجۇدۇم ئوتتەك قىزىشقا باشلىدى. مەن قورقۇنىمدىن لاغىلداپ تىترەيتتىم. قولۇمدىكى كالاشنىكوپ گويا بىر پارچە كېرەكسىز قەلەيدەك بىلىنەتتى. شۇنداقتىمۇ ئاختۇرۇش ۋەزىپە قىلىنغان ئۆيگە قاراپ گۇرۇپقا ئەگىشىپ ماڭاتتىم. ئىككى ئەسكەر ھويلىنىڭ شاخشىلىق ئىشىكىنى يېنىك مۇرىدەپلا ئاچتى. بىز ئوقنى بەتلەپ مۇداپىئەگە ئۆتتۇق. شۇنداق جىددىي پەيتتە ساۋاقدەشىم ئالاقزادىلىك ئىچىدە پىچىرلىدى. قۇلۇقىڭنى دىڭ تۇت، ھازىر تولۇق پۇرسەت كەلدى.

مەنمۇ ئۇنىڭغا سۆزسىز جاۋاپ بەردىم. كېچە قاراڭغۇلۇقىدا كۆك ئاسماننى جۇلالىتىپ تۇرغان يۇلتۇزلارنىڭ خىرەن يورۇقىدا ھويلىدىكى بىر قانچە تۇپاق ئۆچكە، قوي ۋە بىر كالىنى پەرق ئېتەلىدۇق. لېتنانت ھويلوغا ئېتىلىپ كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىككى نەپەر بالا ئەسكەرلەرمۇ ئەگىشىپ كىرىپ كېتىشتى. ئۇلار ئىشىكى يوق ئۇڭكۇردەك قاراڭغۇ ئۆينى ئاختۇرۇش ئۈچۈن ھۇجۇمغا ئۆتۈشكەن ئىدى. بىز ھويلىنى بېقىۋاتاتتۇق. ئۆينىڭ ئىچىدىن تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. كىچىك باللار ۋە ئاياللارنىڭ ۋەھىمىلىك چىرقىراشلىرى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ بىر قانچە پاي ئوق ئاۋازى كەلدى. ئارقىدىنلا قاراڭغۇ ئۆيدىن ئۇنسىز چىقىۋاتقان بىر ئەركىشىنىڭ گەۋدىسى كۆرۈلدى. ئۇ ئۆز جېنىنىڭ قايغۇسىدا ئالاقزادە ئىدى. نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ

تۇرغان بىر بالا ئەسكەر ئۇ ئادەمگە قورالىنى بەتلەپ بولغىچە، هويلىنىڭ پاكار قۇيرۇق تېمىدىن قوشنا هويلىنىڭ باغچىسىغا سەكرىدى. قاراڭغۇ ئۆيدىن چىقىۋاتقان بىر بالا ئەسكەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ۋارقىرايتتى- ئۇنى تۇتۇڭلار! ئۇ باندىت لېتنانتنى ئېتىۋەتتى! يارىلانغان ئەسكەرلەرنى دوختۇر ماشىنىسىغا ئېلىپ بېرىڭلار! ئۇ شۇنداق ۋارقىرايتتى. دەل شۇ پەيتتە هېلىقى مېنىڭ ساۋاقدېشىم ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ- رەھىم تېز بول! ئىككىمىز باندىتنى قوغلايلى-دېدى ماڭا ۋارقىراپ. بىز قوشنا باغچىغا سەكرىدۇق. قويۇق دەل-دەرەخلەرنى بۇسۇپ ئۆتۈپ يەنە بىر باغچىغا سەكرىدۇق. ئاداش تېز بول! مۇنۇ تامنىڭ يېنىدىكى قاپاق تېرەككە چىقىپ قاراپ باقايلى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى قانداق بولۇۋاتىدۇ ياكى چېكىنىدىمۇ. تېز بول!- دېدى ساۋاقدېشىم ئالدىراپ-تېنەپ. بىز تېنۇش چىقارماي دەرەخكە يامىشىپ ئۆرلەپ، بىر ئاز نەپەسلىنىۋالدۇق. قاراڭغۇلۇقتا خىرەن كۆزگە چېلىقىۋاتقان نەرسىلەرگە دەرەخ شاخلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئىنچىكىلەپ سەپ-سالاتتۇق ۋە ھەر بىر ئاۋازلارغا دىققەت قىلىپ قۇلاق سالاتتۇق. ھەر تەرەپتىن ئوق ساداسى، گىرانات پارتىلاشلىرى، ئاياللارنىڭ، باللارنىڭ نالە-پەيراتلىق چىرقىراشلىرى، ئىتلارنىڭ ئەنسىز هۇلاشلىرى هەيۋە بىلەن گوياكى بىزنى قىستاپ كېلىۋاتقاندەك بارغانسېرى قۇلاق تۇيىدىلا ئاڭلانماقتا ئىدى. ( بىز كېيىنكى كۈنى بىلگىنىمىزدەك، بۇ يېزا قانچە مىڭلىغان ئەسكەرلەر تەرىپىدىن كېچىچە ئوقتا تۇتۇلغان ۋە دەھشەتلىك قانغا بويالغان بولۇپ، يېزا ئاھالىسىدىن ئوتتۇزغا يېقىن كىشىلەر- كۆپۈنچىسى ئايال ۋە كىچىك باللار، بالا ئەسكەرلەردىن سەكسەندىن ئارتۇق ئۆلتۈرۈلگەن ئىكەن.) بىز دەرەخكە مايمۇندەك مەھكەم يامىشىۋالغان ئىدۇق. بىزنىڭ چېنىقتۇرۇلمىغان مۇسكۇللىرىمىز سېزىمىنى يوقۇتۇپمۇ قوياتتى-دە، يەرگە چۈشۈپ كېتىشتىن قورقۇپ، جېنىمىز

تۇمشۇقىمىزغا كېلىپ قالاتتى. بىراق قورقۇنچمۇ بەزىدە كىشىگە كۈچ بېرىدىكەن. بىز قايتىدىن ماغدۇرلىنىپ ئۆزىمىزنى رۇسلىۋالاتتۇق. تەخمىنەن تۆت سائەتتىن كېيىن ئوق ئاۋازى بىزدىن يىراقلاپ كەتتى. ماشىنىلارنىڭ گۈرۈلدەشلىرىمۇ بېسىققان، ئەتىراپ قايتىدىن سۈكۈتكە چۆمۈشكە باشلىغان ئىدى. بىز ھەربى كىيىملىرىمىزنى سېلىۋېتىپ، يەرلىك كىيىملىرى-مىزنى كەيدۇق. كالاشنىكوپ ۋە ئوق، گىراناتلارنى، ھەربىچە كىيىملەرنى دەرەخنىڭ شېخىغا ئېسىپ قويۇپ، پەسكە سېرىلىپ ھويلىغا چۈشكىنىمىزدە تېخىچىلا قورقۇنچتا ئولتۇرغان ئاياللار، باللار:

ــ رۇسلار! رۇسلار!- دەپ قالايمىقان ۋارقىراشتى. شۇ ئارىدا ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېسىپ قويغان كەندىر پاسالىرىنىڭ ئارقىسىدىن تۇيۇقسىز بىر ئادەم چاچراپ قوپتىدە، قورالىنى بىزگە تەڭلەپ- قىمىرلاشما! قولۇڭنى بېشىڭغا قويۇپ تەسلىم بولۇش! - دېدى جىددىي بۇيرۇق ھالىتىدە.

ــ ئاكا! بىز رۇس ئەمەس، ئەسكەر سېپىدىن قاچقانلار-دېدى ساۋاقدېشىم پەس ئاۋازدا.

ــ ئۇنداقتا سەنلەر ئىشپىيون! سەنلەر خائىن-دېدى يەنە بىر ئادەم ئەسەبىلىك بىلەن ۋارقىراپ.

ــ ياق، ياق! بىز ئاللاھ نامى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز ئەسكەر ئىدۇق. سەپتىن سۇغۇرلۇپ قېچىپ كەتتۇق. ھازىر مۇجاھىدلار سېپىگە قوشۇلماقچىمىز!

ــ سەنلەر ئەڭ يامان ھىلىگەر ئىشپىيونلار ئىكەنسەن! بىزنى دۆت، كالۋا كۆرۈشۋاتامسەن؟ ئەسكەرمىش، قانداق ئەسكەر بۇلار ھە! ھەربىي كىيىمى يوق، قولىدا قورال يوق! زادى قانداق ئەسكەر؟- دېدى ئۇ ئادەم غەزەپ بىلەن ھەمدە بىزگە ئىككى قەدەمچە يېقىنلاشتى.

ــ توغرا، ئەسكەرنىڭ بەلگىلىرى بولىدۇ! كۆردۈڭمۇ ئاكا، ئەنە ئاۋۇ دەرەخ شېخىغا ئېسىقلىق تۇرغان كالاشنىكوپ ۋە ھەربىيچە كىيىملەر بىزنىڭ ئىدى. چۈنكى بىز كېچىدىكى باستۇرۇش ھۇجۇمىدا ئاشۇ دەرەخكە يوشۇرۇنۇۋالغان ئىدۇق ـ دېدىم مەن ئۇ ئادەم بىزنى تۇيۇقسىز ئېتىپ تاشلامدىكىن دېگەن قورقۇنچ ئىلكىدە لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ.

ــ شۇنداق! شۇنداق، قولۇڭنى گەجگەڭگە قويۇشۇپ يەردە دۈم يېتىش!ـ دېدى ئۇ ئالدىراش بۇيرۇق بېرىپ ۋەـ دەرھال ئاغامچا ئەكەلـ دەپ ۋارقىرىدى. بىر ئايال ئىككى تال ئاغامچا ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭغا بەردى. ئۇ قولىدىكى مىلتىقنى ھېلىقى ئايالغا تۇتقۇزۇپ ـ ئەگەر بۇلار ئورنىدىن تۇرۇشقا ئورۇنسا دەرھال ئېتىپ تاشلايسەن ـ دېدى ھەمدە ئۆزى بىزنىڭ پۇت ـ قوللىرىمىزنى تۇشەپ باغلىۋېتىپ، بىز كۆرسەكەن دەرەخ تەرەپكە يۈگۈردى. ئۇ بىر ئازدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ ـ مانا بۇ كالاشنىكوپنى ئېلىڭلار ـ دېدى ئەتراپىمىزغا ئولۇشۇپ قاراپ تۇرۇشقان ئائىلە ئەزالىرىغا قورال ۋە ئوق ـ دورىلارنى ئۇزارتىپ. ئاندىن بىزگە قاراپ ـ مەن سىلەرگە تولۇق ئىشەندىم. سىلەر راست ئېيتىپسىلەر ـ دېدى ئۇ پۇت ـ قوللىرىمىزنى باغلاقتىن بوشاتقاچ. بىز باغلاقتىن بوشىنىپ سۈپىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن ــ سىلەرنى دەرھال مۇجاھىدلارنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويۇشۇمنى خالامسىلەر؟ ـ دېدى ئۇ بىزدىن سوراپ.

ــ ياق، ھازىرچە ياق. ئاۋال قەندىھاردىكى تاغامنىڭ ئۆيىگە بارىمىز. ئۇ بارلىق مۇجاھىد قوشۇنلىرىنى ۋە رەھبەرلىرىنى ياخشى تونۇيدۇ. بىراق بۇ يەردىن قەندىھارغا بارىدىغان يولنى بىلمەيمىز ـ دېدى ساۋاقدىشىم جاۋاپ بېرىپ.

ــ قەندىھار شەھرى بۇ يەردىن پىيادە چارەك سائەتلىك يىراقلىقتا. تاڭ بىر ئاز يورىغىچە كۈتۈڭلار، مەن سىلەرگە يولنى كۆرسىتىپ قويىمەن، ھازىر ئۆيگە كىرەيلى ـ دېدى ئۇ بىزنى ئۆيگە باشلاپ. بىز

ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆيگە كىردۇق. ئۇ كىرىسىن چىراقىقا ئوت ياقتى. بىز ئەتراپنى ئېنىق كۆرگەندىن كېيىن بىرگىلەمدە ئولتۇردۇق. بىز قىسقىچىلا ئۆزىمىزنىڭ قېچىش جەريانىمىزنى ئېيتىپ بەردۇق. هايال ئۆتمەي ئۇنىڭ ئايالى تونىكا قاچىدا قىزىق سۈت ۋە نان ئېلىپ كىردى. بىز هېرىپ-چارچىغانلىقىمىزغا، ئۇيقۇسىز-لىقىمىزغا قارىماستىن، بۆرىدەك ئېچىرقاپ كەتكەن ئىدۇق. بىز ئوزۇقلۇنۇپ بولىشىمىزغا تاڭمۇ يورۇپ قالغان ئىدى. شۇڭا مەنزىلگە تېزراق يېتىۋېلىشنى ئويلاپ يولغا چىقماقچى بولدۇق ته، ئالدىراپ سىرىتقا چىقىۋاتقىنىمىزدا بىر ئايال- ۋاي خۇدايىم، قارىمامدىغان مۇنۇ نائىنساپ رۇسلارنىڭ قىلغانلىرىغا! تېخى قۇچقاچ قوغلاپ يۈرىدىغان كىچىك باللارنىمۇ ئەسكەرلىككە ئەۋەرتىپتۇ ئەمەسمۇ-دېدى ئېچىنغان هالدا نەپرەتلىنىپ. هېلىقى ئادەم ئېتىز ئارىلاپ قەندىهارغا ماڭىدىغان چىغىر يولنى سۆرەتلەپ كۆرسۈتۈپ بولۇپ، خوشلىشىدىغاندا خۇددى ئاكىمىزدەك مېهرىبانلىق بىلەن بىزنى باغرىغا بېسىپ، پېشانىمىزدىن سۆيگەندىن كېيىن ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

بىز يولغا چىقىپ تەخمىنەن يېرىم سائەتلەرچە يۈرگەندىن كېيىن كۆپلىگەن هەربى قاراۋۇللۇقتىن ئۆتۈپ، ساۋاقدېشىمنىڭ تاغىسىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدۇق. ساۋاقدېشىمنىڭ تاغىسى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ هەممىسىلا بىزنى تۇيۇقسىز كۆرگەنلىكلىرى ئۈچۈنمىكىن تېڭىرقاپ قېلىشقاندىن كېيىن بىزنى بەك قىزغىن قارشى ئېلىشتى. بىز ئۇنىڭ تاغىسىغا ئۆزىمىز خالىمىغان ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرىمىزنى سۆزلەپ بەردۇق. ئۇ دەرهال تەكلىپ بېرىپ، بىزنىڭ بىر گۇرۇپ مۇجاهىدلار بىلەن پاكىستانغا كېتىشىمىزنى ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن مەن ئاپام ۋە ئۇكىلىرىمنىڭ مەندىن باشقا ئەركىشىسىز كابۇلدا قالغانلىقىنى، مەن شەرتسىز ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىشىم

كېرەكلىكىنى ئېيتتىم.

ــ بولىدۇ يىگىت. مەن ئەتە ھەرھالدا كابۇلغا قاتنايمەن، سېنى بىرگە ئالغاچ كېتەي-دېدى ئۇ ۋەدە بېرىپ.

ــ لېكىن يولدا ئەسكەرلەر كىملىك تەكشۈرۈپ قالسا، ياكى مېنى تونۇپ قالسا، ئۇچاغدا مەن ئاللىبۇرۇن ئۆلگەن بولىمەن-دېدىم ھاياجان ئىلكىدە تەرەددۇتلىنىپ.

- بۇ ھەقتە ئويلانما، ئەگەر سەن بىر ئاز جاپاغا چىدىساڭ، مەن سېنى ئۆتكۈزۈپ كېتىمەن.

ــ قانداق قىلىپ زادى؟-سورۇدۇم قىزىقىپ.

ــ بۇنى ئەتە كۆرىسەن، ئانچە بەك قىيىن ئىشمۇ ئەمەس- دېدى ئۇ، مېنى تېنچلاندۇرغاچ مۇرەمگە يېنىك ئۇرۇپ. كەچلىك تاماقتا بىزنىڭ ئۆيگە كېلىدىغان يولنى ئۇنىڭغا تەپسىلى سۆرەتلەپ چۈشەندۈردۈم. ئۇ ئادەم ماڭا يەنە مۇجاھىدلار توغرىسىدا ئاكتىپ ياردەمچىلەر توغرىسىدا ئۇچۇر بېرىپ. ئاخىرىدا كابۇلدا تۇرىدىغان چوڭ بىر مۇھىم تىجارەتچى قىلىدىغان باققالنىڭ ئىسمى ۋە ئادرىسىنىمۇ ئېيتىپ بەردى. كېيىن ئەگەر مۇجاھىدلارنىڭ يېنىغا بارماقچى بولسام، ياكى بىرەر ياردەم لازىم بولۇپ قالسا ئاشۇ باققالنى تاپىدىغانلىقىمنىمۇ سەمىمگە سېلىپ قويدى.

ــ ئوغلۇم! ھېلىقى ئادېرسلار يېنىڭدا بارمۇ؟ - دېدى ئۇ مۇنۇ ئىككىنچى مۆجىزىدىن- يەنى پاكىستانغا قېچىشقا ياردەم قىلىدىغان كىشى توغرىسىدىكى ئۆزلىكىدىن كەلگەن ئۇچۇردىن شاتلىنىپ.

ــ ھە ئە! ئەلۋەتتە كاللامدا ئۇ ئادېرسلار. ئاپا، ئۆتۈنۈپ قالاي سەندىن، بېشىمدىن ئۆتكەنلەرنى دەۋالغىلى قويغىن-دېدى رەھىم ھاياجانلىق كەچۈرمىشلىرىنى داۋام قىلىپ- كېيىنكى كۈنى سەھەردە ساۋاقدېشىمنىڭ تاغىسى ئاپتوبۇسنى ئىشىكنىڭ ئالدىغىلا توختۇتۇپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا بىر يوغان

تاغار باتتى. ئۇنىڭ ئايالى ئىككى نان بىر شىشە سۇنى ئەكىلىپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى. مەن تېخىچىلا ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمايتتىم. شۇ ئەسنادا ئۇ ئادەم قولىدىكى تاغارنى شىرەگە قويۇپ- يىگىت بۇ ياققا كېلىپ، تاغارنىڭ ئىچىگە كىر!-دېدى. بىر ئاز قورقۇپراق لېكىن ئۇنچىقماستىن تاغارغا كىردىم.

ــ شۇنداق، يىگىت قورقۇش يوق بولامدۇ! نەپەسلىنىشكە يېتەرلىك يورۇقلىرى بار تاغارنىڭ. لېكىن يول ئۇستىدە قاتتىق دېققەت قىلىشىڭ كېرەك. ناۋادا ئاپتوبۇس توختۇتۇلۇپ يۈك بۆلۈمى ئېچىلغاندا، شۇنداقلا مېنىڭ « يەنە باندىتلارنى ئىزدەۋاتامسىلەر!» دېگەن ئاۋازىمنى ئاڭلىغىنىڭدا ھەتتا نەپەسمۇ ئالماستىن شۈك تۇرسەن، كابۇلغا يېتىپ بارغىچە بەرداشلىق بېرەلەمسەن؟-دېدى سۆزىنىڭ ئاخىرىدا.

ــ ھە ئە، ئەلۋەتتە-دېدىم مەن تۆۋەن ئاۋازدا جاۋاپ بېرىپ.

ــ ئۇنداقتا ياخشى، سېنى ئالدى بىلەن يۇغۇشتۇرۇپ، ئاندىن باشقا يولۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرىمەن-دە، يۈرۈپ كېتىمىز.

ئۇ ئىشەنچ ۋە ئۈمىتلىك ھالدا تەبەسسۇم قىلاتتى. مەن ساۋاقدېشىم بىلەنمۇ خوشلاشتىم. ئاندىن ئۇ تاغارنىڭ ئاغزىنى بىر تال شوينا بىلەن مەھكەم بوغدى. ئۇلار بىرلىكتە مېنى كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ، ئاپتوبۇسنىڭ ئاستىدىكى يۈك-تاق قويىدىغان بۆلۈمگە ئورۇنلاشتۇردى.

يول بويى بەختكە يارىشا ھېچ قانداق يامان ئەھۋال يۈز بەرمىدى.

ئەسكەرلەر ئاپتوبۇسنى كۆپ قېتىم توختۇتۇپ، يولۇچىلارنى كۆزدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن يۈك-تاقلارنى تەكشۈرمىدى. ئاخىرى ساۋاقدېشىمنىڭ تاغىسى ئۆزى ئېيتقىنىدەك، يولۇچىلىرىنى چۈشۈرۈپ بولۇپ، مېنى ئۇدۇل ئۆيىمىزگە ئەكىلىپ سىلەرگە تاپشۇرۇپ بەردى مانا!

ئوغلىنىڭ ئاڭلىتىشلىرىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپ ئۇ سۆزىنى باشلىدى- ئاللاھغا شۈكرى ئوغلۇم، سەن يەنە ئۆيىمىزگە قايتىپ كەلدىڭ. ئەمدى ياخشى قۇلاق سال! سېنى ئۆيدىن ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن مائارىپ مىنىستىرلىكىدىن ئادەملەر كەلدى. ئۇلار ئاچاڭنى رۇسيەگە ئەۋەتمەكچى ئىكەن. ساڭا تەپسىلى چۈشەندۈرەي. بىرنى بىر ئاي خاتىرجەم قويۇشى ئۈچۈن ئۇلارغا پارا بەردۇق. مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدە پاكىستانغا قېچىشقا پۇرسەت ئىزدىمەكچى ئىدۇق. ئەگەر سەن قايتىپ كېلەلمىگەن بولساڭمۇ بىز يولىمىزغا ماڭاتتۇق ئوغلۇم. لېكىن ساڭا مۇجاھىدلار خەۋىرىمىزنى يەتكۈزەتتى. سەن بىلىسەنغۇ ئوغلۇم ئۇلارنىڭ ھەممىلا يەردە ئادەملىرى بار. شۇنداق رەھىم، ئوغلۇم! ھازىرىدىن باشلاپ ئىشىمىزغا تۇتۇش قىلىشىمىز لازىم!

## ئون بىرىنچى باب
## ۋاقىت - بۆرىسى تىنۇر

ئۇ مىۋە تىجارىتى قىلىدىغان باققالنىڭ نام-نەسەپ ۋە بەلگىلىرىنى شۇنىڭدەك رەھىمنى سالامەت ئۆيىگە ئەكىلىپ بەرگەن كىشىنىڭ ئىسمى شېرىپلىرىنى پۇختا بىلىۋېلىپ، كېيىنكى كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئۇستى بېشىغا پۈركەنچۈكنى ئارتىپ، كوچا ئاپتوبۇسى بىلەن كابۇل مىۋە بازىرىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئانچە بەك قىينالماي بىر قانچە كىشىدىن سوراپلا دۇكىنى ئالدىدا تۇرغان باققالنى تېپىۋالدى-دە، باققالغا يېقىنلاپ كېلىپ ئاستا پىچىرلاپ ئوغلىنى ئەكىلىپ قويغان ئاپتوبۇس شوپۇرىنىڭ ئىسمىنى ئېيتتى ۋە سۆزلىشىدىغان مۇھىم ئىش بارلىقىنى دەپ

ئۆتتۇندى. باققال دەسلەپ ئۇنىڭدىن قاتتىق گۇمانلىنىپ تىكىلدى. بەلكى ئاپتوبۇس شوپۇرىنىڭ ئىسمىنى ئەسلىدى بولغاي، بىر ئازدىن كېيىن كۆزلىرىدىن ئىشەنچ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. باققال ئەتراپقا بىر قۇر سەپ سالغاندىن كېيىن- ئارقىدىكى مەيدانغا بارسىڭىز بىر دۆۋە قوغۇننى كۆرىسىز، هە، شۇ يەردىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن هايال قالماي يېنىڭىزغا كېلىمەن-دېدى يۈزلىرىدىن تەپچىرەپ تۇرغان قورقۇنچنى يوشۇرالماستىن. ئۇ كۆرسۇتۇلگەن ئورۇندۇقتا سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتەتتى. شۇ ئارىدا باققال چوڭ-چوڭ قەدەم تاشلاپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە:

مەن سىزگە قايسى جەھەتتىن ياردەم قىلىشىم كېرەك ئاق كۆڭۈل خېنىم؟ بىراق ئاۋازىڭىزنى چىقارماستىن بەك ئاستا سۆزلىشىڭىزنى ئۆتۈنۈمەن!-دېدى سىپايىلىك بىلەن. ئۇ، باقالنىڭ قىياپىتى ۋە سىپايە مۇئامىلىسىگە قاراپ، كەسپىگە ماس كەلمىگەنلىكىنى هىس قىلدى. هەم بۇنداق بىر سالاپەتلىك، ئىلمى هەم قابىلىيەتلىك كىشىنىڭ ئادەم قاچۇرۇشقا ياردەملەشكىنىدىن كۆرە كابۇل شەهىرىدىكى مۇجاهىدلارنى يېتەكلەيدىغان مۇهىم ۋەزىپىنى ئۆتىگەن بولسا كۆپ ياخشى بولاتتىكەن-دەپ، ئويلىنىپ قالغاندىن كېيىن ئائىلىسىدە يۈز بەرگەن بارلىق هادىسىلەرنى قىسقىچە هەم تەپسىلى ئېيتىپ، پاكىستانغا قېچىشىغا قەتئى ياردەم قىلىشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلدى. باققالمۇ چۈشۈنۈشلىك قىلىپ مۇنۇلارنى ئېيتتى-

هۆرمەتلىك خېنىم، مەن بۇ شەهەردىكى مۇجاهىدلارنىڭ ئىچىدە پۈتۈنلەي باشقا بىر رول ئويناىدىغان ئادەم مەن. لېكىن بىزگە ئەزا بولغان يەنە بىر ئادەم قاچۇرۇشقا ياردەملىشىدىغان گورۇپ بىلەن ئالاقەم بار. هەر هالدا بۇ خەتەرلىك دەپ قارىلىدىغان ئىش ئۈچۈن سىزدىن ناهايىتى كۆپ سەرمايە تەلەپ قىلىشى مۇمكىن. ئەگەر

سىز تەلەپ قىلىنىدىغان پۇلنى تەخلىيەلىگۈدەك ھالدا بولسىڭىز، ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلسام بولىدۇ.

ــ قانچە پۇل تەلەپ قىلار سىزچە- دېدى ئۇ بىلىشكە ئالدىراپ.

ــ سىلەر قانچە كىشى؟

ــ تۆت بالام بىلەن مەن، كىچىك ئىككىسىنىڭ بىرى ئۈچ، يەنە بىرى بىر ياشتا.

ــ ھە ئە، مېنىڭ تەخمىنىمچە يۇزمىڭ ئافغانى تەلەپ قىلىشى مۇمكىن. ياكى ئۇنىڭدىن ئاز، ياكى كۆپرەك بولىشىمۇ ئېھتىمال. بىلسىڭىز بۇ پۇللار پەقەت قېچىشقا ياردەملىشىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى كۆپ قىسمى مۇجاھىدلارغا تاپشۇرىلىدۇ-دېدى باققال تېخىمۇ تەپسىلىرەك چۈشەنچە بېرىپ.

ــ ئەگەر بارلىق زىنەت بۇيۇملىرىمنى، ئۆيىمىزنىڭ گېلەم، بىساتلىرىنى، جىھاز، جابدۇقلىرىنى ساتسام بەلكى ئەللىك مىڭ ئافغانى بولۇشى مۇمكىن-دېدى ئۇ ئۈمىتسىزلىككە پەتىۋاتقاندەك بىئارام بولۇپ. باققال بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن-

بۈگۈن ئاخشام ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ باقاي، ئەتە كەچ سائەت تۆتلەردە كەلسىڭىز، شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ بۇ قەدەر پۇلغا ماقۇل بولۇپ بولمىغانلىقى توغرىسىدا سىزگە ئوچۇق خەۋىرىنى يەتكۈزەي-دېدى گەپنى كېسىپ. ئۇ باققالنىڭ ھىمايىسىگە مۆھتاج ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ يالۋۇرگەندىن كېيىن خوشلاشتى.

ئۇ شۇ كېچىسى بالىلىرى بىلەن ئولتۇرۇپ ھىساپلاپ كۆردى. سېتىشقا تېگىشلىك بارلىق زىنەت بۇيۇملىرى، ئۆي بىسات، سەرەمجانلارنىڭ ھەممىسىنى ئەسلىدىكى باھاسىنىڭ يېرىمىغا ساتقاندىمۇ، ئاتمىشمىڭ ئافغانى خام چوت قىلىندى. ئۇنىڭ باققالغا ئېيتقىنىدىن ئونمىڭ ئافغانى ئارتۇق بولۇدىكەن.

ئۇ كېيىنكى كۈنى دېيىشكەن ۋاقىتتا باققالنىڭ دۇكىنىغا يېتىپ كەلدى. باققالمۇ ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. دوستانە سالام

بېرىپ-

ئەپسۇس، تەلەيسىز ئىكەنسىزئېسىلزادە خېنىم. بۇ كۆنلەردە قېچىشقا ياردەملىشىدىغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يولغا چىقىپ بولغان، ياكى قاچىدىغانلارنىڭ تىزىملىكى خاتىرلىنىپ بولغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ قولى بوشىغىچە بىر قانچە ھەپتە كۈتۈش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا سىزگە تەكلىپ قىلالايدىغىنىم بىرلا يول بار، لېكىن بەك مۇرەككەپ، ھەتتا ھاياتقا خەۋپ يەتكۈزگىدەك دەرىجىدە خەتەرلىك. ھازىر سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ياكى قوبۇل قىلىش، ياكى رەت قىلىش تۇرۇپتۇ- دېدى.

- بۇ يولنىڭ ئىمكانىيتى قانچىلىك؟-دېدى ئۇ تاقەتسىزلىك بىلەن سوراپ.

- پىلان مۇنداق، مېنىڭ بىر يۈك ماشىنىسى ھەيدەيدىغان شوپۇر تونۇشۇم بار بولۇپ، ھەپتىدە بىر قېتىم كابۇلدىن مېۋە، كۆكتات، باشقىمۇ ئوزۇقلۇق ئېلىپ، لوگارتال دېگەن يۇرتنىڭ ئەڭ چەت يېزىلىرىغىچە ئاپىرىپ تارقىتىدۇ. بىز بىر چوڭ تاختا ساندۇق ياساپ ماشىنىغا ئورۇنلاشتۇرساق، سىزنى تۆت بالىڭىز بىلەن ئەشۇ ساندۇققا يوشۇرۇپ، ئۈستىگە قوغۇن، ئۈزۈم قاچىلانغان يېشىكلەرنى بېسىپ يولغا سالساق، مېنىڭچە يامان ئەمەس. تۆت سائەتلىك، ئۆتۈپ كەتسە ئالتە سائەتلىك يولدىن كېيىن لوگار دېگەن يۇرتنىڭ ئاخىرقى يېزىسىغا يېتىپ بارىسىلەر. شۇ يەردىكى كارۋانسارايدا سىلەرنى ساندۇقتىن چىقىرىپ، كېچە قاراڭغۇلۇقىدا بىزنىڭ ئادەملىرىمىز تاغ يولىدىن ئۆتكۈزۈپ پاكىستانغا باشلاپ ماڭىدۇ.

- ئەللىكمىڭ ئافغانى تۆلەپ، يەنە باللىرىم بىلەن تاغدىن پىيادە ئۆتسەك، بۇ بىر ئاز ئارتۇقچە ھەق تەلەپ قىلغانلىق بولماسمۇ؟

- ئوچۇق ئېيتىشقا تېگىشلىك بىر گەپ بار، مەن بۇ پۇللارنى

ئۆزەم ئۇچۇن تەلەپ قىلىۋاتمايمەن، ئەكسىچە ئۇچتەن بىر قىسمى باش كىيىمسىز يۈرىدىغان خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغان شوپۇرغا، قالغان ئۈچتەن ئىككى قىسمى يول باشلىغۇچىلارغا يەنى مۇجاھىدلارغا تاپشۇرۇلىدۇ.

ـ بولىدۇ ئۇنداقتا. بۇ پىلانمۇ يامان ئەمەستەك قىلىدۇ. لېكىن مەن پۈركەنچۈكنى كىيىپ، كىچىك ئىككى بالامنى يېنىمغا ئېلىپ شوپۇرنىڭ ئايالى قىياپىتىدە يېنىدا ئولتۇرسام بولماسمۇ؟ چۈنكى كىچىك بالىلىرىمغا، ئىسسىقتا ساندۇقنىڭ ئىچىدە بىرەر ھادىسە يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن!

ـ ياق، ئەپسۇس! ئۇنداق قىلىش سىزگىمۇ، شوپۇرغىمۇ بالا ـ قازا بىر ئىش بولىدۇ. مەخپىي ساقچىلار ( خ.ئا.د ) ھەربىر قاتناش ۋاستىلىرىنى، ئۇنىڭدىكى يولۇچىلارنىڭ كىملىكلىرىنى تولۇق تەكشۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئايال خادىملارمۇ بولۇپ، پۈركەنچۈكلۈك ئايال يولۇچىلارنىمۇ كۆزدىن كەچۈرىشىدۇ. سىزيولدۇشىڭىزغا ۋە باشقىمۇ ئەنگە ئېلىنغان كىشىلەرگە ئوخشاشلا مەخپىي ساقچىلارغا تونۇشلۇق بىرىسىز. ئەگەر سىزنى تونۇپ قالىدىغان بولسا، ئۇچاغدا شوپۇر ئۆلۈك جەسەتكە ئايلىنىدۇ! ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىڭىزگە ۋە بالىلىرىڭىزغا نېمە ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئويلىنالامسىز! ئاخىرى بېرىپ بىز ئۇزۇن يىللاپ جاپا چېكىپ قۇرۇپ چىققان ھەرىكىتىمىز، ھەممىدىن مۇھىم، جاندىن ئەلا مۇجاھىد قوشۇنىمىز ئاشكارىلىنىدۇ! ئەمدى ياخشى ئويلىنىپ بېقىڭ نېمە ئۇچۇن بولمايدىغانلىقىنى! ئۇنىڭدىن سىرىت كۆپ قېتىملاپ سىناقتىن ئۆتكەن، ھازىرغا قەدەر ئۇنۇملۇك ياخشى كېتىۋاتقان ئۇسۇلىمىزدىن قورقمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. بىز ھەممىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرىمىز، ساندۇقنىڭ ئاستىدا يۇمشاق تۇشەك، ھاۋا ئالماشقۇدەك يورۇقلار، ئىشقىلىپ ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق.

ــ بولىدۇ ئۇنداقتا، سىز باشقا ئامال يوقلىقىنى ئېيتقان ئىكەنسىز، بىزمۇ بۇ يولنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. مەن بالىلىرىمنىڭ كوممۇنىستلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىنى ھەرگىز خالىمايمەن. خوش، قاچانغىچە داۋاملىشىدۇ تەييارلىق؟- سورىدى ئۇ يەنىلا بۇ پىلاننىڭ نەتىجىلىك بولىشىدىن ئەندىشىلىنىپ.

ــ يېقىن ئارىدا. سىز كېرەكلىك پۇللارنى تاپشۇرسىڭىزلا. ئەكسىچە بولغاندىمۇ بىزنىڭ پىلانىمىزغا ئانچە تەسىر قىلىپمۇ كەتمەيدۇ- دېدى باققال جاۋاپ بېرىپ.

ــ ماقۇل! مەن پات يېقىندىلا نەرسە-كېرەكلىرىمنى پۇل قىلىپ سىزگە خەۋەر بىرەي-دېدى ئۇ، باققالنىڭ يۈزىدىن ئىپادىلىنىپ تۇرغان سەمىمىلىكتىن مەمنۇن بولغان ھالدا خوشلىشىپ.

ئۇ مەزكۇر خەۋەر بىلەن ئۆيىگە قايتىپ، بالىلىرىغا قېچىش پىلانىنىڭ تەپسىلاتلىرىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ بالىلىرى دىققەت بىلەن ئاڭلاشتى. لېكىن ئۇلار ھەر ھالدا بۇنداق مۆكۈنۈپ قېچىش پىلانىدىن شۈبھىلىنىشتى ۋە بەكمۇ ھايجانلىنىپ كېتىشمىدى. ھەمدە

ــ باشقا بىر ئىمكانىيەت توغرىسىدا ئۇ باققالدىن سوراپ باقمىدىڭمۇ ئاپا؟ - سورىدى نەجىبە قانائەتسىزلىنىپ.

ــ ئەلۋەتتە سورۇدۇم. باشقا ئۇسۇلمۇ باركەن. ئەمما بەك ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىدىكەن. ئۇ چاغدا كېچىكىپ قالغان بولىمىزكەن - دېدى ئۇ قىسقىلا جاۋاپ بېرىپ.

بۇنداق قېچىش چارىسىدىن بالىلارلا ئەمەس، ئۇ ئۆزىمۇ كىچىك بالىلىرىدىن ئەنسىرەپ تازا مەمنۇن بولالمايتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا مۇشۇ يولنى سېتىۋېلىشتىن باشقا ھېچ نەرسە قالمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ كېيىنكى ئەتتىگەندە ھېلىقى ئالدىنقى ھەپتىدە گېلەمنى سېتىۋالغان قاسساپنى دۇكىنىدىن باشلاپ

كەلدى. قاسساپمۇ ھۆكۈمەتكە سادىق بىرى بولغاچقا ھەمدە بىر ئوغلى رۇسىيەدە ئوقۇۋاتقان بولغاچقا رەھىمنى ئۇنىڭ كۆزىدىن يوشۇرۇپ قويدى دە- بارلىق زىنەت بۇيۇملىرىنى، ئۆي بىساتلىرىنى، جىھازلارنى كۆرسىتىپ، يولدىشىنىڭ ۋە چوڭ ئوغلىنىڭ يوقلىقىدىن ئىقتىسادىي جەھەتتىن تۇرمۇش قىيىنچىلىقىغا دۇچ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

— ھە ئە، شۇنداق.يولدىشىڭىز ۋە چوڭ ئوغلىڭىز توغرىسىدىكى قايغۇلۇق ۋەقەدىن خەۋىرىم بار. مېنىمۇ ئازاپلايدۇ. بۇ ھەقتە سىزگە دەرت-ھەسرىتىمنى ئېيتىمەن سىما خېنىم-دېدى قاسساپ چېھرىدىن ئازاپلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ ۋە- بۇ قەدەر كۆپ پۇلنى نېمە قىلىسىز-دېدى بىلىشكە قىزىقىپ.

— بىلەمسىز ئەپەندىم، بىز ھازىر شىمالدىكى سىڭلىمنىڭ يېنىغا كۆچۈپ كېتىشكە قىستىلىۋاتىمىز. ئۆينى ئىجارىگە بەرمەكچىمەن- دېدى قاسساپنى قانائەتلەندۈرۈشكە تىرىشىپ. چۈشەنگەنلىكىنى ئىپادىلەپ قاسساپ باش لىڭشىتقاندىن كېيىن بارلىق ماللارنىڭ باھاسىنى سورىدى. ئۇ يۈزمىڭ ئافغانى-دېدى باھا قويۇپ. چۈنكى ئۇ، قاسساپنىڭ تىجارەتچى ئىكەنلىكىنى ۋە سىقىلغاندا كىكىردەكتىن بوغىدىغان، چىشىن تۈتتى مۇئامىلىسى قىلىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. دېگەندەك ئەللىك مىڭ ئافغانى تۆۋەن سورىدى. نۇرغۇن باھا تالىشىشلاردىن كېيىن ئاتمىش ئىككىمىڭ ئافغانىغا نەرقى تىندى. شۇنداق قىلىپ سودىنىڭ ئۈچىدىن ئونمىڭ ئافغانى تاپشۇرۇپ، گېلەملەر بىلەن زىننەت بۇيۇملارنى ئېلىپ كەتتى. قالغان سەرەمجانلارنى يۆتكەش ئۈچۈن، ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ قاسساپ قول ھارۋىسى ۋە ئىككى ھامماللىنى باشلاپ كەلدى. پۇلنىڭ قالغان قىسمىنىمۇ نەق تاپشۇردى. ئۇلار ئۆزلىرىگە جىددىي ئېھتىياجلىق ئازغىنە قاچا-قۇمۇچ، ئازراقلا كىيىم-

كېچەك، بىر قانچە كۆرپە قاتارلىق نەرسىلەرنىلا ئېلىپ قېلىشتى. قالغان-قاتقاننىڭ ھەممىسىنى ھارۋۇغا بېسىپ يۆتكەپ بولغان ئىدى. سودىدىن چەكسىز مەمنۇنلۇق ھىس قىلغان قاسساپ ئۇلار بىلەن خوشلىشىۋاتقاندا:

مۇنۇ رەڭلىك تېلېۋىزور بىلەن توڭلاتقۇنى ئوغلۇمغا ئاتاپ قويىمەن. بىلەمسىز سىما خېنىم، ئوغلۇم لېنىنگراد شەھرىدە بىر رۇس قىزى بىلەن يېڭىچە توي قىلدى. ئۇلار قايتىپ كېلىدىغان بولسا، چوقۇمكى بەك سۆيۈنۈپ كېتىدۇ-دېدى يۈزلىرىگە ئەتەي كۈلكە يۈگۈرتۈپ. ئۇلار ئۇزاپ ماڭغاندا ئارقىسىدىن غايىبانىسىگە - سەنلەر چوشقا، ۋەتەن خائىنى! خەقنىڭ گېلىدىن بوغىدىغان شەيتانلار!-دېدى ئۇنىڭ قىزى نەجىبە، ئاچچىق ئەلەم بىلەن قاغاپ.

ئۆزى تۇتقان، يولدۇشى ئېلىپ بەرگەن مال، بارلىقلىرىنى سېتىۋېتىش ئۇنىڭغا نەقەدەر ئېغىر كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن دەرھال قولدىن چىقىرالىغىنى ئۈچۈن ئۇ ئىنتايىن خوشال ئىدى. ئۇ بومبوش قالغان ئۆيلەرگە بىر بىرلەپ قاراپ چىقتى. ئىچىدىن قايناپ چىقىۋاتقان قايغۇ- ھەسرەت بىلەن بەختىلىك ئۆتكۈزگەن يىگىرمە بەش يىللىق ئائىلىۋى ھاياتىنى ئەسلەيتتى. بۇ ئۆينى قانچىلىك تىرىشچانلىق بىلەن قۇرۇپ چىققان ھە! قانچىلىك قۇربانلارنى بېرىپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن، بىر پارچىدىن، بىر پار- چىدىن قوراشتۇرۇپ چىققان ئەمەسمىدى ھە!

ھازىر بۇ ئۆينىمۇ قوشۇپ سېتىۋېتەلمەيتتى. بىرىنچىدىن: بۇنچىۋالا كۆپ پۇلنى قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە ھېچكىم تاپشۇرالمايدۇ. چۈنكى پۇلدار پومېچىكلار ئاساسەن چەتئەلگە قېچىپ كېتىشكەن. پۇلى بارلار بولسا ھەم پۇللىرىنى يوشۇرۇپ قويۇپ، مۆجىزىدەك بىر كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈشمەكتە. ئىككىنچىدىن: ئۆينى سېتىشنىڭ ئۆزىلا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى

قوزغاپ، قىچىش پىلانىنى ئاشكارىلاپ قويىدىغان گەپ. شۇڭا ئۇلار ئۆينى شۇ پېتى تاشلاپ قويۇپ، ئۆز جانلىرىنى قۇتۇلدۇرۇشلىرى كېرەك. ئۇ شۇنداق خىياللار بىلەن، قورۇقدىلىپ قالغان ئۆيلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ كۆڭلى بۇزۇلۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىرى ئىختىيارسىز تۆكۈلەتتى. ئۇيولدۇشىنىڭ تامغا ئېسىقلىق رەسىمىنى ئالدى-دە جايىدىلا ئولتۇرۇپ ، قۇچىغىدىكى كىچىك قىزى بىلەن قوشۇپ رەسىمنى باغرىغا مەھكەم باستى ۋە:

ئەگەر مۇشۇ باللارنى دېمىسەم، سېنىڭ يېنىڭغا- روھىمىز مەڭگۈلۈك بىرگە بولىدىغان، تېنچلىق باقى ئالەمگە بارغان بولاتتىم!-دېدى مۇڭلىنىپ. ئۇ ئائىلىسى ئۈچۈن- كوممۇنىستلار خانە ۋەيران قىلىۋەتكەن ئائىلىسى ئۈچۈن قايغۇرۇپ يىغلىماقتا ئىدى. رەھىم مۆكۈنىۋالغان يېرىدىن چىقىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى ھەم ئۇنىڭ بىلىكىدىن يېنىك نوقۇپ - ئاپا يىغلىما، بولدى قىلە، كۆز-يېشىڭ ھېچ نەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، قايغۇ، ئېچىنىش پەقەت سېنىڭ سالامەتلىكىڭنى ئۇپرىتىدۇ شۇ، ئۇنىڭسىزمۇ جۇدەپ توگۈشۈپلا كەتتىڭ، ئەڭ ياخشىسى دۇكاندىن فەۋزىيە ئۈچۈن بىر قاپ قورۇق سۈت، بىز ئۈچۈن كۆكتات ئېلىپ كىرگىنە ئاپا. نەجىبە بىزگە تاماق ئېتىپ بەرسۇن. فەۋزىيەنىڭ سۈتىمۇ تۈگەپ قاپتۇ، سەنمۇ تۈنۈگۈندىن بېرى ھېچ نەرسە يېمىدىڭ. ئۆزەڭنى بۇنداق تاشلىۋەتمە ئاپا!-دېدى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ. رەھىم ئۇنىڭ قايغۇسىنى يېنىكلىتىشكە تىرىشاتتى. ئۇ كۆز-يېشىنى سۈرتىۋېتىپ رەھىمدىن سورىدى- نەجىبە قەيەردە؟

ـ ئاچام مېھمان خانا ئۆينى تۈزەشتۈرۈپ، كونا پاياندار، پالازلار بىلەن سەرەمجانلاشتۇرىۋاتىدۇ- دېدى رەھىم جاۋاپ بېرىپ ھەم ئۇنىڭ قۇچىغىدىن فەۋزىيەنى ئالدى. رەھىم ھەقلىق ئىدى. ئۇلا ئەمەس، بەلكى باللارمۇ پۇلسىزلىقتىن قانچە كۈنلەپ قورسىغى تويغىدەك بىر نەرسە يېيىشمىگەن ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا يول

چىقىمىنى ئايرىۋەتكەندە ئاران ئون ئىككىمىڭ ئافغانى قالغان بولىدۇ.

ئۇ باققال دۇكىنىدىن كالا گۆشى، گۈرۈچ، كۆكتات، بىر ئاز مېۋە سېتىۋېلىپ قايتىپ كىرىپلا گۈل ئاش ئەتتى. مېزىلىك، خۇشپۇراق گۈل ئاش ئۇزۇندىن بېرى تىلغا تېتىغۇدەك، ئېغىز تولغىدەك غىزا كۆرمەي قۇرۇقدىلىپ قالغان ئاشقازانغا تازا راھەت بەخش ئەتتى.

ئۇ ئەتىسى ئەتتىگەندە ياردەمچى باققالنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ، توختامدا دېيىشكەن پۇللارنى تەخلەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. باققال پۇللارنىڭ ھەممىسىنى نەق تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. چۈنكى يول تەييارلىغىنى قىلىش، شوپۇرغا ۋەدە قىلىنغان ھەقنى تۆلەش كېرەك ئىدى. ئۇ پۇلنى بېرىۋېتىشتىن چېكىنەتتى. ئۇ تەرەددۇتلىناتتى. چۈنكى بۇ پۇل ئۇلارنىڭ ھەممە نەرسىسى، مەۋجۇتلىقلىرى ئىدى. ئۇ ئىشەنچ قىلالمىغان ھالدا پۈركەنچۈكىنىڭ يورۇقلىرىدىن باققالغا سىنچىلاپ قارىدى. لېكىن بىر ھادىسە ئۇنىڭ باققالغا بولغان ئىشەنچىسىنى قوزغىدى. ئۇ بولسىمۇ باققالنىڭ دوستىنىڭ تۇتامى ئىدى - ھېلىقى قەندىھارلىق ئاپتوبۇس شوپۇرى! ئۇنىڭ ئوغلىنى ئېغىر تەھدىتكە دۇچ كېلىدىغان خەۋپ ــخەتەرلىك ۋەزىيەت ئاستىدا ھەممىگە تەۋەككۈل قىلىپ، كابۇلغا ئەكىلىپ، ئۆز قولىغا تاپشۇرغان ھېلىقى ئادەمنىڭ مەردانىلىكى ئىدى. ئۇ پۈركەنچۈكى ئىچىدىن باغلاملانغان پۇلنى چىقىرىپ باققالغا ئۇزاتتى. باققال ئورنىدىن چاچراپ تۇرغىنىچە دۇكىنىنىڭ ئەينەك قاناتلىق ئىشكىنى مەھكەم ئەتتى ۋە تۇگۇچنى يېشىپ پۇلنى ساناشقا باشلىدى.

ــ ھۆرمەتلىك سىما خېنىم، پۇل توپ - توغرا ئىكەن. ھازىر بىز ئىشنى مۇنداق باشلايمىز-دېدى باققال بىر بىرلەپ تەپسىلى بايان قىلىپ:

بارلىق تەييارلىقلار پۈتكىچە بەلكى تۆت-بەش كۈنلۈك ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق بولغاندا ئۆيۈڭلەرگە بىر كىچىك بالىنى ئەۋەتىمەن. ئۇ بالا سىزگە - قوغۇنلارنى ئېلىپ كېتىڭ-دەيدۇ-دە، قانداق ۋاقىت بولىشىدىن قەتئىي نەزەركى ئوغلىڭىز بىلەن قىزىڭىزغا پۈركەنچۈك كەيدۈرۈپ، يولغا سالىسىز. ئۇلار ئايرىم، ئايرىم ھالدا باشقىلارنىڭ كۆزىگە چېلىقماستىن كېلىشى كېرەك. ئاندىن سىز بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ كىچىك ئىككىسىنى ئېلىپ كېلىسىز. مەن يۈك ماشىنىسىنى قوغۇن بېسىش ئۈچۈن دۇكاننىڭ ئىشىكىگە توغۇرلاپ توختۇتۇمەن. سىلەرنى يوغان ساندۇققا مۆكتۈرىمىز. قورقۇشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق سىما خېنىم. سىلەر ئۈچۈن بىر تەرمۇس سۇ تەييارلاپ قويىمەن. كىچىكرەك، قېلىن بىرەر كۆرپە ئېلىۋېلىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلغان بولاتتىم. چۈنكى سىلەرنى مۆكتۈرۈدۇغان ياغاچ ساندۇق كىچىك ئىككىسىگە نىسبەتەن تازا قاتتىق كېلىدۇ. كېلەڭىسىز يۈك-تاق ئېلىپ كەلمىگەيسىز. پەقەت كىچىكلا بىر بوخچا مۇھىم كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىۋالسىڭىز يېتەرلىك. شۇنداق، سىلەرنى يوشۇرىدىغان ساندۇقنىڭ ئۈستىگە ئۈزۈم، قوغۇن قاچىلانغان كىچىك يېشىكلار بېسىلىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ سىلەرنى بىئارام قىلىدۇ. لېكىن تەخمىنەن تۆت سائەتتىن ئالتە سائەتكىچىلىك يۈرۈپ مەنزىلگە يېتىسىلەر. يەنى ئەسكەرلەرنىڭ تەكشۈرۈش چەمبىرىكىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىسىلەر.

ئۇ ھەم قورقۇنچ، ئۈمىتسىزلىك ھەم قىسمەن خوشاللىق ئارلىشىپ كەتكەن چىگىش بىر سېزىم ئىچىدە باققال بىلەن خوشلىشىپ ئۆيگە قايتتى. ئۇ بالىلىرىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن باققالنىڭ ئېيتقانلىرىنى تەپسىلى چۈشەندۈردى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، چۈشتىن كېيىن ئۇلارنىڭ دەرۋازىسى قېقىلدى. يەنە ھۆكۈمەت خادىملىرى كەلدىمىكىن-

دېگەن قورقۇنچتىن يۈرىكى دۈپۈلدىگەن هالدا هويلىغا چىقىپ۔ كىم؟۔دېدى ئۇ ئەنسىزلەرچە.

ــ بۇ مەن. دەرۋازىنى ئېچىڭ! ۔ سىرتتىن بىر كىچىك بالىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ئۇ دەرهال ئېسىگە ئالدى۔ بۇ جەزمەن باققال ئەۋتەمەكچى بولغان هېلىقى كىچىك بالا، بولمىسا كىم كېلەتتى. ئۇ تاقاقنى سۇغۇرۇپ دەرۋازىنىڭ بىر قانىتىنى پەم بىلەن قىيا ئاچتى. دەرۋەقە دەرۋازىنىڭ ئالدىدا سەككىز۔ئون ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا تۇراتتى. ئۇ دەرۋازىنى تولۇق ئېچىپ: ئىچكىرىگە كىرە ئوغلۇم ۔ دېدى.

ــ ياق، مەن دەرهال ئۆيگە كېتىشىم كېرەك. تاغام دېگەنتى. سىلەر ئەتە ئەتتىگەن سائەت ئالتىدە قوغۇنلارنى ئېلىپ كېتىدىكەنسىلەر. ئۇ بىر نەرسە دېگىچە، كىچىك بالا ئەتراپقا سەپسېلىپ قارىۋالغاندىن كېيىن غىپپىدە كۆزدىن غايىپ بولدى.

# ئىككىنچى بۆلۈم

## قىيامەتكە سەپەر

## ئون ئىككىنچى باب
## ئەل ۋىدا ئانا يۇرت

كېچە ئەل ياتقۇدىن كېيىن ئۇلار ھەر بىرىگە بىر قۇردىن كىيىم بوخچىلىدى. بىر ياشلىق كەنجى قىزى ئۈچۈن بىر قۇتا سۈت، بىر يۆگەك ۋە ئائىلىۋى خاتىرە رەسىملىرىنى ئېلىۋالدى. ئۇ ھەر ئېھتىمالغا قارشى، ھېلىقى ئائىلىۋى دوست ئوفىتسېر كېيىنكى كۈنلەردە سوغات قىلغان تاپانچىنى رەھىمگە بەردى. رەھىم غۇرۇرلانغان ھالدا تاپانچىنى كۆينىكىنىڭ يان يانچۇقىغا سالدى. قېچىش خىراجىتىگە تاپشۇرۇپ قولدا قالغان پۇللارنى مەھكەم تۈگۈش قىلىپ ئۇ ئۆز ھەميانىغا سالدى. يول تەييارلىقىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئادەتتىكى چاغلاردىكىدەك ئۇخلاش ئۈچۈن كارىۋاتلىرىغا ئۆزلىرىنى تاشلىدى.

ئۇ ، سەھەر سائەت تۆتلەردە ناۋاي خانىدىن يېڭى يېقىلغان نان ئېلىپ كىردى-دە، بالىلىرىنى ئويغىتىپ نان چاي بىلەن بولسىمۇ قورساقلىرىنى ياخشىراق توقلىۋېلىشلىرىنى ئۆتۈنەتتى. مەنزىل يىراق، ئاز دېگەندە ئون سائەت يول يۈرۈشلىرى كېرەك. شۇڭا ئۇ يولدا ئۆزۈقلىنىش ئۈچۈن ھەر بىرىنىڭ بىرەر توغرامدىن نان ئېلىۋېلىشىنىمۇ جېكىپ تۇردى. داستىخان ئۈستىدە ئۆزىمۇ چاي ئوتلىغاچ بالىلىرىغا توختىماستىن سىنچىلاپ قارايتتى- غەمكىن

يۈزلەردىن سۈلغۇنلۇق تۆكۈلۈپ تۇراتتى! چۈنكى تەڭ تۇغۇلۇپ بىرگە ئۆسكەن، بىرگە ئوقۇپ ياخشى ئۆتكەن تەڭ تۇشلىرىدىن، دوست- ئاغىنىلىرىدىن، ساۋاقداشلىرىدىن، كىندىك قانلىرى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىش، تۇغۇلغانلىرىدىن تارتىپ ئۆسۈپ چوڭ بولغىچە غەمسىز يېتىشتۈرگەن مېهرى ئىللىق بۇ ئۆيلىرىدىن ئايرىلىش شۇنچىلىك ئاسانمىدى! لېكىن ئۇنىڭ بالىلىرى ۋاپادار، ئاق كۆڭۈل يېتىشمەكتە ئىدى. ئۇنىڭغا يار- يۆلەكتە بولاتتى. ئۇنىڭ دەرد-هەسرەتلىرىگە هەمدەم بولۇشاتتى. ئۇ ئاھ! دىسە، هېچ بىرى ئېغىز ئاچماستىن سۈكۈتتە ئاپىسىغا تەلمۈرشەتتى. پەقەت ئۇنىڭ ئۈچ ياشلىق كەنجى ئوغلى راتەب بالىلىق تۇيغۇسى بىلەن ئۇنىڭدىن بىر قانچە قېتىم سورىدى:

بىزنىڭ هەممە نەرسىمىز يوققۇ، باشقا ئۆيگە كۆچىمىزمۇ؟

ــ هە ئە، تاتلىق قوزام، بىز قۇندۇزدىكى هاماڭنىڭ يېنىغا كېتىمىز.

ــ دادام، ماهمۇد ئاكام بىز بىلەن كەتمەمدۇ؟

راتەبنىڭ كۆزلىرىدىن تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بولغۇسىز بىر خىل ئۆكۈنۈش، چۈڭقۇر غەم تەپچىرەپ تۇراتتى. يۈرەك پارىسىنىڭ بۇ ئاخىرقى سۇئالى هەم سۈلغۇن هالىتى ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجىدى. ئۇ هۆركىرەپ يىغلىۋېتىشكە، ئۇنىڭ ئىچىگە سىغمايۋاتقان ئاهۇ- زارلىرى پارتىلاپ كېتىشكە تەمشىلەتتى. بىراق ئۇ هېس- تۇيغۇسىغا بېسىم قىلىپ ئۇلۇق-كىچىك تىنىۋالغاندىن كېيىن راتەبكە تەسەللى بەرگەچ- ئۇلار ئارقىمىزدىن بارىدۇ، خىزمەتتىن قايتىپ كېلىپلا بارىدۇ ئوغلۇم-دېدى-دە، لېكىن كۆز يېشىنى تۇتالماي، ئاچچىق ئەلەملىك يىغلاپ تاشلىدى. چۈنكى ئۇ كىچىك ئوغلىغا دادىسىنىڭ، ئاكىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئېيتالماي بوگۇنگىچە يالغان سۆزلەشكە مەجبۇر ئىدى.

ــ ئەمىسە نېمىشكە يىغلايسەن ئاپا؟

ئاپىسىنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشنى كۆرگەن راتەب ئەنسىزلىككە چۆمگەن ئىدى.

ــ ئوغلۇق بېشىم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ. قورقمىغىن، بىردەمدىلا ياخشى بولۇپ قالىمەن-دېدى راتەبنىڭ پىشانىسىگە سۆيگەچ بەزلەپ. ئۇ ئىچىدە راتەبكە خىتاپ قىلاتتى- سېنىڭ كىچىك بولۇپ قالغىنىڭ بەك ياخشى بوپتىكەن. چۈنكى داداڭنىڭ، ئاكاڭنىڭ ھەسرىتىنى تارتمىدىڭ. كوممۇنىستلارنىڭ بىزگە قىلغان زۇلۇملىرىنى، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان زۇلۇملىرىنى بىلمىدىڭ!

ئاندىن ئۇ- ئوغلۇم، ئويۇنچۇقلىرىڭنى ئېلىپ ھويلىدا ئويناپ تۇرغىن. بىز تەييارلىنىپ بولغاندا سېنى چاقىرىمەن-دېدى راتەبكە ئۇرغۇپ تۇرغان ئانىلىق مېھرى بىلەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىككى پۈركەنچۈكىنى ئېلىپ چىقىپ بىرىنى نەجىبەگە كەيدۈردى. رەھىمىنىڭ ئۈستى بېشىغا بىر قانچە قات كونا كىيىملىرىنى كەيدۈرۈپ، ئۈستىدىن يەنە بىر پۈركەنچۈكىنى كەيدۈردى. ئۇلارنى شۇ ھالىتىدە تونۇشلاردىنمۇ ھېچكىم پەرق ئېتەلمەيتتى. نەجىبەنىڭ قولىغا ئەللىك ئافغانى پۇلنى تۇتقۇزۇپ، تاكسى بىلەن مېڭىشنى ۋە باققالنىڭ دۇكىنىغا ئازغاشماستىن قانداق بارىدىغانلىقىنى ئىزىپ ئىچتۈردى. رەھىمگە :

ئوغلۇم دېققەت قىل! يول بويى ئاچاڭغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغىن ـ دېدى قاتتىق جېكىپ. ئاندىن ھەر ئىككىلىسىنى دەرۋازىغىچە يېتىلەپ كېلىپ، ئالدى بىلەن ئۆزى سىرتقا سىنچىلاپ قارىدى. نېرىراقتا كېتىۋاتقان ئىككى كىشىنىڭ قارىسى يۈتكىچە كۈتۈپ تۇرغاندىن كېيىن ئۇلارنى يولغا سالدى-دە، ئاشخانىغا قايتىپ كىرىپ فەۋزىيە ئۈچۈن ئىمزىك قۇتىسىغا سۈت تەڭشىدى. ئاندىن يۈرىكىگە سىغمايۋاتقان ئېغىر ئەلەم، ھەسرەت بىلەن كۆز يېشى قىلغاچ بارلىق ئىشىك، دەرىزىلەرنى تاقىدى.

ئاندىن ئۇ پۈركەنچۈكىنى كىيىپ، فەۋزىيەنى كۆتەردى. راتەب ئۇنىڭ ئالدىدا چاپاتتى. ئۇلار ئۆيدىن چىقىشتى. ئۇ دەرۋازىغا كېلىپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى. ئۇ كۆز ئۇزەلمەي قارايتتى. هايات بېغىنىڭ گۈللىرى چېچەك ئاتقان، بەخت، باياشاتلىقا چۆمۈلگەن، تۇگىمەس ئارزۇ ئارمانلىرى كۆمۈلگەن ئەشۇ هۇجۇرلارغا، كىچىك باغچىغا، باغچا ئوتتۇرىسىدىكى كۆڭۈلگە ئارام بەخش بېغىشلىغان كۆلگە يېنىشلاپ، قانماي قارىدى. - بىراق هەممىسى ئۆتۈپ كەتتى! ئېھتىمال بىز ئەمدى بۇ گۈزەل جايلارنى قايتا كۆرەلمەيمىز! ئاز دېگەندىمۇ ئۇزۇن زامان- كومىمۇنىستلار غالىپلا بولىدىكەن بۇ يەرنى كۆرەلمەيمىز- دېگەن خىيال بىلەن ئۇ ئاستا كۆزىنى بۇ مەنزىرىلەردىن يۆتكىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى هەر بىر ئىلىك، هەربىر غېرىچلاپ يۆتكەلمەكتە! بۇ شۇنداق بىر ئېغىر تىنىقلار ئىدى! كىشىنى ئىزىپ-يانجىپ تاشلايدىغان، تاقەت قىلغۇسىز ئازاپلىق بىر مەنزىرە ئىدى! ئۇ شۇنداق ئازاپلىق تۇيغۇدا ماغدۇرىنى يوقاتتى! ئۇ تامغا يۆلىنىپ نەپەسلىنەتتى! ئۇ يۈرەك باغرىنى تىلىپ ئۆتىۋاتقان ئەلەملىك تۇيغۇلىرىنى يەڭگىچە تامغا يۆلىنىپ خېلە ئۇزاق تۇرۇپ قالدى. ئاندىن ئۇ راتەبنىڭ قولىنى چىڭ سىقىمداپ يېتىلىگىنىچە تاكسى بېكىتىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ باققال دۇكىنىنىڭ ئارقىسىدىكى ئۆيدە ساقلاپ تۇرغان رەھىم بىلەن نەجىبەنىڭ يېنىغا كىرىپ تۇرىشىغا، باققالمۇ كىرىپ كەلدى.

– تەخمىنەن يەنە يېرىم سائەتتە يۈك ماشىنىسى بۇ يەردە بولىدۇ. هەرگىز قورقماڭلا، پات يېقىندىلا هەممە خەۋپ-خەتەر، ئەندىشە، قورقۇنچلار ئارقاڭلاردا قالىدۇ!-دېدى باققال ئۇلارنى تېنچلاندۇرۇپ هەمدە ئالدىراش سىرتقا چىقىپ كەتتى. دېگەندەك ئانچە هايال بولماي تۇرۇسقا تاقاشقۇدەك قوغۇن بېسىلغان دالانىڭ ئالدىغا ماشىنا كېلىپ توختىدى. شوپۇرنىڭ هەمرايى ماشىنىنىڭ ئارقا

قاپقىغىنى ئېچىپ پەسكە چۈشۈردى. ئۇلارنى مۆكتۈرىدىغان ساندۇق تاختايلارنى چېتىپ مىخلاپلا ياسالغان ئىكەن. شوپۇرنىڭ ھەمرايى ئۇلاردىن ئەديالنى سورىدى. رەھىم ئۇنىڭغا ئەديالنى بېرىۋىدى، ساندۇقنىڭ ئىچىگە ئەديالنى سېلىپ ئۇلار ئۈچۈن تۆشەك ھازىرلاپ، ئۇلارغا ئاۋاز چىقارماستىن، پەم بىلەن ساندۇققا كىرىشلىرىنى بۇيرىدى. يولدا ئۇسۇزلۇق ئۈچۈن شوپۇر ئۇنىڭغا بىر چايداننى بەردى.

ــ راتەب قوزام، ياخشى قۇلاق سال! بىز ھاماھاڭنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن مۇشۇ ساندۇقنىڭ ئىچىگە مۆكۈنۈپ ماڭىمىز. چۈنكى يولدا نۇرغۇن بۇلاڭچىلار، قاراقچىلار بار. ئۇلار كۆرۈپ قالسا بىزگە يامانلىق قىلىشىدۇ. مېنىڭ بېقىنىمغا مەھكەم چاپلىشىپ تۇرغىن! يولدا بىر نەرسە دېمەكچى بولساڭ ماڭا پىچىرلاپ دەيسەن، ئاڭلىدىڭمۇ جېنىم قوزام!-دېدى ئۇ راتەبكە تەربىيە قىلىپ. راتەب ئۇنىڭغا بىر مەھەل ھاڭۋېقىپ قارىغاندىن كېيىن، ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ ئويۇن چىقىرىشقا باشلىدى. ئۇ چايدان بىلەن سۈت تەڭشىۋالغان ئىمزىك قۇتىسىنى ئۆز يېنىغا جايلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇلار تىزىپ قويۇلغان كومزەكتەك بىر بىرىگە يېقىن قىستىلىشىپ ئولتۇرۇشتى.

ــ ساندۇقنىڭ ئىچىدە ئاز-تولا ئۆرۈلۈپ-چۆرۈلۈشمىزگە بولامدۇ-دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا شوپۇردىن سوراپ.

ــ بولىدۇ. لېكىن بەك تاراقلاپ كەتمەي، يېنىك ھەرىكەتلەنسەڭلار چاتاق يوق-دېدى شوپۇر پىچىرلاپ. ئاندىن ھەمرايى بىلەن ئىككىسى ھېلىقى يېشىكلەرگە قاچىلاپ ھاڭ پىلەك بېسىپ قويۇلغان قوغۇنلارنى پەم بىلەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بېسىشقا باشلىدى. ساندۇق ھەقىقەتەن يوغان ھەم ھاۋا ئالمىشىش ئۈچۈن يېتەرلىك يورۇقلار باتتى. ئۇلار قول، قول تۇتۇپ قوغۇن، ئۈزۈم يېشىكلىرىنى باسقاندىن كېيىن، كونا ئەبجەق ماشىنا غاچىلداپ،

قاراسلاپ قوزغالدى.

راتەب بۇ قاراڭغۇ ساندۇقنىڭ ئىچىگە مۆكۈشنى قىزىقارلىق بىر ئويۇن-دەپ بىلمەكتە. بارا-بارا قاراڭغۇ ساندۇقنىڭ ئىچى خىرەن-شىرەن يورىغاندەك بولۇپ، چىرايلار غۇۋا پەرقىتىلىشكە باشلىدى، راتەب بىردە كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، بىردە يۇمۇپ دېگەندەك شوق ئويۇن قىلغىلى تۇردى. كىچىك فەۋزىيە قورققىنىدىن بىردە بۇغۇلۇپ يىغلىسا، بىردە ئۇنىڭ بوينىغا مەھكەم ئېسىلىپ، يۈزىنى ئۇنىڭ يۈزىگە يېقىپ قوغدىنىۋاتقاندەك بىر تۈرلۈك قىلىقلارنى قىلاتتى. ئۇ كەنجى قىزىنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ، يېنىك پەپىلىدى. ئاپىسىنىڭ ئىللىق مېھرى بىلەن فەۋزىيەنىڭ قورقۇنچىسى يوقالدى بولغاي ئاستا ھېقىقداپ توختاپ قالدى.

تەخمىنەن يېرىم سائەتچە يۈرگەندىن كېيىن ماشىنىنىڭ ئارلاپ قاقىغا چۈشۈپ سىلكىنىشى، شۇنىڭدەك باشقا ماشىنا، تېرەكتۇرلارنىڭ ئاۋازى بېسىقىپ قېلىشى ئۇلارنىڭ كابۇل شەھىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، لوگار ۋادىسىغا ماڭىدىغان ئۇزۇن يولدا كېتىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ - خۇداغا شۈكرى-دەيتتى بارلىق بالايۇ ئاپەتتىن قۇتۇلغاندەك، يېنىك بىر شاتلىق تۇيغۇسىدا. بىراق ئۇنىڭ كىچىككىنە شاتلىقى كۆپۈكتەك توزىدى. ماشىنا تۇيۇقسىز توختۇتۇلۇپ ئارقىدىنلا شوپۇرنىڭ يەرگە چۈشكەنلىكىنى ئۇ تولۇق ئاڭلاپ تۇردى.

– ھەمرايىڭنى، ماشىنا رەسمىيەتلىرىڭنى، مال يۆتكەش رۇخسەت-

نامىسىنى ئېلىپ كەل!-دەپ ۋارقىرىغان بۇيرۇق تەلەپپۇزىدىكى بىر ئەرەنچە ئاۋاز ئاڭلاندى.

– دەرھال ئېلىپ كېلىمەن ئالى لېتنانت-دېدى شوپۇر بۇيرۇقنى قوبۇل قىلىپ. ئۇ ساندۇقنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ، سىرتتىكى ئەھۋاللاردىن ئۆزلىرىنىڭ ھەربى تۇساقا كەلگەنلىكلىرىنى

پەملىدى.

ــ ماشىنىغا نېمىلەرنى بېسىپ ماڭدىڭ؟ ـ سورىدى ماشىنىنىڭ ئۈستىگە چىققان بىر ئادەم.

ــ ئالى لېتنانت، ماشىنامدىكى قوغۇن، ئۈزۈم بولۇپ لوگاردىكى بىر قانچە باققال دۇكانلىرىغا ۋە لوگار ۋادىسىنىڭ ئاخىرقى مەھەللىسىگىچە تارقىتىدىغان ماللار. ھەر ھەپتە ئاخىرى مۇشۇنداق بىر يول ئېلىپ ماڭىمەن. مانا بۇ رەسمىيەت قەغىزى ـ دېدى شوپۇر جاۋابەن.

ــ بۇ ئىككى قوغۇننى تۇتىۋال ـ دېدى ماشىنا ئۈستىدىكى ھېلىقى ئادەم پەستىكى ئەسكەرنىڭ بىرىنى چاقىرىپ. قارىغاندا ماشىنا ئۈستىدە تەكشۈرۈش قىلىۋاتقان لېتنانت پەسكە قوغۇندىن ئىككى دانە تاشلىغان بولسا كېرەك. « مۇشۇنداق قانۇنى بۇلاڭچىلار يول ئۈستىدە سويغىلى تۇرسا، لوگار ۋادىسىنىڭ ئاخىرقى مەھەللىسىگە يېتىپ بارغىچە ساندۇق چوقچىيىپ كۆرۈنۈپ قالىدىغان بولدى» ـ ئويلايتتى ئۇ ئۇنچىقماستىن. بىر ئازدىن كېيىن لېتنانتنىڭ يەرگە چۈشكەنلىكى ئۇنىڭ ئۆتۈكلىرىنىڭ ئاستىدىكى شېغىللارنىڭ غىسىلدىغان ئاۋازىدىن مەلۇم بولدى. لوگارغا ئاز قالغاندا ئاشۇنداق ھەربى تۇساقتىن يەنە بىرى ئۆتكەلدىن ئۆتكەزدى.

لوگار بازىرىدا ماشىنا ئازغىنە توختاپ، بىر باققال دۇكانغا بىر قانچە يېشىك قوغۇن چۈشۈرۈلۈپ يەنە قوزغالدى. يولچىلىق ئاخىرقى مەنزىلگە يېقىنلاپ قالغاندا بولسا، ماللار تارقىتىلىپ، ئۇلار مۆككەن ساندۇق كۆرۈلۈپ قېلىشقا تاسلا قېلىۋاتاتتى. شۇنداق بىر پەيتتە ماشىنا مەنزىلگە يەتمەيتۇرۇپ يول ئۈستىدە توختۇتۇلدى. تۇيۇقسىز تانكىنىڭ زەنجىرلىك چاقلىرىدىن كەلگەن يېقىمسىز شەپە بىلەن ھەيۋەتلىك ماتور ئاۋازى يېقىنلاپ كەلمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىرگە فارىسچىدىن سىرىت رۇسچىمۇ

پاراڭ ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بىر دەھشەتلىك مەنزىرە! ئۇنىڭ بار بويى لاغىلداپ تىترەيتتى. چۈنكى ئافغان ئەسكەرلىرىگە قارىغاندا رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ ئىنچىكىلەپ تىنتىشلىرى ئۇنىڭغا تونۇشلۇق ئىدى. ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە مۇشۇ خەتەرلىك يول توغرىسىدا ئېيتقان باققالنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى تەكرارلىناتتى: «رۇسلار گۇمانلىق-دەپ قارىغان ماشىنىدىكى يۈكلەرنى ئەسكەرلەرگە چۈشۈرتىدۇ، ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرغۇچى دېگەن جىنايەت بىلەن، مەخپى ساقچى (خ.ئا.د) تەرىپىدىن ئىزدىلىۋاتقان كىشىلەر كۆزگە چېلىقىپ قالسا، تەكشۈرۈش ئۈچۈن كابۇلغا يوللايدۇ». ماشىنا ئاۋالقى تۈساقلاردا تەكشۈرۈلگەندىنمۇ ئۇزۇنراق توختۇتۇلدى. ئۇلار باش ئۈستىدە تاراقلاپ يۈرگەن ئاياق تىۋىشلىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتى. ئۇلار گۈرۈلدەپ تۇرغان تاڭكا ۋە ئەسكەر ماشىنىلىرىنىڭ ئاۋازىدىن يوچۇق ئارلاپ كېلىۋاتقان بەزەن سۆزلەرنى چۈشىنىپ تۇراتتى. ماشىنا ئۇزۇن توختۇتۇلغانلىقتىن ساندۇقتىن ھاۋامۇ ئالماشمايتتى. ئۇلارنىڭ نەپەس ئېلىشلىرى قىيىنلىناتتى. كىچىك ئىككىسى ساندۇقتىكى نەپەسنى بۇغۇپ تۇرىدىغان قاتتىق دىمىقتا ھەممىدىن بەك قىينالماقتا. چىپىق-چىپىق تەرگە چۈمۈلگەن راتەب سۇ-دەپ ۋارقىرىۋەتتى. ئۇنى ئاڭلىغان بىر ياشلىق فەۋزىيەمۇ قاتتىق ئىڭرىدى. ئۇ كىچىك بالىلىرىنىڭ تۈيۈقسىز ئىڭراشلىرىدىن چۆچۈپ ساندۇقتا قاتتىق ئۈسۈۋېلىپ يېنىغا يىقىلدى. ئۇنىڭ پىشانىسى ئۇتتا كۆيگەندەك ئاغرىيتتى. لېكىن ئاشكارىلىنىپ قېلىش قورقۇنچىسى ئاغرىق ئازاۋىنى بېسىپ چۈشەتتى. ئۇ چاقماق تېزلىكىدە سۈت تەڭشۈالغان ئىمزىك قۇتىسىنى ئېلىپ فەۋزىيەنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. بىر ياقتىن چاڭقاپ، بىر ياقتىن ئېچىرقاپ كەتكەن فەۋزىيە سۈتنى ئاچكۆزلۈك بىلەن شوراشقا باشلىدى. ئاندىن سوغۇق چاي تولدۇرۇۋالغان چايداننى ئېلىپ راتەبنىڭ بېشىنى بىر

ئاز يۈلەپ، ئۇسسۇزلۇقتىن قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىگە سوغۇق چاي تېمىتقاچ قۇلىقىغا پىچىرلىدى- راتەب، تاتلىق قوزام، مەن ساڭا ئېيتتىمغۇ- بىر نەرسە لازىم بولسا ۋارقىرىماي پىچىرلاپ ئاستا گەپ قىل بالام-دەپ، ئەگەر مۇشۇنداق ۋارقىرىساڭ، قاراقچىلار ئاڭلاپ قالسا، بىزنى بۇ ساندۇقتىن تېپىۋېلىپ ئۆلتۈرىدۇ! ئاڭلىدىڭمۇ! راتەب بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللىغىنى بىلدۈردى-دە، يانچۇقىدىن بىر پارچە ناننى ئېلىپ، ھۇزۇرلىنىپ يېيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ راتەبنى ئاگاھلاندۇرىشى بەھۇدە قورقۇتۇش ئەمەس ئىدى. ئاشكارىلىنىپ قېلىش خەۋپى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدىلا كۆرۈلۈپ تۇرماقتا. ئۇ ئىچىدە ئالالاھقا يالۋۇرۇپ بۇ دۈشمەنلەرنىڭ شەررىدىن ساقلىشىنى، تۇتۇلۇپ قالماي، ئامان ئېسەن ئۆتۈپ كېتىشلىرىنى تىلەيتتى. كىچىك ئىككىسى تېنچلانغاندىن كېيىن ئۇ جەينەكدەپ يانغا ئۆرۈلۈپ نەجىبە بىلەن رەھىمگە قارىدى. ئۇلارمۇ ئاپىسىغا كۆز قۇيرىقىدا قاراشتى. ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدىن قورقۇنچ يېغىپ تۇراتتى. دەل شۇ ئاندا بىر ئەسكەرنىڭ: كوماندىر نېمىگە بۇيرۇق بېرىدۇ؟ ماشىنىدىكى يۈكلەرنى چۈشۈرىمىزمۇ، ياكى مېڭىشقا رۇخسەت قىلىنامدۇ؟- دېگەن سۆزى ئېنىقلا ئاڭلاندى. بۇ ئۆلۈم سىگنالى ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى بوغىزىدىن بۇسۇپ چىقىدىغاندەك دۈپۈلدەپ سوقاتتى. ئۇ بىردىنلا بوشاپ لاسسىدە ئۆزىنى تاشلىدى ۋە — ئەمدى ھەممىسى پۈتتى! تۈگەشتۇق-دەيتتى ئۆز-ئۆزىگە.

بىراق خۇدا ساقلىدى بولغاي، خېلە ئۇزۇن بىر مەھەلدىن كېيىن شوپۇر ماتۇرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ماشىنىنى قوزغىدى. ئۇ يېنىك ئۇھ تارتقاندىن كېيىن چۇڭقۇر نەپەسلىنىپ: ئاللاھ، ساڭا يۈزمىڭ شۈكرى-دېدى پىسىلداپ. شۇنىڭدىن كېيىن تەخمىنەن بىر ئاش پىشىما يۈرە- يۈرمەي ئارقىدىن بىر كىچىك ماشىنىنىڭ قوغلىشىپ كېلىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. كىچىك ماشىنا يانداپ ئۆتۈپ توختاش

بەلگىسى بەردى بولغاي، ماشىنا ئاستىلىتىپ، ماتور ھەرىكەتتىن توختىدى.

ــ نېمە ئەھۋال ئالى لېتنانت! مۇھىم بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قاپسىزمۇ؟ ـ سورىدى شوپۇر ئۈنلۈك ئاۋازدا.

ــ ھە، ھەمرايىڭغا ئېيت، ئۇ رۇس ئوفىتسېر ئۈچۈن بىر يېشىك ئۈزۈم، ئۈچ-تۆت دانە قوغۇن چۈشۈرۈپ بەرسۇن! ئۇلار بىزنىڭ مېھمىنىمىز ! قانداق. دەرھال، تېز-دېدى لېتنانت جاۋاپنىڭ ئورنىدا بۇيرۇق بېرىپ. ھەقسىز ۋەزىپە ئادا قىلىنغاندىن كېيىن، ئەسكەر ماشىنىسى يۈرۈپ كەتتى.

ــ مۇشۇ بۇلاڭچىلارغا قوغۇن، ئۈزۈم بەرگەننىڭ ئورنىدا ئاغىزىغا ئىتنىڭ پوقىنى تىقىپ بۇرۇختۇم قىلىۋەتسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ ئەسلىدە-دېدى شوپۇر غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ.

ئۇلار لوگار ۋادىسىنىڭ ئاخىرقى مەھەللىسى بولغان مەنزىلگە مۆلچەرلىگەن ۋاقىتتىن بۇرۇن يېتىپ كېلىشتى. چۈشكۈن قىلىنىدىغان ئورۇن بىر كارۋان سارىيى بولۇپ، ئەتراپى سوقما تام بىلەن توسۇلغان، بىر چايخانا، يەنە يىراق-يېقىندىكى يېزىلاردا ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك يېمەك-ئىچمەك ۋە باشقىمۇ لازىملىقلىرىنى سېتىۋالىدىغان ئۈچ دۇكان بار ئىدى. شوپۇر ماشىنىدىن چۈشۈۋېتىپ كىمدۇر بىرىگە ئۈنلۈك ئاۋازدا: ئالدى بىلەن بىزنى چاي ئىچىۋالغىلى قويۇڭلار، ئاڭغىچە ھاۋامۇ بىر ئاز سەگىپ قالار، ئاندىن مۇئەللەرنى چۈشۈرەرمىز-دېدى. شوپۇرنىڭ دېمەكچى بولغىنى قاراڭغۇ چۈشكىچە ساندۇقنىڭ ئىچىدە مۆكۈنۈپ تۇرىشىڭلار كېرەك! ـدېگەننى بىلدۈرۈپ قويۇش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ساندۇقنىڭ ئىچىگە قاق توققۇز سائەت تىرىك پېتىم كۆمۈلگەن بولدى. بەختكە يارىشا ئۇنىڭ كىچىك ئىككى قوزىلىرى ماشىنىنىڭ يول بويى قاقمىغا چۈشۈپ سىلكىشلىرىدىن ھېرىپ، چارچىغانلىقى ئۈچۈن، شۇ تاپتا ساندۇقتا ئۈيىغان قايماقتەك

ئۇخلىشىپ كەتكەن بولغاچقا ئۇلارنىڭ غېمى يەڭگىللەپ قالغان ئىدى.

ئاران دېگەندە، ماشىنىنىڭ يۈكلىرى چۈشۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كۆمتۈرۈلگەن ساندۇق ئاستا كۆتۈرۈلدى.ئۇلار يېقىملىق، ئوچۇق هاۋاغا چىقىپ شاتلىققا تولدى. ئۇ بىر هازاغىچە ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى. پېشەيۋانغا تاقاشقۇدەك ئېگىز دۆۋىلەپ قوغۇن ۋە ئۈزۈم يېشىكلىرى بېسىلغان كەڭ هويلىنىڭ ئۇ بېشى كىچىك بىر ئىشىككە بېرىپ تاقىلاتتى. هويلىنى ئوتتۇردىن بۆلۈپ تۇرغان ئۈزۈم ۋە قوغۇن دۆۋىلىرى ئارىسىدىكى تار يول كىشىنى ئەشۇ ئىشىككە يېتىلەيتتى.

ـ هازىر ئاۋايلاپ ۋە بىر بىرلەپ ئەشۇ ئىشىكتىن ئىچكىرىگە كىرىسلەر ـ دېدى شوپۇر ئۇلارنى تەكلىپ قىلىپ. شوپۇرنىڭ قولىدا بىر پەنەر چىراق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا يول باشلىدى. ئۇ بىر ياشلىق كىچىك پاخلان قىزى فەۋزىيەنى، رەهىم راتەبنى كۆتۈرۈشۈپ بىر ئۆيگە كىرىشتى. ئۆينىڭ ئىچى جىنچىراقتا خىرەن يورۇيتتى. تاملار چىراق ئىسىدا تۇم قارا هالغا كەلگەن بولۇپ، بەكلا دىمىق. سۇپىغا يىرتىلىپ جەندىسى چىقىپ كەتكەن بىر پارچە گېلەم، بورا سېلىنغان. بىر بۇلۇڭدا قايناپ تۇرغان كونا بىر ساماۋەرنىڭ يېنىدىكى پىلاستىك يېشىكتە هەر تۈرلۈك پىيالە، چاي، قەهۋە قەدەهلىرى بولۇپ، بۇ ئۆي مۇشۇ كارۋان سارىيىنىڭ چاي خانىسى ئىكەنلىكى ئوچۇق كۆرۈلۈپ تۇراتتى. ئۇلار ئۆيگە كىرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، شوپۇر يوغان بىر تاۋۇز هەم ئۇلارنىڭ بوخچىلىرىنى ئېلىپ كىرىپ، ئىشىكنى مەهكەم تاقىدى ـ دە : شۇنداق قىلىپ مېنىڭ ۋەزىپەم مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. ئاچا، سىڭىل ۋە ئۇكىرىلىرىم ـ دېدى قولىدىكى تاۋۇزنى، قولتۇغىدىكى بوخچىلارنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا قويغاچ. ئاندىن تەپسىلىرەك چۈشەندۈردى ـ بۇ كارۋان سارىيىنىڭ ئىگىسى سىلەرگە بىر ئاز تاماق

هازىرلاپ بېرىدۇ. تاماقتىن كېيىن ئۇخلاپ ئارام ئېلىشقا تىرىشىڭلار. شۇنداقتا هاردۇقىڭلار چىقىپ، ماغدۇرلىنىپ قالىسىلەر. چۈنكى ئەتە ئالدىڭلاردا سەپەرنىڭ ئەڭ مۈشكۈلى، ئەڭ ئېغىر مۇشەققەتلىكرەكى سىلەرنى كۈتىۋالىدۇ. پاكىستانغىچە داۋاملىشىدىغان ئۇزۇن سەپەرلىك يول پەقەتلا تاغ، داۋاندىن ئاشىدىغان، ۋادىلارنى كېسىپ ئۆتىدىغان گەپ. ئەگەر يول بويى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، رۇسلارنىڭ بومباردىمان ۋە تىك ئۇچار قارشىلىقىغا يولۇقمىساڭلار، تەخمىنەن ئىككى كۈندە پاكىستانغا يېتىپ بارىسىلەر. شۇنداق قىلىپ، سىلەرنىڭ بۇندىن كېيىنكى يول باشلىغۇچىڭلار بولۇپ بىر ئادەم سەهەر سائەت ئىككىدە بۇ يەرگە كېلىدۇ. سىلەرگە بىلدۈرۈپ قويىدىغان بەك مۇهىم يەنە بىر نەرسە بار. قاراڭلار مۇنۇ ئارقىدىكى كىچىك ئىشىككە! هە، ئەشۇ ئىشىك ئېغىلغا چىقىدۇ. ئېغىلدا سارايۋەنىنىڭ بىر قانچە قوي، ئۆچكە، ئىشەكلىرى، يەنە قانداق نەرسىلىرى بار. ئېغىلنىڭ تېمىدا كىچىك بىر كامار بولۇپ، تاغ تەرەپكە قاچىدىغان يولغا ئۇلۇشىدۇ. مەن ماشىنامدا ئۇخلايمەن. ئەگەر بىرەر ئەهۋال يۈز بەرگىدەك بولسا، ئىشىكنى قاقىمەندە، چوڭ بالىلىرىڭىز مەن كۆرسەتكەن يەردىن جەزمەن قېچىپ، تامنىڭ كەينىدىكى قىيالىققا مۆكۈنسۇن. سىز كىچىك ئىككى بالىڭىز بىلەن مۇشۇ ئۆيدە تۇرىۋېرىڭ. سارايۋەن سىزنى ئىنىمنىڭ ئايالى، ئەتە ماشىنا بىلەن كابۇلغا بارماقچىدى-دەپ تونۇشتۇرىدۇ. هە، قانداق ئېيتقانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بىلىۋالدىڭلارمۇ؟ - شوپۇر سۆزىنى سۇئال بىلەن ئاخىرلاشتۇردى. ئۇلار چۈشەنگەنلىكلىرىنى بىلدۈرۈشۈپ باش لىڭشىتىشتى.

ــ ياخشى، ئۇنداقتا مەن چىقىمەن، سىلەرنى ئاللاهغا تاپشۇردۇم! سىلەرنىڭ ساق، سالامەت مەنزىلگە يېتىشىڭلارنى ئاللاهتىن تىلەيمەن! سىلەرگە چىڭ يۈرىكىمدىن بەخت، ئۇتۇق تىلەيمەن!-

دېدى شوپۇر قىزغىن ۋە سەمىمىي تىلەكداشلىق بىلدۈرۈپ. ئۇلارمۇ شوپۇرنىڭ ياردىمىگە چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلەن رەخمەت ئېيتىشىپ خوشلاشتى.

ئاردىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي سارايۋەن كىرىپ كەلدى. ئۇ ياشىنىپ قالغان بىر قېرى ئادەم بولۇپ، قولىدا بىر قانچە دانە تۇخۇم باتتى. سارايۋەن ئۇلارغا قىزغىن سالام بېرىپ: مەن سىلەرگە تۇخۇم شورپىسى ئېتىپ بېرىمەن. شورپا پىشقىچە چاي ئىچكەچ تۇرۇڭلار. مۇنۇ ساماۋەردە چاي قايناۋاتىدۇ. هاردۇقنى ئېلىشتا چاي بەك ياخشى-دېدى ئاتىلارچە يېقىملىق ئاۋازدا. سارايۋەن ئۇلارغا تۇخۇم شورپىسى ئېتىش ئۈچۈن ئوچاقتا ئوت يېقىۋاتقاندا ئۇ قىزى نەجىبەگە، ئوغلى رەھىمگە ئۆزىگە چاي قۇيۇپ ئىچىشكەچ ئولتۇردى. ئاندىن تۇخۇم شورپىسى كەلتۈرۈلدى. ئۇلار بوۋاي بەرگەن كونا، قېتىپ كەتكەن ناننى ئۇششاق ئۇشتۇپ هېچىر تاۋاقتىكى شورپىغا چىلاپ مەززە قىلىشقا باشلىدى. ناننىڭ قاتتىق بولىشىغا قارىماي هەممىسىلا ئاچ قالغان بۆرىدەك تۇتۇش قىلىشاتتى. هەتتا كىچىك ئىككىسىمۇ تۇخۇم شورپىسىغا چىلاپ يۇمشۇتۇپ بەرگەن ناننى قوۋزىلىرىغا تولدۇرىۋېلىشىپ، قانچە كۈنلەپ هېچ نەرسە يېمىگەندەك كۆڭۈل قويۇپ چاينايتتى.

تاماقلىنىپ بولغاندىن كېيىن سارايۋەن بوۋاي ئۇلارغا ئىككى ئەديال، شام، گۈگۈرت تارشىسى بەردى ۋە: هاجەتكە بارىدىغانلار ئېغىلغا كىرسە بولىۋېرىدۇ دېدى - دە، ئۆزى بىر بولۇڭدىكى كارىۋاتقا تۈشەك تەييارلاپ تاشلىنىپلا چوڭقۇر ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇلار بىر ئەديالنى ئاستىغا سېلىپ، بىر بىرىگە يېقىن قىستىلىشىپ يېتىپ يەنە بىر ئەديالنى ئۈستىگە ياپتى. هارغىنلىقتىن ئۇلارمۇ هايال قالمايلا شىرىن ئۇيقۇغا چۆمۈلگەن ئىدى. بىراق تۇيۇقسىز بىردىنلا گۈرۈلدىگەن نۇرغۇنلىغان ماشىنىنىڭ ماتور ئاۋازى ئۇلارنىڭ شىرىن چۈشلىرىنى بەربات قىلدى. ئۇلار ئارام ئېلىۋاتقان

ئۆيىنىڭ ئىشىك يوچۇقلىرىدىن قولچىراقنىڭ يورۇقلىرى ئۆيىنىڭ ئىچىگە كىرەتتى. ئارقىدىنلا بىرىنىڭ قاتتىق غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ: قېچىشقا ئورۇنغانلارنى، ياكى گۇمانلىق كۆرۈلگەن ھەرقانداق نەرسىنى- مەيلى جانلىق، مەيلى جانسىز بولسۇن ئېتىپ تاشلايسىلەر! - دېدى بۇيرۇق بېرىپ. ئۇ دەرھال ھويلىغا ئەسكەرلەرنىڭ باستۇرۇپ كىرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. بۇ ئەسكەرلەر، تاغقا ئىستىھكام قۇرۇپ ئازاتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان مۇجاھىدلارنىڭ كېچىسى ئوزۇق- تۈلۈك ئېلىشقا بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىرىنى تۇتۇشقا كەلگەنلىكى ئېنىق ئىدى.

ــ ئاللاھ! بىزگە ياردەم قىل! بىزنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغىن!- دەيتتى ئۇ پىچىرلاپ ۋە جالاقلاپ تىترەيتتى. ئۇ قورقۇنچتىن شوپۇرنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئۇنتۇپ قالغىلى قىل قالغان ئىدى. خۇداغا شۈكرى، ئۇ ئىسىنى يىغىپ قولچىرىقنى يورۇتۇپ نەجىبە بىلەن رەھىمنىڭ يۈزلىرىگە قارىدى. ئۇلار تېخىچىلا شىرىن ئۇيقۇدا ئىدى. ئۇ ئىككىلىسىنى تۈرتۈپ ئويغاتتى. نەجىبە چۆچۈپ كۆزىنى ئېچىپ، چالا ئۇيقىدا ئاچچىقلىغان ھالدا سورىدى: ھە، نېمە ئاپا؟ نېمە بولدى، ئادەمنى ئۇخلاتماي؟

ــ پىسسىت! ئاستا، ئۈنۈڭنى چىقارما! سىرتتا ئەسكەرلەر، مانا قولچىراق، دەرھال ئۆزەڭلارنى دالدىغا ئېلىڭلار باللىرىم! تېز، تېز! چاققان، جېنىڭلارنى قۇتقۇزۇڭلار! چاققان!-دېدى ئۇ ئالاقزادىلىك ئىچىدە. رەھىم ئۇنىڭ قولىدىن قولچىراقنى ئېلىپ، ئاچىسى بىلەن ئېغىلغا چاپتى. سىرتتىكى كوماندىر ئەسكەرلەرنىڭ تىللاشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

ھەي ئىشەك! كۆزۈڭنى ئاچ، قوپ! كىملىكىڭنى كۆرسەت! ھېلى بىكار ئېتىپ تاشلايمەن!

دەل شۇنىڭ بىلەن تەڭ بىر ئەسكەر ئىشىكنى قاتتىق كۈچەپ تېپىپ ئېچىۋەتتى. تىنىق ئۇيقۇدا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئۇنىڭ

ئىككى قۇزىلىرى خۇددى ئېگىزدىن تاشلىغاندەك سىلكىنىپ ئويغۇنۇپ كەتتى. ئۇلار قورقۇپ چىرقىرايتتى. ئۇ بىر ياشلىق فەۋزىيەسىنى كۆكسىگە مەھكەم باستى. قورقۇپ ئۇنىڭغا چاپلىشىۋالغان راتەبنى بىر قولى بىلەن پەپىلەيتتى. ھېلىقى ئەسكەر بۇسۇغىدا تۇرۇپ، قولىدىكى يۇقۇرى بېسىملىق قولچىراقنىڭ يورىقىدا ئۆيىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە قاراپ چىققاندىن كېيىن ئېھتىيات بىلەن ئاستا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئارقىدىن بىر قولىدا يۇقۇرى بېسىملىق قولچىراق، بىر قولىدا بەتلەنگەن قورالىلىق يەنە تۆت ئەسكەر كىردى. بىر ئەسكەر قولچىرىغىنى ئۇنىڭ يۈزىگە تۇتتى. ئۇ سەھرا ئاياللىرىدەك رومىلى بىلەن يۈزىنى قىيا دالدىغا ئېلىپ، زورلۇق، زومبۇلۇق بىلەن ئۆيگە بېسىپ كىرگەنلەرنى كۈزەتتى. يەنە بىر ئەسكەر قولچىرىغىنىڭ يورۇقىنى كارىۋىتىدا مەنىستىمىگەندەك ياتقان قېرى بوۋاينىڭ يۈزىگە تۇتتى. بوۋاي ئۆزىنى تۇتىۋالغان، ھېچنەرسە كۆرمىگەندەك پەرۋاسىز ئىدى. چۈنكى بۇ ئادەم رۇسلار ۋەتىنىگە بېسىپ كىرگەندىن بېرى بۇنداق ئالاقزادىلىكلەرنى كۆپ كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، مۇشۇنىڭدەك كۈتۈلمىگەن مېھمانلارنىڭ قىلىقلىرىغا كۆنۈك ئىدى. بىر ئەسكەر ئۆتۈكىنىڭ  قاتتىق ئۇچى بىلەن بوۋاينىڭ بېقىنىغا تېپچۈكلەپ ۋارقىرىدى:

ــ ھەي! تۇرە ئورنىڭدىن! سەن سارايۋەن بولامسەن؟

ــ ھە! شۇنداق، بۇنى سىلەرمۇ بىلسىلەرغۇ-دېدى بوۋاي بوغۇق ئاۋازدا جاۋاپ بېرىپ. بوۋاينىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، گۈنسىز كۆزلىرى قولچىراقنىڭ يۇقۇرى بېسىملىق نۇرىدا ھېچنەرسىنى كۆرەلمەيتتى.

ــ ماۋۇ ئايال، بۇ كىچىك بالىلار نېمە ئىش قىلىدۇ بۇ يەردە؟- سورىدى بوۋايدىن بىر ئوفىتسېر.

ــ بۇ ئىنىمنىڭ ئايالى، ئەتە ماشىنا بىلەن كابۇلغا بارماقچى.

يولدۇشى كابۇلدا ئىشلەيدۇ، بۇ بالىلارنى كابۇلدا دوختۇرغا كۆرسەتمەكچى. سىز بىلىسىز بۇ يېزىدا ئۇزۇن يىلدىن بېرى دوختۇر يوق-دېدى بوۋاي تۆۋەن ئاۋاز بىلەن جاۋاپ بېرىپ.

ــ ئۇنداقتا كىملىك قەغىزىنى كۆرسەت!ـ دېدى ئوفىتسېر بۇيرۇق بېرىپ.

ــ قاچاندىن بېرى سەھرالىقلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ كىچىك بالىلىرىنىڭ كىملىك قەغىزى بولغان؟-جاۋاپلاشتى بوۋاي بىر ئاز تىرىكىپ.

ــ ھەي! مەن سېنىڭ كىملىك قەغىزىڭنى دەۋاتىمەن!

ــ سىزنىڭ سەبدىشىڭىز مېنى بىلىدۇ، مەن سىزگىمۇ كۆرسۈتەي-دېدى بوۋاي ھەمدە ياستۇقىنىڭ ئاستىدىن بىر باغلام قەغەزنى ئېلىپ ئوفىتسېرگە بەردى. ئافغان ئوفىتسېر بوۋاينىڭ كىملىك قەغىزىگە قولچىراقنى تۇتۇپ قاراۋاتقاندا، يېنىدا تۇرغان رۇس ئوفىتسېرمۇ بوۋاينىڭ قەغەزلىرىگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن بوينىنى ئۇزارتىپ تىكىلەتتى. ئافغان ئوفىتسېر رۇس بىلەن بىر قانچە جۈملە كاتىرلىشىپ سۆزلەشكەندىن كېيىن، قەغەزلەرنى بوۋايغا بېرىۋېتىپ ئاندىن ئۇلار تەرەپكە كېلىشتى. ئۇ كىچىك ئىككىسىنى پەپىلەپ ئۇخلىتىش ئۈچۈن ئۇزۇراپ ياتقان ئىدى. ئافغان ئوفىتسېر قاتتىق ئۆتۈكىنىڭ ئۇچى بىلەن ئۇنىڭ مۆرىسىگە خېلە بەكلا تەپتى. تېپىك سۆڭەككە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ مۆرىسىلا ئەمەس، پۈتۈن بەدىنى ئوتتا كۆيگەندەك كۆيۈشۈپ ئاغرىيتتى.

ــ ھەي، ئانا ئورنىڭدىن تۇرغىنا-دېدى ئوفىتسېر ئاچچىقلاپ.

ــ ھە، نېمە بولۇشتى! ئادەمگە ئادەمىلىك مۇئامىلىسى قىلساڭلار سىلەرگە ئويغۇن كەلمەمدىكەن!-دېدى ئۇ ئولتۇرغاچ كايىپ. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن قاتتىق ئاغرىپ كەتكەنلىك بىلىنىپ تۇراتتى.

ــ بىزنى تولا ئاۋارە قىلماي، يۈزۈڭنى كۆرسەت!ـ دېدى ئوفىتسېر ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ. ئۇ يۈزۈگە دالدا قىلىۋالغان رومالنى بىر ياقىقا قايرىدى.

ــ يۈزۈڭنى تولۇق كۆرسۈتۈپ بىزگە قارا ـ تەلەپ قىلدى ئوفىتسېر جىددىيلىشىپ. ئۇ بېشىنى بىر ئاز كۆتۈرۈپ، ئوفىتسېرگە تىكىلدى. ئافغان ئوفىتسېر ئۇنىڭ يۈزىگە قولچىراقنى تۇتۇپ بىر هازا قارىغاندىن كېيىن يېنىدا تۇرغان رۇسقا بىر نېمىلەرنى دېدى. ئاندىن قولچىراقنى قايتا بوۋايغا تۇتۇپ:

ھەي بوۋاي، مۇنۇ ئارقىدىكى ئۆيدە نېمەڭ بار ـ دېدى سوراق ئاھاڭىدا.

ــ بۇ ئېغىل كوماندىر ئەپەندىم ـ دېدى بوۋاي جىن چىراقىقا ئوت ياقىقاچ جاۋاپ بېرىپ.

ــ ئېغىلنى ئاختۇرۇڭلار! ئاندىن قايتىمىز! ـ دېدى ئوفىتسېر قوللىرىدىكى كالاشنىكوپنى بەتلەپ تۇرغان ئىككى ئەسكەرگە بۇيرۇق بېرىپ. ھەر ئىككى ئەسكەر قوراللىرىنىڭ چاقمىقىغا باراماقلىرىنى باسقان هالدا ئېغىلنىڭ ئىشىكىگە يېقىنلاشتى. بىرى ئېغىلنىڭ ئىشىكىنى قاتتىق كۈچەپ بىرلا تېپىپ ئاچتى. يەنە بىرى ئېغىلغا قورالىنى تەڭلەپ ئېتىشقا تەييار تۇردى. ھېلىقى ئىشىكنى تېپىپ ئاچقىنى ئېهتىيات بىلەن قولچىراقنى يورۇتۇپ ئېغىلنىڭ ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتى. تۇيۇقسىز ئالاقزادىلىك بىلەن چىرقىراپ ـ باندىت! دەرهال ئېتىڭلار ـ دېدى. يەنە بىر ئەسكەر ئېغىلغا تەلۋىلەرچە ئوق ياغدۇردى.

ئاھ! خۇدا!

ئېغىلدا ئۇنىڭ ئىككى كۆزى بار ئەمەسمىدى!

ئېغىلدا ئۇنىڭ قوش يۈرىكى بار ئەمەسمىدى!

ئېغىلدا ئۇنىڭ بارلىق ئەسلى ۋەسلى بار ئەمەسمىدى!

ئېغىلدا تېخى ھېلىلا نەجىبە بىلەن رەھىم ئۆز ھاياتلىرىنى

دالدىغا ئالغان ئەمەسمىدى!

كالاشنىكوپتىن يېغىۋاتقان ھەر بىر ئوق ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئۇدۇل تەگمەكتە! ھەر بىر ئوق ئۈزۈلگىنىدە ئۇ ئولتۇرغان يېرىدىن قاڭقىپ سىلكىنەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدى تۇمانلىشاتتى. ئۇنىڭ مېڭىسىدە چاقماق چاقاتتى. ئۇنىڭ مېڭىسىدە دەھشەتلىك گۈلدۈرماما پارتلايتتى. ئۇ نەجىبە بىلەن رەھىمنى ئېتىپ تاشلىدى-دەپ جەزىم قىلاتتى. ئۇ قۇلاقلىرىنى ئالقانداپ مەھكەم ئېتىۋېلىپ ۋارقىرىماقچى، بىراق ئۇنىڭ بوغىزىنى سىرتماق بىلەن بوغۇپ قويغاندەك ئاۋاز چىقمايتتى. ئۇ كۈچسىز، ماغدۇرسىز، تۈگەشكەن ھالدا بىر چەتتە تامغا يۆلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كىچىك ئىككى قوزىلىرىنىڭ قاتتىق چىرقىراپ يىغلاشلىرى ئۇنى ئېسىگە كەلتۈردى. ئۇ قوزىلىرىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان ۋۇجۇدىغا مەھكەم باستى.

# ئون ئۈچىنچى باب
# قايتا يانغان ھايات شامى

رۇس ئوفىتسېر بىلەن ئافغان ئوفىتسېر تاپانچىلىرىنى چاقماق تېزلىكىدە كەمەرلىك غىلاپتىن چىقىرىپ، ھەدەپ ئوق ياغدۇرىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ ئارقىسىدىن يانداپ كېلىپ ئىشىككە يېقىنلاشتى.

ــ بىر دەملىك ئېتىشتىن توختاڭلار!-دېدى ئافغان ئوفىتسېر توختاشقا بۇيرۇپ. ئەسكەرلەر ئېتىشتىن توختىشىپ بىر ياققا داجىدى. ھەر ئىككى ئوفىتسېر ئۆزلىرىنى تامغا چاپلىغان ھالدا ئالغا سۈرۈلۈپ ئىشىككە يېقىنلاشتى. ئۇلار قوللىرىنى سوزۇپ

قولچىراق بىلەن ئىغىلنىڭ ئىچىنى يورۇتتى.

ــ ھېچ نېمە يوق، ئادەمنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ-دېدى ئافغان ئوفىتسېر ھەمدە رۇس ئوفىتسېر بىلەن بىر نىمىلەرنى دېيىشتى.

ــ باندىتلار چوقۇم ئىغىلدىكى ھايۋانلارنىڭ ئارىسىغا مۆكۈنۋېلىشتى. بىز ئۆلارنىڭ ھايۋانلار ئارىسىغا مۆكۈنىۋال-غانلىقىنى ئوچۇق كۆرگەن ئىدۇق، پەقەت بىرسىلا ئىغىلنىڭ تېمىدىن سەكرەپ سىرتقا قېچىپ كەتتى- دېدى ئەسكەرلەرنىڭ بىرى ھاياجانلانغىنىدىن ئۆزىنى باسالماي ھۆمۈدەپ.

ــ دۆت، كالۋالار! ئىككىڭ باندىتلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاش، ھەي سەن سارايىنىڭ ئىچىنى ئاختۇر! قالغانلىرىڭ سارايىنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ، ھۇجۇمنى كۈچلەندۈرۈڭلار!-دېدى ئافغان ئوفىتسېر ئەسكەرلەرگە ۋارقىراپ. ئۆزى بولسا رۇس ئوفىتسېرنىڭ ئارقىسىدىن ئىغىلغا چاپتى. سارايۋەن قېرى بوۋاي قورقۇنچتىن خۇددى مۇردىغا ئوخشاپ قالغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ جىن چىرىغىنى كۆتۈرۈپ ئىغىلنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. بوۋاي ئۆز ھاياتى مەۋجۇتلىغىنىڭ چوڭ بىر قىسمى بولغان ھايۋانلىرىغا قارىماقچى ئىدى.

ــ خۇدا ئۇرسۇن! بۇ ئىغىلدا ئۆلۈك ھايۋاندىن باشقا ھېچ نېمە يوق! ئادەمدىن دېرەك يوق-دېدى ئافغان ئوفىتسېر ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ. شۇ ئارىدا قېرى بوۋايمۇ ئىغىلغا كىردى-دە: ۋاي خۇدايىم قانداق ئادەملەر سىلەر ھەي! سىلەر مېنىڭ گۇناھسىز جانۋارلىرىمنى ئۆلتۈرىۋېتىپسىلەرغۇ! سىلەر مېنىڭ بارلىغىمنىيوقۇتۇپسىلەر!-دەپ ۋاي سالدى، دات-پەريادلىدى.

ئۇ ئۇستىدىن بېسىپ تۇرغان قانچە پاتمان ئېغىر يۈك غۇلىلاپ چۈشكەندەك، يېنىكلەپ ئۇھ تارتتى ۋە: ئاللاھ ساڭا يۈزمىڭ شۈكرى! باللىرىمنى ساقلاپ قالدىڭ-دېدى پىچىرلاپ. ھازىر ئۇ قىزى نەجىبە، ئوغلى رەھىملەرنىڭ قېچىپ قۇتۇلغانلىقىغا جەزىم

قىلاتتى.

— ھەي قېرى! ئېغىلدىن بۇياققا چىق! ئارتۇق قاخشاپ، ئۆزەڭنى گۇناھسىز كۆرسۇتۇمەن دېمە!- ۋارقىرىدى ئافغان ئوفىتسېر رۇس بىلەن بىرگە ئېغىلدىن قايتىپ چىقىۋېتىپ. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بوۋايمۇ چىقتى.

— ھە! بوۋا! ئۆزەڭ ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ تۇرغىنىڭدەك ئېغىلىڭغا باندىتلار يوشۇرۇنغانىكەن، سەن ئۇلارنىڭ يوشۇرۇنىشىغا جاي ھازىرلاپ بەردىڭ. بىراق سەن بىزگە گۇستاخلىق قىلىۋاتىسەن. قىلمىشىڭغا قانداق بەدەل تۆلەيدىغانلىقىڭنى بىر دەمدىلا كۆرۈپ قالىسەن! لېكىن راستىنى ئېيتساڭ، ئۇلار قانداق ئادەملەر، بۇ يەرگە قاچان كەلگەن، ئۇلارنىڭ ئىسىم ، كىملىكلىرى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-تۇققانلىرى، تونۇش-بىلىشلىرى، دوست-يارەنلىرى، تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرى قاتارلىقلارنى تەپسىلى ئېيتىپ بەرسەڭ، ساڭا ھېچ ئىش بولمايدۇ، قانداق!-دېدى ئافغان ئوفىتسېر بوۋايغا سىلىق سۆزلەپ.

— لېكىن، كوماندىر ئەپەندىم مەن قەسەم قىلىپ بېرەي، مەن ھېچكىمنى مۆكتۈرۈپ قويمىدىم ھەم ئېغىلغا مۆكىۋالغان ئادەم بولغان بولسا، مېنىڭ خەۋىرىم يوق-دېدى بوۋاي تىترەك ئاۋازدا قولىدىكى جىن چىراقنى تامدىكى چىراقپايغا قويۇۋېتىپ. ھەمدە قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئوفىتسېرنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە: ئۆتۈنۇمەن! كوماندىر ئەپەندىم ماڭا ئىشىنىڭ-دېدى يالۋۇرۇپ. ئافغان ئوفىتسېر بىر قەدەم ئالدىغا سىلجىپ بوۋايغا بىر ھازا غەزەپ بىلەن تىكىلدى. ئاندىن تۇيۇقسىز تاپانچىسىنىڭ سېپى بىلەن بوۋاينىڭ يۈزىگە قاتتىق ئۇرۇۋەتتى. بوۋاي ئوڭدىسىچە يەرگە يىقىلدى. ئوفىتسېر ئېڭىشىپ بوۋاينىڭ ياقىسىدىن قاماللاپ سىلكىپ تۇرغۇزدى ۋە:

— قېنى ئىقرار قىل، سەن ۋەتەن خائىنى! راستىنى ئېيتمىساڭ

مېڭەڭدىن ئىس چىقىرىمەن، سەن قانخور دۈشمەن، سەن داشقال، سەن ئامېرىكىنىڭ ئىشپىيونى!-دېدى بوۋايغا ھۆركىرەپ.

ــ مەن بىلمىگەن نەرسىنى يالغاندىن ئېيتالمايمەن، بەلكى مېنىڭ قويلىرىمنى، ئۆچكىلىرىمنى ئوغۈرلىغىلى كەلگەن ئوغۈرى بولىشى مۈمكىن ياكى باندىت بولىشى مۈمكىن. مەن راستىنلا بىلمەيمەن كىمۇ ئېغىلدىن قېچىپ كەتكەن. ئۆتۈنۈپ قالاي ماڭا ئىشىنىڭ!-دېدى بوۋاي تونۇشلۇق بىرىپ لەۋلىرىدىن ئېقىپ چۈشىۋاتقان قاننى چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتكەچ.

ــ سەن يالغانچى! ھىلىگەر باندىت. سېنى بىرگە ئېلىپ كېتىپ ھەممىنى دېگۈزىمىز. يۈرىكىڭدىكىنىڭ ھەممىسىنى سۇغۇرۇپ چىقىرىمىز!- دېدى ئوفىتسېر بوۋايغا قاتتىق داپرۇس قىلىپ. دەل شۇ پەيتتە سىرتتىن بىر ئەسكەر كىرىپ ئوفىتسېرگە چاس بىرىپ دوكلات قىلدى: يولداش كوماندىر! ھېچ كىم قولغا چۈشمىدى. ئۇلار سارايىنىڭ ئارقىسىدىكى بىخەتەر تاغ ھاڭلىقىغا يوشۇرۇنىۋالدى. ئۇلار قاراڭغۇدا تېپىۋېلىش مۈمكىن بولمايدىغان قىيالىققا كىرىۋالدى.

ــ ئۇنىڭدىن باشقا نېمە بايقىدىڭلار-سورىدى ئوفىتسېر.

ــ ياق، ھازىرغىچە ئەھمىيەتلىك بىر نەرسە يوق. پەقەت قولىدا كىملىك قەغىزى يوق بىر ئادەمنى تۇتتۇق.

كوماندىر رۇس ئوفىتسېرگە بۇرۇلۇپ ئەسكەرنىڭ ئېيتقانلىرىنى تەرجىمە قىلدى. ئاندىن ئەسكەرگە بۇيرۇق قىلدى- بۇ قېرى ئەبلەخنى ئېلىپ مېڭىڭلار. ئەكسىل ئىنقىلاپچى باندىتلارنى ھىمايە قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئېلىپ كېتىمىز. ئوفىتسېرنىڭ ئاۋازى شۇنداق سوغۇق، دەھشەتلىك بولۇپ شەپقەت، كەڭچىلىك، يۇمشاق قوللۇق كۈتۈلمەيتتى. ئەسكەر بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىپ كالاشنىكوپنى بوۋايىنىڭ غولىغا تىرەۋاتقاندا، كوماندىر ئوفىتسېر ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ئانا، ئەگەر سەن بىزگە مەلۇمات بەرسەڭ، مۇنۇ قېرى ئاكاڭنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇلدۇرغان بولىسەن-دېدى تىكىلىپ تۇرۇپ.

— مېنىڭمۇ بىلىدىغىنىم قېرى ئاكامدەكلا بەك ئاز. سىلەر گۇناھسىز بىر قېرى ئادەمنى قىيناۋاتىسىلەر. سىلەر مەيلى ئىشىنەمسىلەر، ئىشەنمەمسىلەر بەرىبىر، بىزنىڭ باندىتلار بىلەن قىلىدىغان ھېچ ئىشىمىز يوق. مانا بۇ ھەقىقەت، گەپنىڭ راستى-دېدى ئۇ ئۆزىنى تۇتىۋالغان ھالدا جاۋاپ بېرىپ. ئۇ ئافغان ئوفىتسېرگە جاۋاپ بېرىۋېتىپ بوۋايغا كۆز يۈگۈرتتى. بوۋاينىڭ تامدەك تاتىرىپكەتكەن يۈزلىرى خىرەن جىنچىراقنىڭ يورۇقىدا ئەينەن كۆرۈنەتتى. سەللاسى چۇۋۇلۇپ بوينىغا سىرتماقتەك كىيىلىپ قالغان ئىدى. ئۆلۈم قورقۇنچىسىدىن بوۋاينىڭ ئاجىز

تەنلىرى لاغىلداپ تىترەيتتى.

— ھە ئە، شۇنداق، سەنلەر گۇناھسىز، بىز ياخشى بىلىمىز! ھەممەڭ بىر ئۆڭكۈرگە يوشۇرۇنغان-دېدى ئافغان ئوفىتسېر مەسخىرە قىلىپ ھەمدە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ رۇس ئوفىتسېر بىلەن بىرگە چىقىپ كەتتى. ئەسكەر كالاشنىكوپنى بوۋاينىڭ دولىسىغا نىختاپ ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ ماڭدى.

ئۇنىڭ بىردىن بىر ئۈمىدى بوۋاينىڭ ھايات قېلىشى يەنى ئانا ۋەتىنىنى زالىم ئەجنەبى مۇستەملىكچىلەرنىڭ ئىشغالىدىن قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان پىداكار ئاتىنىڭ ھايات قېلىشىنى ئاللاھتىن تىلەش بولۇپ قالغان ئىدى. باش پاناسىزلىق، ياردەمچىسىزلىق دەردىدىن ئۇنىڭ يۈرىكى ئوتتا پۇچىلانغاندەك ئېچىشىپ كۆيمەكتە ئىدى! ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مۇنچاقتەك ياش تۆكۈلەتتى. ئۇ، تېخى تونۇشۇپ بولالمىغان ئەمما ئۆز ھاياتىنى باشقىلارنى قۇتقۇزۇشقا پىدا قىلغان بىر ئىنسان ئۈچۈن يىغلايتتى. بۇ ئىنسان ئۆلارنى قۇتقۇزۇش يولىدا ئۆز

قاتىلىنىڭ قولىغا چۈشتى! ئەگەر تېنچ ياشايمەن دېسە، ئۆزىنىلا ئويلىغان بولسا، هايات قېلىش پۇرسىتى تولىمۇ كۆپ ئىدى! ئۇلارغا قارىغاندا بۇ ئىنسانىنىڭ هاياتى خەتەرسىز ئىدى. ئۇ ئويلىغانسىرى ئۈمىتسىزلىككە چۆمەتتى.

تەخمىنەن يېرىم سائەتتىن كېيىن ئەسكەر ماشىنىلىرىنىڭ گۈرۈلدەشلىرى ئۇنىڭ هەسرەتلىك، ئازاپلىق خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى. ئۇ سىرتتا قۇلاق تىكەتتى. دېمەك هەربى هالەت ئاخىرلاشقان، ئەسكەرلەر سارايىنى قورشاۋدىن بوشىتىپ، هەربى بازىغا قاراپ چېكىنمەكتە ئىدى. ئەتراپ تىمتاسلىقتا چۆمۈلگەندىن كېيىن شوپۇر كىرىپ كەلدى ۋە:

ئانا، نېمىلەر بولۇپ كەتتى؟ ئېغىر بىر ئەهۋال يۈز بەرمىگەندۇر؟

مەن ئۆيىنىڭ ئىچىدىن ئوق يامغۇرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم-دېدى هودۇققان هالدا سوراپ.

— بۇلاڭچىلار بىچارە، تىلسىز هايۋانلارنى ئېتىپ تاشلىدى. قىزىم بىلەن ئوغلۇم قېچىپ قۇتۇلدى، ئاللاهغا مىڭ شۈكرى. بىراق ئىنساپسىز قاراقچىلار قېرى بوۋاينى تۇتۇپ كېتىشتى-دېدى ئۇ چىگىش تۈيغۇ ئىلكىدە جاۋاپ بېرىپ.

— هە ئە، مەنمۇ ماشىنامنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ، بوۋاينى ئېلىپ ماڭغانلىقىنى كۆردۈم. بىراق ئۇنىڭغا هېچقانداق ياردەم قىلالمايدىغانلىقىمدىن ئەپسۇسلىنىمەن. بىز بوۋاينىڭ هايات قايتىپ كېلىشىنى ئۈمىت قىلىشىمىز ۋە دۇئا قىلىشىمىز كېرەك. بوۋاي بىزنىڭ بۇياقتىكى هەرىكىتىمىز ئۈچۈن ئىشەنچىلىك بىرلا ئادىمىمىز ئىدى. قانداقلا بولمىسۇن ئاللاهغا شۈكرىكى، سىلەرگە بىرەر يامانلىق يۈز بەرمەپتۇ. ئىتنىڭ باللىرى سىلەرنى ئېلىپ كەتمەپتۇ. مەن سىرتتا چىقىپ بالىلىرىڭىزغا قاراپ باقاي. ئۆتۈنۈپ ئېيتىمەنكى سىز بۇ ئۆيدىن هەرگىزمۇ

ئايرىلماي تۇرۇڭ. ھازىرلا كىرىمەن-دېدى شوپۇر ئالدىراش ئېغىل تەرەپكە يۈگۈرۈپ.

— دەھشەت! ياۋۇز، پاسكىنا ئىتلار بىرمۇ جانىۋارنى ھايات قويماي، ھەممىسىنى ئېتىپ تاشلاپتۇ-ۋارقىرىدى شوپۇر ئېغىلغا كىرىپلا. بىر ئازدىن كېيىن شوپۇر ھاسىراپ ھۆمۈدەپ قايتىپ كىردى ۋە: مەن باللارنى تاپالمىدىم. ئۇلار چوقۇم قىيالىقتا يوشۇرۇنغان گەپ. بەلكى ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار بۇ يەردە بولىدۇ. مەن كوچىغا چىقىپ، سارايىنىڭ ئەتراپىغا قاراپ باقاي، كۆزەتچى ئەسكەر بولمىسۇن يەنە-دېدى-دە دەرھال سىرتقا چىقىپ كەتتى.

نەجىبە بىلەن رەھىمنىڭ قېچىپ قۇتۇلغانلىقىغا شۈبھەسىز جەزىم قىلىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇلارنىڭ ھالىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن دەكە-دۈكە ئىچىدە قىينىلاتتى- بەلكى بىرەر ياۋا ئوق تېگىپ كېتىپ قالغانمىدۇر ئەجەبا! ياكى قاچىمىز دەپ قىيالىقتىن ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەنمىدۇر! - ئۇنىڭ قورقۇنچىسى ئارتاتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا، باللىرىنى ئىزدەشكە ئىنتىلەتتى. بىراق ئۇ مادارىدىن كەتكەن ئىدى. ئۇ سىرتتىكى ئەڭ تۆۋەن شەپىنىمۇ ئاڭلايتتى ھەمدە ھەر بىر دەقىقىدە ئۇلارنىڭ ساق-سالامەت كىرىپ كېلىشىنى ئۈمىت قىلاتتى! ئۇنىڭ بىر ياشلىق كەنجى قىزى قۇچىقىدا ئۇخلاپ قالغان ئىدى. پەقەت راتەبلا ئويغاق بولۇپ، ئاپىسىنىڭ يېنىدا ياتاتتى ۋە قورقۇنچتىن بۇدرۇقتىنە بارماقلىرى بىلەن ئاپىسىنىڭ كۆينىكىگە مەھكەم ئېسىلىۋېلىپ، جىنچىراقنىڭ غۇۋا يورۇقىدا ئاپىسىنىڭ يۈزىگە سىنچىلاپ قارايتتى. ئۇ راتەبنىڭ يۈز-كۆزلىرىنى سىلاپ- ئۇخلا جېنىم قوزام-دېدى. راتەب ئۇنىڭغا تېخىمۇ چاپلىشىپ، ھارغىن كۆزلىرىنى يۇمدى. ئارىنى تېخىمۇ ئېغىر زۇلمەت قاپلاشقا باشلىغان ئىدى. تۇيۇقسىز ئېغىلنىڭ ئىشىكى ئاستا غىچىلداپ ئېچىلدى. ئۇ چۆچۈپ ئىشىك تەرەپكە بۇرۇلۇپ

قارىۋىدى، نەجىبەنىڭ بېشى كۆرۈندى.

ــ ئاللاھ ساڭا يۈزمىڭ شۈكرى! ۋاي جېنىم بالام!ــدېدى ئۇ خوشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي ۋارقىراپ.

ــ پىسسىت! ئۈنۈڭنى چىقارما ئاپا! ئۇلار كەتتىمۇ؟ــدېدى نەجىبە كۇسۇرلاپ.

ــ ھە ئە، ھەممىسى يوقۇلۇشتى، كىرىۋەرگىن قىزىم-دېدى ئۇ نەجىبەنى ئالدىرىتىپ. نەجىبەنىڭ ئارقىسىدىن رەھىم پۈتىنىڭ ئۇچىدا يېنىك دەسسەپ كىرىپ كەلدى ۋە:

ــ زادى نېمە ۋەقە يۈز بەردى-دېدى جىددىيلىشىپ.

ــ ئىنساپسىز قاتىللار ئاۋال بىچارە جانۋارلارنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشتى، ئاندىن قېرى بوۋاينى تۇتۇپ كېتىشتى، ۋاي خۇدايىم مەن سىلەردىن ئەندىشە قىلىپ ئۆلۈپ قالايلا دېدىم جېنىم باللىرىم-دېدى ئۇ ئۈمچەرەپ.

ــ بىز، مېنىڭ مۇشۇ سەزگۈر قۇلىقىمغا، ئاشۇ بوۋايغا بىر ئۆمۈر قەرزدار ئاپا! قېرى بوۋاي «ئېغىلدا مېنىڭ ھايۋانلىرىم بار» دېگىنى بىزگە خەۋەر سىگنالى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىز دەرھال ئېغىلنىڭ كوچا تېمىدىكى شۈرىدىن ئۆمۈلەپ سىرىتقا قاچتۇق. لېكىن خۇدا ئۇرغان شۈرىنىڭ كىرىش ئېغىزى كەڭ، چىقىش تەرىپى بەكلا تار ئىكەن. بىز نەدىن بىلەيلى! ئاۋال نەجىبە مىڭبىر مۇشەققەتتە شۈرىدىن ئۆتۈپكەتتى. ئاندىن ئۆتمەكچى بولغىنىمدا ئېغىلنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. مەن تېخى ئوچۇقچىلىقتا ئىدىم. خۇداغا شۈكرى ئۆزەممۇ بىلمەيمەن قانداق قىلىپ شۈرىدىن ساق ئۆتكىنىمنى. بىزنىڭ تەلىيىمىز باركەن، ئۇلار ئوق چىقارغاندا بىز ئاللىبۇرۇن قىيالىقتا يوشۇرنۇپ بولغان ئىدۇق-دېدى رەھىم سىرتتا بولغان ئەھۋالنى بايان قىلىپ ھەمدە ئەجەپلىنىپ سورىدى-

نېمىشكە قېرى بوۋاينى ئېلىپ كېتىشتى ئۇلار؟

ــ چۈنكى ئۇلار بوۋايدىن بۇ يەرگە مۇجاھىدلارنى يوشۇرغان-دەپ

گۇمانلىنىپ تۇتۇپ كېتىشتى-دېدى ئۇ ئوغلىغا جاۋاپ بېرىپ.

— ئۇلۇق خۇدايىم! بۇ ئىمانسىزلار بوۋاينى چوقۇم ئۆلتۈرىۋېتىدۇ-دېدى رەھىم چۆچۈپ قايغۇرۇپ. نەجىبە بىلەن رەھىم كىرىپ تەخمىنەن ئون مىنۇت ئۆتتىمىكىن شوپۇرمۇ قايتىپ كىردى ۋە:

شۇنداق قېرىنداشلار، ئەسكەرلەر قايتىپ كېتىپتۇ. ھازىر سائەت بىر يېرىم بولدى. دەل سائەت ئىككىدە يول باشلىغۇچىڭلار كېلىدۇ. سىلەرمۇ تەييارلىنىپ تۇرۇڭلار. مەن سىلەرگە بىر قانچە سېقىم چاي، چوگۇن، پىيالە نان قاتارلىق بىر ئاز يول جابدۇقلىرى تەييارلاپ بېرەي. ھېچ بولمىغاندا يولدا قىزىق چاي قايىنتىپ ئىچىپ ماڭارسىلەر-دېدى ھەم ئىشىغا تۇتۇش قىلدى. شوپۇر قېرى سارايۋەن بوۋاينىڭ ئوزۇق-تۈلۈكلىرىدىن ئۇلارغا سەپەرلىك تەييارلاۋاتقاندا، ئېغىلنىڭ ئىشىكى شەپە چىقارماي يېنىك ئېچىلىپ، ئۇزۇن قارا ساقاللىق، قارا كىيىم كەيگەن، قارا سەللا ئورىغان، ئوڭ مۈرىسىدىن سول بېقىنىغا چەپراز قىلىپ ئىككى تىزىق ئوق، دورا كەمەرنى باغلىۋالغان، تاپانچىسىنى تەڭلىگەن ھالدا شۇنداق ئېگىز، گەۋرى بىر ئادەم كىرىپ كەلدى-دە، ئۇلارغا سالام بەرگەندىن كېيىن شوپۇر بىلەن قۇچاقلىشىپ، مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ، قېرىنداشلارچە كۆرۈشتى. بۇ ئادەم شۇنچىلىك مېھرىبان، دوستانە ھەم كەسكىن كۆرۈنەتتى.

— بۇ ئادەم چوقۇم بىزنى يېتەكلەپ ماڭىدىغان يول باشلىغۇچىمىز بولسا كېرەك، بىز كۈتكەن مۇجاھىد! ئانا ۋەتىنىمىزنى قۇتقازغۇچى پىدائىيلاردىن بولسا كېرەك!-دەپ ئويلايتتى ئۇ ئىچ- ئىچىدىن يايراپ چىقىۋاتقان بىر ئۈمىت تۇيغۇسىدىن ھۇزۇرلىنىپ. سالام-سائەتتىن كېيىن ئۇلارغا بۇرۇلۇپ بايان قىلدى - بۈگۈن كېچىدىلا يىراقلاپ كېتىش ئۈچۈن مۆلچەرلىگەن ۋاقىتتىن بۇرۇنراق كەلدىم. ئاللاھنىڭ نامىنى زىكرى قىلىش بىلەن بىز يولغا ئاتلىنىمىز. تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن

بۇ يەردىن تولىمۇ يىراقلاپ كېتىشىمىز كېرەك! سىلەر تەييارمۇ؟
پۈتۈن كۈن ساندۇقنىڭ ئىچىدە پۈكلىنىپ يول ئازابىدا قىينالغان بولسىمۇ، زوراۋان ئەسكەرلەرنىڭ دەھشەتلىك پاجىئەلىرىگە دۇچ كېلىپ روھى ۋە جىسمانى جەھەتتىن ئېغىر زەخمىلەنگەن بولسىمۇ، ئۇيقۇسىز تەنلىرى ئۇيۇشۇپ قېلىۋاتقان بولسىمۇ ـ بىز تەييار، دېمەكتىن باشقا تاللاش يوق ئىدى!
ــ ياخشى! ئۇنداقتا قۇلاق سېلىڭلار قېرىنداشلار! بىز شۇرىدىن سىرتقا چىققاندىن كېيىن، چوڭ ئىككى قېرىنداش كىچىك ئىككىسىنى ھاپاش قىلىپ دۆمبەڭلارغا تاڭىسىلەر، شۇنداق قىلغاندا ھەم تېز، ھەم قولاي ماڭالايسىلەر ـ دېدى يول باشلىغۇچى بۇيرۇق بېرىپ. شۇنىڭ بىلەن نەجىبە بىلەن رەھىم كىچىك ئىككىسىنى، يول باشلىغۇچى سەپەردە لازىملىق نەرسىلەر تۈگۈلگەن بوخچىنى ئالدى ـ دە، ئۇلار ئېغىلغا كىرىشتى. ئىككى چوڭ ئەرلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇلار تار شۇرىدىن ئانچە قىينالماي سىرتقا چىقىشتى. ئۇ شوپۇرنىڭ ياردىمى ۋە قوغدىغىنى ئۈچۈن چىن يۈرىكىدىن مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى.
ــ ياقەي، بۇ مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم، مېنىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرىمنى، ئىنىلىرىمنى كوممۇنىستلارنىڭ زۇلمىدىن، دۈشمەنلەرنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆز ۋەزىپەمدۇر! سىلەرگە ئۇتۇق ۋە بەخت تىلەيمەن، ئۆزەڭلارنى ئاسراڭلار، بەك دىققەتلىك بولۇڭلار ـ دېدى شوپۇر غۇرۇر ۋە ھاياجان ئىچىدە ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار راتەبىنى رەھىمنىڭ دۆمبىسىگە، بىر ياشلىق كىچىك فەۋزىيەنى نەجىبەنىڭ دۆمبىسىگە ماتا بىلەن مەھكەم تاڭدى.
ــ دوستلار دىققەت! ـ دېدى يول باشلىغۇچى چۈشەندۈرۈپ ـ ئاستا، ئاۋايلاپ مېنىڭ ئارقامدىن تاغ ئېتىكىگە يامىشىسىلەر. لېكىن قەدەممۇ قەدەم مېنىڭ ئىزىمنى بېسىپ ماڭىسىلەر! چۈنكى رۇسلار

بۇ ياقىلاردا ھەممىلا يەرگە مىنا كۆمۈۋەتكەن. ئەگەر مەن يول ئۈستىدە «تېنچ!» دېگەن ھامان بىر قەدەممۇ قىمىرلىماستىن دەرھال ئۆز جايىڭلاردا ئولتۇرىسىلەر! چۈشەندىڭلارمۇ؟

ئۇلار ئىتائەت بىلدۈرۈپ يولغا چۈشتى. كۆك ئاسمان شۇنداق ئوچۇق، تاغنىڭ سالقىن ھاۋاسى سۈرۈن بولۇپ، غول قۇرۇلاتتى. كېچە بەك قاراڭغۇ بولمىسىمۇ ئۇلار گاھىدا تاشقا پۇتلۇشۇپ، گاھىدا يۇمشاق قۇمغا پېتىپ مۇدۇرلۇپمۇ كېتەتتى. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇلار يەنىلا ئالغا قاراپ يولنى داۋام ئەتتۇرەتتى. ئەڭ قىيىن مۇشەققەت يەلكىسىدە ئۆكىلىرىنى كۆتۈرۈۋالغان نەجىبە بىلەن رەھىمگە بولماقتا ئىدى. تەخمىنەن يېرىم سائەت يۈرگەندىن كېيىن ئۇلار زەنجىرسىمان، تۇگمەس قىيالىققا يېتىپ كېلىشتى. ھاۋانىڭ سوغۇق بولىشىغا قارىماي ئۇلار تەرلەپ چۆپ بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كىيىملىرى بەدەنلىرىگە چاپلىشىپ، يول يۈرۈش تېخىمۇ قىيىنلاشماقتا ئىدى. ئۇنى ئاز دېگەندەك بىر ياقتىن ئۇسسۇزلۇق قىستايتتى. ئۇ ئۆزى كۆتۈرۈۋالغان كىچىك بوخچىدىن سوغۇق چاي تولدۇرىۋالغان چايداننى ئېلىپ بالىلىرىغا ئۇزارتتى. چايدان بىر ئايلىنىپ ئۇنىڭ قولىغا كەلگەندە بولسا، بىر تامچىمۇ قالمىغان، قۇرۇق چايدان كەلدى. ئۇ چايداننىڭ ئاغزىنى بۇراپ ئېتىۋاتقاندا

ــ ھە، سۆيۈملۈك دوستلار! يەنە بىر ئاز يۈرەيلى، ئالدىمىزدىكى قىيالىقنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتكەندە تەنەپپۇس قىلىپ ئازراق دەم ئالىمىز-دېدى يول باشلىغۇچى، تېخى ھېچقانچە يول يۈرمەستىن ئۇلارنىڭ ئۇسسۇزلۇق ئىچكەنلىكىدىن سەل نارازى بولغاندەك. ھەمدە يىراقتىن غۇۋا كۆرۈنۈۋاتقان بىر بىرىگە تۇتاش قارا قىيالىقلارنى كۆرسۈتۈپ- تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى بۇ يولنى بېسىپ ئۆتۈپ كېتىشىمىز كېرەك-دېدى تەكىتلەپ. ئۇلار يول باشلىغۇچىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ھەرىكەتلىنەتتى. ئۇ نەجىبەدىن كۆز ئۈزمەي

دەمبەس قەدەم تاپان دەسسەپ ماڭاتتى. چۈنكى ئەگەر نەجىبە يىقىلغۇدەك بولسا، دەرھال يۆلىۋالالايتتى. تاغ يولىغا چۈشۈپ ئانچە ئۇزۇن يۈرمەيلا ئۇلارنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلۇققا كۆنۈكۈپ قالغان ئىدى. ئۇلار يول باشلىغۇچىغا ئەگىشىپ، ئۆزلىرىنى ئەركىنلىككە يەتكۈزىدىغان تار بىر چىغىر يولغا كىرىشتى. ئۇلار شۇنداق يۈرۈپ قىيالىقنىڭ ئارقىسىدىكى بىر تۆپىلىككە يەتكەندە قىسقىلا دەم ئېلىشتى. ئەمدىكى يول ئېگىزلىكتىن پەسكە چۈشۈش ئىدى. تۆۋەندە چوڭقۇر ھاڭلار ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئۇلارغا تەلمۈرمەكتە! شەھەرلىكلەرگە نىسبەتەن تاغقا چىقىشقا قارىغاندا تاغدىن چۈشۈش ھەقىقەتەن بەك قىيىن ئىدى. ئۇلار تېخى بىر قانچە قەدەم ماڭا، ماڭمايلا نەجىبە دەسسىگەن بىر كىچىك قورام تاش بوشاپ قومۇرلۇپ كەتتى. نەجىبە ئۆلۈم قورقۇنچىسىدا قاتتىق چىرقىراپ ئوڭدىسىغا يىقىلدى. قىزىنىڭ يىقىلىشى بىلەن ئۇنى دەھشەتلىك قورقۇنچ ئەسىر ئالدى. خۇداغا شۈكرى ھېلىمۇ ياخشى ئۇ نەجىبەنىڭ ئارقىسىدىلا ئىكەن. نەجىبە يىقىلىپ ئۇنىڭ پۇتىغا چۈشكەن ئىدى. ئۇ چاقماق تېزلىكىدە نەجىبەنىڭ ئۆشنىسىگە فەۋزىيەنى تاڭغان ماتادىن تۇتۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن نەجىبە بىلەن بىر ياشلىق فەۋزىيە تاشلىقتا دومۇلاپ كېتىشتىن ساخلىنىپ قالدى. فەۋزىيە قاتتىق ئەندىكىپ چىرقىرايتتى. نەجىبە بىر قولىنى سىلكىپ ئىڭراپ يىغلايتتى.

ــ جېنىم قىزىم ساقمۇ سەن؟ بىر يېرىڭ زەخمىلەنمىگەندۇر؟ـ دېدى ئۇ نەجىبەدىن ئەنسىرەپ.

ــ قولۇمغا تىكەن كىرىپ كەتتى-دېدى نەجىبە يىغلاپ. ئۇ قىزىنىڭ ئالقىنىدىكى تىكەننى چىقىرىپ، ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن قاننى سۈرتتى. ئۇلاردىن خېلە ئالدىدا كېتىۋاتقان يول باشلىغۇچى قايتىپ كېلىپ، قولچىرىغىنى يېقىپ نەجىبەنىڭ ئالقىنىغا قارىدى،دە- ۋاي خۇدايىم بۇ ئانچە ئېغىر ئەمەس، بىز

يولنى داۋام ئېتىشىمىز كېرەك سىڭلىم! بىز شۇنىڭ ئۈچۈنلا بۇ يۇرتتا قونۇپ قالالمىغان. بىر بىرىڭلار بىلەن قول تۇتۇشۇپ، زەنجىر بولۇپ دېققەت بىلەن مېڭىڭلار-دېدى سەبىرسىز بىر ئاھاڭدا.

ئۇ كىچىك قىزى فەۋزىيەنىڭ بېشىنى سىلاپ پەپىلىگەن ئىدى، يىغىدىن توختاپ جىمىپ قالدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار تاغدىن تۆۋەندىكى جىراغا قاراپ داۋام قىلدى. پەسكە چۈشكەندە ئۈزلىرىنى تاشلاپ بىر ئاز دەم ئېلىشتى. لېكىن ئۇلارنى ئۇسسۇزلۇق دەھشەت قىستىماقتا.

ــ بۇ يېقىن ئەتراپتا سۇ يوقمىدۇر؟-سورىدى ئۇ يول باشلىغۇچىدىن.

ـ سىما خېنىم، ئوبدان ئانا! مەن زادىلا چۈشىنەلمىدىم، سىز ياخشى بىلىسىزغۇ بىز ئۈزۈن بىر سەپەرنى پىيادە بېسىشىمىز كېرەكلىكىنى. نېمىشكە كۆپرەك سۇدان ئېلىۋالمىدىڭلار؟-دېدى يول باشلىغۇچى قاتتىق ئاچچىقلاپ.

ــ يولدا چوقۇم كۆللەر بولىدۇ-دەپ ئويلاپتىمىزكەن.

ــ يېنىمدا پەقەت بىر قۇتىلا سۇ بار، بۇنى كىچىكلەرلا ئىچىدۇ، چوڭلار سۇغا يېتىشكىچە بىر مەھەل چىدىشى لازىم-دېدى يول باشلىغۇچى. راتەب يېرىم ئويغاق ھالدا ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىدىكى «سۇ»نىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ، رەھىمنىڭ دۈمبىسىدىكى ماتانىڭ ئىچىدىن سۇ- دەپ چىرقىراشقا باشلىدى. يول باشلىغۇچى قۇتىنىڭ ئاغزىغا كىچىك بىر يۇتۇم سۇ قويۇۋېلىپ، قۇتىنى رەھىمگە ئۇزارتتى ۋە: يىگىت پەقەت كىچىككىنە بىر يۇتۇم، بولامدۇ-دېدى ئاگاھلاندۇرۇش تەرىقىسىدە. رەھىم بىر يۇتۇم ئوتلىۋېلىپ قۇتىنى نەجىبەگە ئۇزارتتى. شۇ پۇرسەتتە ئۇ نەجىبەنىڭ دۈمبىسىدىكى تېڭىقتىن فەۋزىيەنى يېشىپ ئېلىپ، تەڭشىۋالغان سۇتتىن بىر ئاز ئەمدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىچىك پاخلان بوۋاق كېيىنكى تەنەپپۇسكىچە ئۇلارنى بىئارام قىلمايتتى. ئۇ فەۋزىيەنى

توختاپ بولۇپ ئاندىن يەنە نەجىبەنىڭ ئۆشنىسىگە تېڭىپ قويدى.
ئۇلار جىرا بويلاپ بىر ئاز يۈرگەندىن كېيىن يەنە نەپەسنى نەپەسكە ئۇلاپ تاغ باغرىغا يامىشىپ يۇقۇرى ئۆرلىشى كېرەك ئىدى. سەھەرلىك شەپەقمۇ يورۇپ تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى. ئۇلار تاغدىن هالقىپ ئارقا تەسكەيگە ئۆتكەندە بولسا تاڭ ئېتىپ، شەرقى جەنۇپتا تاشلىنىپ ياتقان تاغ تىزمىلىرىدىن كۆككە ئۆرلەشكە تەمشىلىپ بويۇن سوزۇپ تۇرغان قاتار قىيا چوققىلىرىغا قىزىل شەپەقنىڭ مەركىزى نوقتىسىدىن بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتىۋاتقان قۇياش نۇر دانچىلىرىنى سېخىلىك بىلەن تۆكۈشكە باشلىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان يول باشلىغۇچى تاپپىدە توختاپ ئۇلارغا چۈشەنچە بېرىشكە باشلىدى:
هەي جاسارەتلىك، چىدامچان كىشىلەر! ئاۋۇ پەستىكى ئېدىرلىقتا قاتار كەتكەن چاتقاللىقنى كۆردۈڭلارمۇ؟ هە، شۇ يەردە بىر كۆلمۇ بار! يەنە ئاۋۇ قارشى ياقتىكى تاغ ئېتىكىدە ياتقان خارابىلىقنى كۆردۈڭلارمۇ؟ هە، ئاشۇ ئۆيلەر بىر قانچە قېتىم بومباردىمان قىلىنغان. بۇرۇن بۇ ئۆيلەر مۇجاهىدلارنىڭ قونالغۇسى بولۇپ، پاكىستاندىن ئېلىپ كەلگەن قوراللار مۇشۇ يەردە ئازاتلىق جەڭچىلىرىگە تاپشۇرۇلاتتى. بىزنىڭ ئارىمىزدىن كىمدۇر بىرى خائىنلىق قىلدىمۇ، ياكى كېلىپ-كېتىۋاتقان مۇجاهىدلارنى رۇسلار هاۋادىن كۆزىتىپ بايقاپ قالدىمۇ، ئىشقىلىپ قاتتىق بومباردىمان قىلىنىپ، ئۈچ كىچىك بالا، ئىككى نەپەر ئايال، بىر نەپەر ياشانغان بوۋاي شېهىت قىلىندى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ روهىنى شات ئەيلىسۇن! ئۇلار شېهىتلىك مەرتىبىسىگە ئېرىشىپ بۇ ئالەمدىن ئايرىلدى. قېرىنداشلار! بىز هازىر بىر قانچە خەتەرلىك چەمبىرەكنىڭ سىرتىغا چىقىپ بولدۇق. ئانچە ئۇزۇن يۈرمەيلا پەستىكى ئارامگاهقا يېتىپ بارىمىز-دە، بامدات نامىزىنى ئوقۇۋالغاچ، ئاز-پاز چاي ئىچىپ دېمىمىزنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن

يەنە يولنى داۋام ئەتتۇرىمىز.

تۆۋەندىكى ئېدىرلىقتا كۆلنىڭ بارلىقى، سۇنىڭ بارلىقى، سۇ بويىدا دەم ئېلىش، گوياكى تولىمۇ ئۇزۇن ۋاقىت بىرەر سوغاتنى كۈتۈپ ئاخىرى ئېرىشكەن كىچىك بالىنىڭ تۈيغۇلىرىدەك بىر شاتلىق سىزىمى ئۆلارنىڭ ھارغىن يۈزلىرىنى جۇلالىتىۋەتكەن ئىدى. ئۇ تاغدىن پەستىكى ئېدىرلىققا قانداق تېز چۈشۈپ بولغانلىقلىرىنى، كۆل بويىغا قانداق يېتىپ كەلگەنلىكلىرىنىمۇ بىلەلمەيتتى. ئۇزۇن تاغ مۇساپىسى شۇنداق تېز ئارقىدا قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ماغدۇرى ئەڭ ئاخىرقى قەدەملىرىنى بېسىپ تۈگىگەندەك، پۇتۇن بەدەنلىرى، ھەتتا سۆڭەكلىرىگىچە كۆيۈشۈپ ئاغرىيتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆلدىن سۇ ئالغۇدەك مادارى قالمىدى. شۇڭا ئۇ ئوغلى رەھىمگە يالۋۇرۇپ، سۇدانغا كۆلدىن سۇ ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. باللار شاتلىقتا يۈزلىرىنى سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇپ ئۆزلىرىنى سەگىتىۋاتقاندا يول باشلىغۇچى ئەتراپتىن قۇرۇق شاق-شۇمبىلارنى تېرىپ كېلىپ، ئىككى تال تاشنى تىكلەپلا ئوچاق شەكلىگە كەلتۈردى-دە، ئوت ياقتى ھەمدە چوگۈنغا لىق سۇ ئېلىپ چاي قاينىتىش ئۈچۈن ئوتقا قويدى. ئاندىن كۆلدە تاھارەت ئېلىپ بامدات نامىزىنىڭ قازاسىنى ئۆتەشكە تۇتۇش قىلدى. چاي قاينىشىغا ئۇ ئىمزىك قۇتىسىغا سۈت تالقىنى بىلەن قايناقسۇنى قويۇپ، ئەمدىلا ئويغانغان ئوماققىنە فەۋزىيەسىنى بېقىش ئۈچۈن سۈت تەڭشىدى. چوگۈندىكى قايناق سۇغا يول باشلىغۇچى قارا چاي سېلىپ قېنىنىق چاي دەملىدى ۋە يولغا چىقىش ئالدىدا شوپۇر جابدۇپ بەرگەن بوخچىدىكى ناننى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە كىچىك بىر پارچىدىن نان تارقاتتى. باللار قوللىرىدىكى بىر توغرام نانغا قاراپ يول باشلىغۇچىغا دومسايدى. باللارنىڭ كۆڭلىدىكىنى سەزگەن يول باشلىغۇچى يېقىملىق كۈلگەن ھالدا چۈشەندۈردى:

سىلەرنىڭ بۇ كىچىككىنە بىر توغرام نانغا تويمايدىغانلىقىڭلارنى بىلىمەن. بىراق شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئوزۇقلۇقنى تېجىشىمىز كېرەك. چۈنكى ئالدىمىزدىكى مۇجاھىدلارنىڭ تۇرالغۇسىغا قاچان يېتىپ بارىدىغانلىقىمىز، ياكى يولدا بىرەر مۇجاھىدلار قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ يىگۇدەك بىر نەرسىگە ئېرىشىش بىزگە قاراڭغۇ!-دېدى ۋە قولىدىكى بىر توغرام نېنىدىن بىر چىشلەم ئاغزىغا سېلىپ چايىنىغاچ سۆزىنى داۋام قىلدى- يىگەن نېنىڭلار ھۇزۇرلۇق بولسۇن! مەن ئۈچ كۈندىن بېرى پەقەت نان بىلەن سۇدىلا جان ساقلاپ كېلىۋاتىمەن لېكىن ھەر قېتىم نان يەپ، سۇ ئىچكىنىمدە مۇشۇنداق لەنتى ئۇرۇش پەيتىدىمۇ يىگىدەك نانغا ئېرىشكىنىم ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكرى ئېيتىمەن! مەن ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىدىن- قۇندۇستىن بولىمەن. قۇندۇس ھازىرقى قورقۇنۇچلۇق يۇرت. مېنىڭ ھەممە نەرسەم باتتى. ئايالىم، ئىككى بالام، ئاتا-ئانام، يېتىپ ئاشقۇچە تېرىلغۇ يېرىمىز باتتى. بىز يەر بىلەن كۆكلەپ ياشىنىغان كىشىلەردىن ئىدۇق. ئۆيىمىزدە ھېچنەرسە كەمچىلىق قىلمايتتى. بىز بەختلىك دېھقان ئائىلىسىدىن ئىدۇق لېكىن نەپرەتلىك كوممۇنىستلار ھەممە نەرسەمنى يوقاتتى! كوممۇنىستلار ئۆيىمىزنى بومباردىمان قىلىپ يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى. دادام، ئايالىم، ئىككى بالام ئاشۇ بومباردىماندا ھاياتىدىن ئايرىلدى. پەقەتلا ياشىنىپ قالغان ئاپام خۇددى مۆجىزە يۈز بەرگەندەك ھايات قالدى. ئاپامنى ھاپاش ئېتىپ كۆتۈرۈپ پاكىستانغا ئاپاردىم. ھازىر قاچقۇنلار لاگىرىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئەمما مەن ئائىلەمنىڭ پاك روھى ئالدىدا شۇنداق قەسەم ئىچتىمكى، ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ ئىمانسىز كوممۇنىستلارغا قارشى كۈرەش قىلىمەن، قولۇمغا چۈشۈپ قالغان ھەربىر كوممۇنىستنى، خۇددى ئۇلار مېنىڭ ئائىلەمنى ئۆلتۈرگەنلىرىدەك رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرىمەن!

يول باشلىغۇچى ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن پاجىئەلىك تەقدىرىنى قىزغىن ۋە ئەلەملىك كەيپىياتتا سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا قوللىرى قوچىغىدىكى قورالنى ئۆزلۈكسىز قاتتىق سىقىمدايتتى.
— نېمىشكە رۇسلار ئۆيۈڭلارنى بومباردىمان قىلىدۇ؟-سورىدى رەھىم گۆدەكلىككە خاس قىزىقىش بىلەن.
— ئازاتلىق جەڭچىلىرى بىزنىڭ يېزىغا يوشۇرۇنغانمىش- دېدى يول باشلىغۇچى رەھىمگە قىسقىلا جاۋاپ بېرىپ.

# ئون تۆتىنچى باپ
# ۋادەرىخا! ئەمدى قانداق قىلاي!

ئۇلار بەك ئاچ قورساق بولغاچقا، نان ھەم كونا، ھەم قېتىپ كەتكەن بولىشىغا قارىماي، قېرىق دەملەنگەن چاي بىلەن مېزىلىك تەم بېغىشلايتتى. ئۇلار ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ سۇدانغا سۇ قاچىلىدى. يول باشلىغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ قېلىن ھەم قاتتىق ئەسكەرچە ئۆتۈكى بىلەن چوغقا دەسسەپ ئوت قالدۇقلىرىنى ئۆچۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ پۇتىدىكى بۇ ئۆتۈك ئۆلتۈرۈلگەن رۇس ئەسكىرىنىڭ پۇتىدىن سالدۇرىۋالغانلىقى ئوچۇق ئىدى. بۇ بەستىلىك ئادەم ئۇلارغا قاراپ بۇيرۇق بەرگەچ چۈشەندۈردى:
ئۇنداقتا قوزغۇلايلى! يولنى داۋام ئېتىشىمىز كېرەك. يەنە مۇھىم بىر نەرسە ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، ئەگەر يولدا بىرەر ئائىرپىلان، ياكى تىك ئۇچار ئۇستىمىزدىن ئۇچقىدەك بولسا ئۆزەڭلارنى دەرھال يەرگە ئېتىپ قىمىرلىماي ياتىسىلەر!
يول باشلىغۇچى سۆزلەۋاتقاندا، ئۇ فەۋزىيە ئۈچۈن ئىمزىك

قۇتىسىغا يەنە سۇت تەگشىۋالدى. ئۇنىڭ ئۈچ ياشلىق كىچىك قوزىسى راتەب بالىلارچە غەمسىزلىكتە ئەتراپتا ئايلىنىپ سەكرەيتتى. ياخاقتەك تاشلارنى ئىلىپ ئاتاتتى-دە، تىخىمۇ يىراققا ئىتىشنى سىناق قىلاتتى. ئۇ قوزىسىنى: ئوغلۇم قايتىپ كەل-دەپ چاقىردى. بىراق غەمسىز، غۇبارسىز قوزىچاق ئانىسى بىلەن ئوينىشىپ بىر توپ يۇلغۇننىڭ ئارقىسىغا مۆكىۋىلىش ئۈچۈن يۈگۈردى-يۇ، دەرھال قايتىپ چىقتى ھەم - ئاپا، ئاپا، قارا مەن نىمە تىپىۋالدىم! ئويۇنچۇق، ئاپا ئويۇنچۇق- دەپ ۋارقىرىدى. يول باشلىغۇچى- تاتلىق يىگىت! ئۇنىڭ ئۇستىنى ھەرگىز باسما، دەرھال تاشلىۋەت!-دەپ توۋلىدى. بىراق يول باشلىغۇچىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى كىچىككەن ئىدى. راتەب ئۆزى تىپىۋالغان ئويۇنچۇققا قىزىقىپ، ئويۇنچۇقنىڭ بىر ئۇچىدىكى كىچىككىنە مۇنەكنى باستى. ئويۇنچۇق بىردىنلا پارتىلاپ راتەبنى كۆكلىتىپ، ئىككى قەدەمچە نىرىراققا تاشلىدى. راتەب چۈشكەن يەردە بىر قانچە دومۇلاپ توختىدى. قۇيۇق قارا تۇمان ھاۋاغا ئۆرلىدى. مۇدھىش بىر سوغۇق سىزىم ئۇنىڭ غولىدىن قويۇلۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تارقالماقتا ئىدى. ئۇ قولىدىكى ئىمزىك قۇتۇسىنى چۆرۈپ تاشلىۋىتىپ، فەۋزىيەنى كۆتۈرۈپ راتەبنىڭ يىنىغا يۈگۈردى. يول باشلىغۇچى ئۇنىڭدىن ئاۋال راتەبنىڭ يىنىغا بىرىپ بولدى ۋە راتەبنى قولتىقىغا قىسىپ كۆل بويىغا يۈگۈرۈپ كەلدى-دە، يەرگە ياتقۇزۇپ يۈزىگە سوغۇق سۇ پۈركىدى، قوللىرىنى يۇدى. ئۇ يىتىپ كىلىپ ئوغلىنىڭ بىشىنى تەۋرىتىپ ئىگىز كۆتەردى . راتەب نەپەسلەنمەيتتى. راتەبنىڭ يۈزلىرى تونىيالىغۇسىز قاپ قارا ئىسلىشىپ، كىيىم-كىچەكلىرى يىرتىلىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئۈچ ياشلىق ئوغلى راتەبنى تاشلىق يەردىن كۆتۈرۈپ قۇچىقىغا ئالدى. يول باشلىغۇچى راتەبنىڭ يۈزىگە يەنە سوغۇق سۇ سەپتى. نەجىبە ئەلەملىك يىغلاپ ئۈكىسىنىڭ كۆيىنكىنىڭ

تۆگمىلىرىنى پەم بىلەن ئاچتى. رەھىم ئۆكسىنىڭ ئايغىنى سالدۇردى. بىردىنلا راتەب خىرتىلداپ چۇڭقۇر نەپەس ئالدى ۋە بېشىنى ئاستا يان تەرەپكە ئۆرۈپ يېنىك ئىڭرىدى ھەمدە كىچىككىنە بارماقلىرىنى يىغىپ مۇشتۇمىنى قاتتىق تۈگدى-دە، نەپىسى توختىغاندەك جىمىپ قالدى. ئۇ ئوغلىنىڭ بېشىنى يېنىك چايقاپ- راتەب كۆزۈڭنى ئاچ! جېنىم قوزام، تاتلىق بالام كۆزۈڭنى ئاچ-دەيتتى ئۈمىتسىزلىك ئىچىدە يىغلامسىراپ. ئۇنىڭ ئاۋازى بۇغۇلۇپ، بۇغۇلۇپ بوغۇزىدا توختاپ قالماقتا ئىدى. ئۇ راتەبنىڭ يارىلانغان پىشانىسىگە سۆيدى. يول باشلىغۇچى راتەبنىڭ ھاياتىنى قۇتقازماقچى بولۇپ، ئاغزىنى راتەبنىڭ ئاغزىغا يېقىپ تەكرار، تەكرار نەپەسلەندۇردى. راتەب چۇڭقۇر خىرىلداپ قىسقىلا نەپەس ئالدى. ئۇنىڭ كىچىككىنە كۆكسى كېڭەيگەندەك قىلدى. بىراق يول باشلىغۇچى پۈلەپ كىرگۈزگەن ھاۋانى سىرىتقا چىقارغاندىن كېيىن راتەبنىڭ بېشى يەنە بىر يانغا قىيسايدى، قوللىرى تاشلىنىپ، تۈگۈلگەن مۇشتۇملىرى ئېچىلىپ، بارماقلىرى ئاستا ھەركەتتىن توختىدى. يول باشلىغۇچى ئاھ ئۇرۇپ راتەبنى يەرگە قويدى-دە- ۋاي خۇدا! راتەب ئۆتۈپ كەتتى! ھەي خۇداسىز كاپىرلار!-دېدى كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمغىنىچە دۈشمەنلەرگە نەپرەت ياغدۇرۇپ.

ــ ياق! ياق، جېنىم بالام راتەب! بۇ مۇمكىن ئەمەس! ياق!- ۋارقىرايتتى ئۇ جانسىز ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ، قانلىق مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ. ئۇ قاخشايتتى! ئۇ زارلايتتى. لېكىن راتەبنىڭ قايتا نەپەسلەنمەيدىغانلىقى، كۆزىنى قايتا ئاچمايدىغانلىقى، بۇندىن كېيىن مەڭگۈلۈك ئاپا دەپ چاقىرمايدىغانلىقى ئەبەدىلىك بىر ھەقىقەت ئىدى! ئۇ ھوشسىزلىنىپ يەرگە يىقىلدى.ئۇ ئۆزىنىڭ قانچە ئۇزۇن بىھوش ياتقانلىقىنى بىلمەيتتى. يۈزىگە پۈركەلگەن سوغۇق سۇ ئۇنى ئۆزىگە كەلتۈردى. ئۇ كۆزىنى ئاچقىنىدا جانسىز

ئوغلى راتەب يىغلاپ ئولتۇرغان نەجىبەنىڭ قۇچىقىدا ئىدى. ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ راتەبنى نەجىبەنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى ۋە باغرىغا مەھكەم بېسىپ، ئەتراپنى ئايلىنىپ يۈگرەيتتى. ئۇ ئەسەبىلەرچە - ھەي ئاللاھ! نىمىشكە توپتوغرا ماڭا كېلىدۇ بۇ كەلگۈلۈك!- دەپ ۋارقىرايتتى. يول باشلىغۇچى ئۇنىڭغا يېقىنلاپ
كەلدى ۋە:

ئانا!يالغۇز سىزلا ئەمەس، بەلكى مۇشۇنداق پاجىئەلىك تەرىقىدە باللىرىنى يوقاتقان مىڭلىغان ئانىلار بار. ئەگەر ئاللاھنىڭ تەقدىرى شۇنداق بولغان بولسا، بىز بەندىلەر قازاغا رازى بولۇشىمىز كېرەك!-دېدى كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى سەللاسىنىڭ پەتتىسى بىلەن سۈرتكەچ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ.

— لېكىن، ئاللاھ مۇشۇ گۇناھسىز كىچىككىنە بالىنىمۇ كۆرمىدىمۇ؟-توۋلايتتى ئۇ ئەسەبىلەرچە ئاھ ئۇرۇپ.

— ئەلۋەتتە، ئاللاھ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى سىما خېنىم! لېكىن پەقەت ئاللاھنىڭ خاھىشىلا بىزنىڭ ھاياتىمىز ۋە تەقدىرىمىز ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىدۇ. مۇشۇ قازايى-قەدەرنىڭ رەنجى-ئەلەملىرى ئۈچۈن جەزمەنكى ئاللاھ ئاخىرەتتە ئون ھەسسە ئەجىر ئاتا قىلىدۇ-دېدى يول باشلىغۇچى ھەم سۆزىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپلا نەجىبەنى توۋلىدى- ھەي، سىڭلىم قاياققا كېتىۋاتىسەن؟

— مەن ئۇياققا بېرىشىم كېرەك-دېدى كۆزى ياشلىق نەجىبە سىلكىپىرەك جاۋاپ بېرىپ.

— بىراق، يىراققا كەتمە، بولۇپمۇ ئاۋۇ يۇلغۇنلۇقنىڭ ئۇ يېقىغا ئۆتمە، ئۆتۈنۈپ قالاي، جەزمەنكى ئۇ يەرلەردە مۇشۇنداق پارتلايدىغان ئويۇنچۇق بومبىلار بار. ئەڭ ياخشىسى مۇنۇ يېنىمىزدىكى دۆڭلىكنىڭ ئارقىسىغا ئۆتكىن.

يول باشلىغۇچى نەجىبەگىمۇ بىر ئىش بولۇپ قېلىشتىن

ئەنسىرەپ شۇنداق بۇيرۇق قىلاتتى. بىراق نەجىبە سوزسىز باش لىڭشىتىپ قويۇپ، يىغلىغىنىچە ھارغىن قەدەملىرىنى سورەپ ئۈچ يۈز قەدەمچە يىراقتىكى بىر دۆڭنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كۆزدىن يۇتتى. دەل شۇ ئارىدا ئائىرپىلان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— تېز! تېز، ئۆزەڭلارنى دالدىغا ئېلىڭلار! رۇس ئائىرپىلانلىرى يېقىنلاپ كەلمەكتە. چوقۇم ئابيام پارتىلىغان ئويۇنچۇق بومبىنىڭ ساداسى رۇسلارغا ئاڭلانغان گەپ، شۇنىڭغا بۇ ياقلارغا چارلىغۇچى ئائىرپىلان يوللىغان بولسا كېرەك! ئەگەر بىزنى كۆرۈپ قالىدىغان بولسا، ھاۋادىن بومبا ياغدۇرۇشقا باشلايدۇ- دېدى يول باشلىغۇچى جىددىيلىشىپ.

— بۇ قاتىللار بىزنى يەنە نېمە قىلماقچى!-دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ.

— ئانا!ۋارقىرىماڭ، تەتۈرلىك قىلماڭ، دەرھال ئۆزەڭلارنى ئاۋۇ يۇلغۇننىڭ دالدىسىغا ئېلىڭلار-دېدى يول باشلىغۇچى، سەل نېرىراقتىكى بىر توپ يۇلغۇن بارخاننى كۆرسىتىپ. ئۇلار ئۆلۈم قورقۇنچىسىدا يۇلغۇنلۇقنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنۇشتى. تۇيۇقسىز ئىككى دانە بومباردىمانچى رۇس ئائىرپىلانى قۇلاقنى يارغۇدەك دەھشەتلىك گۈلدۈرلەپ ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئۇچۇپ، تاغ باغرىنى بويلاپ ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن ئۇزۇن قالماي يەنە قايتىپ كېلىشتى.

— ۋاي خۇدايىم، نەجىبەگە نېمە بولغاندۇر، نېمىشكە كەلمەيدىغاندۇر-دېدى ئۇ تاقەتسىزلىنىپ. يول باشلىغۇچى نەجىبەنى ئەكىلىش ئۈچۈن يۇلغۇننىڭ ئاستىدىن بىر قەدەم چىقىۋىدى، دەل شۇ پەيتتە ئىككى دانە كۈرەشچى تىك ئۇچار شۇنداق پەس، يەر بېغىرلاپ دېگۈدەك ئۇلار تەرەپكە ئۇچۇپ كەلدى. شۇ ئارىدا يول باشلىغۇچى ئۆزىنى يۇلغۇننىڭ ئاستىغا قايتا تاشلىدى. ئۇلار شاخ- شۇمبىلارنىڭ ئارىسىدىن كۆزىتەتتى. كۈرەشچى تىك ئۇچارلار ئۇلارنىڭ بېشىغا يېقىنلاپ كەلگەندە، بىر

قانچە قېتىم دەھشەتلىك ھەيۋە كۆرسىتىپ چەمبەر شەكىللىك ئايلاندى.

— ئىلاھىم! بۇ كاپىرلار قىزنى كۆرمىگەندۇر!-دېدى يول باشلىغۇچى چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان ھالدا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

— بالامنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن!-دەيتتى ئۇ ئاللاھتىن تىلەپ. ئۇنىڭ يۈرىكى كۆكرەك قەپىسىدىن بۇسۇپ چىقىپ كېتىدىغاندەك تىپىرلاپ، بوغىزىغا قاپلىشىپ قالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى قايتا چەمبەرگە ئالغان كۆرەشچى تىك ئۇچارلار شۇنداق پەس ئۇچۇپ خۇددى ھازىرلا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قونىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئەمدى ئارتۇق تاقەت قىلىپ بولالمايتتى. شۇڭا راتەبىنىڭ جەسىدىنى رەھىمگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ نەجىبەنىڭ يېنىغا يۈگۈرەشكە تەمشىلىپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرىۋىدى، يول باشلىغۇچى ئۇنىڭ بىلىكىدىن قاماللاپ جايىدىلا مەجبۇرى ئولتۇرغۇزدى ۋە:

ئانا! سىما خېنىم، ساراڭ بولدىڭىزمۇ ھە؟ ئەگەر دۈشمەنلەر سىزنىڭ يۈلغۇنلۇقتىن يۈگرەپ چىققىنىڭىزنى كۆرۈپ قالىدىغان بولسا، ياكى زەھەرلىك گاز بومبا تاشلايدۇ ياكى سىزگە ھاۋادىن ئوق ياغدۇرىدۇ-دە، ئاندىن ھەممىمىز تۈگىشىمىز. بىزنى قۇتقۇزىدىغان ھېچكىم قالمايدۇ. ئۆزىڭىزنى كىچىككىنە بېسىۋېلىڭ، ئۆزىڭىزگە بىردەم ئىگە بولۇڭ، ئەگەر قىزىڭىز قىمىرلىماستىن بىر جايىدىلا ئولتۇرىۋالسا، دۈشمەنلەر كۆرەلمىگەندىن كېيىن پات ئارىدا قايتىپ كېتىشىدۇ-دېدى ئىزىپ- ئىچتۇرۇپ. دەل يول باشلىغۇچىنىڭ ئاخىرقى سۆزى تۈگىشىلا ھاۋادىن ياغدۇرۇلغان ئوق ساداسى يەر-جاھاننى قاپلىدى. خۇددى تۆك تەپكەندەك ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى جالاقلاپ تىترەيتتى. گوياكى ھەر بىر ئوق ئۇنىڭ يۈرىگىدىن ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇ ئالقانلىرى بىلەن قۇلىغىنى مەھكەم ئېتىپ

نەجىبە تەرەپكە يەنە يۈگۈرۈشكە تەمشەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن رەھىمىمۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرغان ئىدى. بىراق يول باشلىغۇچى قاۋۇل قوللىرى بىلەن ئۇلارنى يەرگە پۈكلەپ باستى ۋە غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ قىمىرلىماسلىقىقا بۇيرۇق چۈشۈردى. دەھشەتلىك ئوق يامغۇرى ئۈزۈلمەستىن ئىككى مىنۇتچە ئۈزۈن داۋام قىلىپ توختىدى. كۆرەشچى تىك ئۇچارلار تىك قىيالىقلاردىن تا پەستىكى تاغ ئېتەكلىرىدىكى ئادەمسىز ئۆيلەرگىچە چارلاپ قايتىپ كېلىپ، يەنە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن يول ئالغاچ ئۇچۇپ، تاغ ۋادىلىرىدىن يىراقلاشتى. تىك ئۇچارلارنىڭ گۈرۈلدەشلىرى بارا-بارا يىراقلاپ، ھېچ قانداق سادا ئاڭلانمىغاندىن كېيىن يول باشلىغۇچى ئۇلارنى قويۇپ بەردى. ئۇ نەجىبەگە بىرەر ئىش بولغانلىقىدىن قورقۇپ، ئۆپكىسى ئاغىزىغا تىقىلغان ھالدا يۇلغۇنلۇقتىن چىقىپ كىچىك دۆڭلۈككە قاراپ چاپتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن رەھىم بىلەن يول باشلىغۇچىمۇ يۈگۈرەيتتى. ئۇ نەپەسىمۇ ئالماستىن چېپىپ دۆڭنىڭ ئارقىسىغا يېتىپ كەلدى. يىراقتىن نەجىبەنى كۆرۈش بىلەن ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق پەريادى پىلەكتە ياڭرىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى بىردەملىك سوقۇشتىن توختىدى. نەجىبە دۆڭنىڭ كەينىدىكى ئازگالدا قىمىرلىماستىن دۈم ياتاتتى!

ئۇ قىزى تەرەپكە يۈلقۇنۇپ ئېتىلدى.

ئۇ بىر قورام تاشقا پۈتلىشىپ يەرگە دومۇلاپ چۈشتى.

ئۇ يەنە ئۆزىنى ئوڭشاپ ئەسەبىلەرچە يۈگۈردى.

ئۇ گەۋدىسىنى باشقۇرالماي يەنە بىر قېتىم يىقىلدى.

ئەمدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا ماغدۇرسىز ئىدى.

ئۇ قىزى تەرەپكە يان بېغىرلاپ ئۆمىلىدى.

ئۇ نەجىبەنىڭ يېنىغا يېقىنلاپ كەلگەندە ئورنىدىن دەس تۇردى-دە، قەددىنى رۇسلاپ قىزىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى!

ئۇ قىزىنىڭ بېشىنى سىلىكىپ:

ــ نەجىبە قىزىم ئورنىڭدىن تۇر! جېنىم قىزىم تۇر!-دەپ نالە قىلدى. بىراق نەجىبە مىدىرلىمايتتى. ئۇ قىزىنىڭ يۈزىنى ئۆرۈپ قاراپ- ئاھ خۇدا-دەپ ئەسەبىلەرچە ۋارقىرىۋەتتى. نەجىبەنىڭ كۆزلىرى مەڭگۈلۈك يۇمۇلغان بولۇپ، جاۋغىيىدىن قان سىرغىپ ئېقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى پىچاق تىقىپ قوچىغاندەك ئەلەملىك ئېچىشاتتى. ئۇ زارلىناتتى! قىزىنى سۆيۈپ ئاھ ئۇراتتى. شۇ ئەسنادا ئۇ نەجىبەنىڭ دۈمبىسىنى سىلىغان ئىدى، قولىغا يۆللۈك ئورۇندى. بۇ قان ئىدى. ئۇ قىزىنىڭ كوپتىسىنى قايرىپ قارىۋىدى، سان-ساناقسىز ئوق ئىزى! نەجىبەنىڭ دۈمبىسى تەشمە - تۆشۈك بولۇپ كەتكەن! ئۇ قىزىنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىپ، مەڭزىنى مەڭزىگە ياقتى! ئۇ قىزىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئوق ئىزلىرىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان ئىسسىق قانلار بىلەن بويالدى.

ــ ئىمانسىز، خۇداسىز كاپىرلار مىدىرلىغانلىكى ھەرقانداق نەرسىنى ئېتىپ تاشلايدۇ. بۇ ئىمانسىز، ئىنساپسىز كاپىرلار قاراپ باقمايدۇكى، قىمىرلىغان نەرسە گۇناھسىز كىچىك بالىمۇ، ياكى ئىگىسىز ھايۋانمۇ، بۇ دۈشمەنلەردە ئادىمىيلىك يوق!- ۋارقىرايتتى يول باشلىغۇچى، ھەمدە نەجىبەگە ئېچىنىپ- نېمە دېگەن دەھشەت! نەقەدەر ئېغىر زۇلۇم بۇ! شەپقەتسىز، رەھىمسىز ۋەھشى ھايۋانلار!-دەپ، چىشلىرىنى غۇچىرلىتىپ ئەلەم ئىچىدە نەپرەتلەنگەندىن كېيىن

- خوپ، قېرىنداشلىرىم، بىز بۇ ئوچۇقچىلىقتا ئۇزۇن تۇرساق بولمايدۇ. ئەلۋەتتە بۇ قانخور ئىتلار ، بۇ يەردىكى كونا خارابى ئۆيلەرنى مۇجاھىدلار قايتا تۇرالغۇ قىلغانلىقىدىن گۇمانلىنىدۇ-دە، جەزمەن تولۇق بىر باتالىيون ئەسكەر بىلەن كېلىپ بۇ يېقىن ئەتراپنى پۇتۇنلەي يۇيۇپ تارايدۇ. دۈشمەنلەرنىڭ بومباردىمانچى ئائىرپىلانلىرى يەنە پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى جەسەتلىرىمىزنى يۇلغۇنلۇقنىڭ ئاستىغا ئاپىرىۋالايلى. ئاندىن كېيىنكىسىنى

كېيىن كۆرەرمىز. دۈشمەنلەرنىڭ بۇ يەرگە پىيادە قىسىم ئەۋەتمەسلىكى ئۈچۈن ئاللاھتىن پاناھلىق تىلىشىمىز لازىم. بۇ ھەممىدىن يامىنى-دېدى ئىزىلىپ يىغلاپ تۇرغان رەھىمگە قورالىنى تۇتقۇزۇپ. ئاندىن نەجىبەنىڭ قان سىرغىپ تۇرغان جەسىدىنى ئىككى بىلىكىنى كەڭ ئېچىپ كۆتەردى. ئۇلار ئۆرە تۆپە، ئالاقزادىلىك ئىچىدە قاتتىق ئېچىنىشلىق يىغا-زارە بىلەن راتەبىنىڭ جەسىدى ياتقۇزۇلغان ۋە جەسەتنىڭ يېنىدا بىر ياشلىق فەۋزىيە بۇغۇلۇپ، قېقىنداپ يىغلاپ ئولتۇرغان يۇلغۇن دالدىسىغا قاراپ  يۈگۈرۈشتى. يول باشلىغۇچى پۈتى بىلەن تىپچەكلەپ بىرەچە كىچىك قورام تاشلارنى، يۇلغۇن شاخلىرىنى يىغىپ ئۈستىگە نەجىبەنىڭ جەسىدىنى ئاۋايلاپ ياتقۇزدى.

ئۇ ئۆزىنى سۆيۈملۈك قىزىنىڭ جەسىدىگە ئاتتى ۋە نەجىبەنىڭ قان بىلەن بويالغان يۈزىگە سۆيەتتى. ئۇ قىزىنىڭ ئىلۋا بارماقلىرىنى ئالقىنىغا ئېلىپ مەڭزىگە باساتتى ۋە چەكسىز مېھرى بىلەن قانماي سۆيەتتى. ئاھ! خۇدا. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر دەھشەتلىك مەنزىرە ئۆتۈشكە باشلىدى- ئاۋال ئۇ سۆيۈملۈكيولدۇشىدىن ئايرىلدى! ئارقىدىن ئۇنىڭغا ئۇلاپلا چوڭ ئوغلى  ماھمۇدتىن ئايرىلدى. مانا ئەمدى بىر قانچە دەقىقە ئىچىدىلا راتەب بىلەن نەجىبەدىن ئايرىلدى! مانا بۇ ئازاپلىق تەقدىر ئۇنىڭ مەجروھ يۈرىكىنى ئېغىر بىر تاغنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويغاندەك ئەزمەكتە. ئۇ ئىچ ئىچىدىن بۇقۇلداپ ئېچىنىشلىق يىغلايتتى. يول باشلىغۇچى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ

- سىما خېنىم، ئوبدان ئانا! بۇ ئاللاھنىڭ خاھىشى، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى، قىزىڭىز شېھىدلىك مەرتىبىسىگە يەتتى. قىزىڭىز مۇشۇ ئاندىلا جەننەتنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى!- دېدى تەسەللى بېرىپ. يول باشلىغۇچىنىڭ ئاللاھ نامىدىن كوممۇنىستلارغا، دۈشمەنلەرگە  قارشى كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت جاسارەتلىك،

قورقۇمسىز روھى ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمەكتە ۋە ئۇنى چۇڭقۇر بىر ئىمانغا يېتىلىمەكتە ئىدى. بىر ئاز سۈكۈتتىن كېيىن يول باشلىغۇچى قۇراندىن قىسقىلا بىر قانچە ئايەت تىلاۋەت قىلىپ دۇئاغا قول كۆتەردى. ئۇلار بىرلىكتە دۇئا قىلىپ ئالالاھتىن شېھىتلىك مەرتىبىسى تىلەشتى. دۇئادىن يېنىپلا يول باشلىغۇچى ئېغىز ئاچتى:

بىز شېھىتلىرىمىزنىڭ مۇبارەك جەسەتلىرىنى خارابىلىقتىكى باشقا بەش نەپەر شېھىتلىرىمىزنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىمىز! لېكىن بۇ ھەقىقەتەن بەكمۇ خەتەرلىك. چۈنكى دۈشمەن ئائىرپىلانلىرى چارلاشنى توختاتماي داۋاملاشتۇرىدۇ. شۇڭا جەسەتلەرنى مۇشۇ يەردە قالدۇرۇپ، ئۆزىمىزنى قارشى تەرەپتىكى قىيالىقتىكى ئۆڭكۈرگە يوشۇرىمىز. ئۆڭكۈر بىز ئۈچۈن بىخەتەر جاي. كەچ كىرگىچە مۆكۈنۈپ، قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن جەسەتلىرىمىزنى خارابىلىقتا يۆتكەيمىز ۋە ھەقىقى شېھىتلەرگە مۇناسىپ ھۆرمەت بىلدۈرگەن ھالدا دەپنە قىلىمىز! ھازىر ۋاقىتنى دەقىقىمۇ قاچۇرۇشقا بولمايدۇ. ئىمكان قەدەر ئارقامدىن يۈگۈرەيسىلەر. ئەگەر دۈشمەن ئائىرپىلانى كۆرۈلدەيدىغان بولسا، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشىكى ئۆزەڭلارنى تاشلاپ، يۈزۈڭلارنى يەرگە يېقىپ دۈم ياتىسىلەر. ئەگەر بىرەر تۇپ يۇلغۇننىڭ، ياكى يوغانراق قورام تاشنىڭ دالدىسىغا ئۆتەلىسەڭلار تېخىمۇ بىخەتەر.

يول باشلىغۇچى سۆزىنى تۈگىتىپلا دالداقاپ تۇرغان يەردىن ئوچۇقچۇلۇققا چىقتى. لېكىن ئۇ بولسا قىمىر قىلماستىن ئوماق ئوغلى راتەبنىڭ جەسىدىنى قۇچاقلاپ ئولتۇراتتى.

يول باشلىغۇچى ئۆپكىسى ئۆرۈلگىدەك ئاچچىقلاپ ۋارقىرىۋەتتى:

ھەي مەزلۇم ساڭا نېمە بولدى؟ تۇر ئورنىڭدىن!

ــ ياق، مەن سىلەر بىلەن بىرگە ماڭمايمەن. سۆيۈملۈك

راتەبىمنى بۇ يەردە يالغۇز تاشلاپ ھېچ يەرگە كەتمەيمەن-دېدى ئۇ ئەقلىدىن ئادىشىپ قالغان بىغانىدەك چالۋاقاپ.

– ئوبدان ئانا! بۇ بالىلار ئۆلۈپ بولدىغۇ! سىز ئۇلارغا جان كىرگۈزەلمەيسىز. لېكىن مۇشۇنداق ئولتۇرۇپ ئۆز ھاياتىڭىزنىمۇ خەتەرگە تۇتۇپ بېرىسىز. مۇنۇ ئىككى بالىڭىزنى ئويلاڭ. دەرھال ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ بىز بىلەن بىرگە يۈرۈڭ.

– ياق، ياق!

ئۇ تەلۋىلەرچە ۋارقىرايتتى ۋە نەجىبەنىڭ قوللىرىنى سىلايتتى. يول باشلىغۇچى غەزەپ بىلەن يۈگۈرۈپ كەلدى-دە، تېخى بىر ئاش پىشىم ئىلگىرى پومداخلاپ ئويناپ يۈرگەن راتەبنىڭ جەسىدىنى ئۇنىڭ قۇچىغىدىن سىلكىپ ئېلىۋېلىپ ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى:

ئاڭلاپ تۇر ئانا، ھەربىر ۋەتەنداشلىرىمنى، ھەربىر ئايال ۋە بالىلارنى كوممۇنىستلارنىڭ قولىدىن، دۈشمەنلەرنىڭ تاپىنى ئاستىدىن قۇتقۇزۇش مېنىڭ ۋەزىپەمدۇر! گېزى كەلسە مەجبۇرى، كۈچ ئىشلىتىپ تۇرۇپ ئۆز مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلىمەن! ئۇندىن باشقا يەنە شۇنىمۇ ئاڭلاپ قويكى، سەن يالغۇزلا دەرت تارتقان ئانا ئەمەس! پاكىستانغا بارغاندا كۆرىسەنكى، ئۇ يەردە پەرزەنتلىرىنى يوقاتقان، ياكى پەرزەنتلىرى ئۆمۈرلۈك ناكا بولغان مىڭلىغان ئانىلار، مىڭلىغان ئاتىلار بار.

يول باشلىغۇچى سۆزىنى توختۇتۇپ ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ئۇ كۆزى قىيمىغان ھالدا نەجىبەنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ، ھەم قورقۇنچ، ھەمدە ھېچ نېمىنى ئاڭقىرالماي ھاڭۋېقىپ قالغان بىر ياشلىق كىچىك قوزىسى فەۋزىيەنى ئالدى. رەھىم ئىككى تال بوخچىنى كۆتەردى. ئۇ ئارقىسىغا قايرىلىپ راتەب بىلەن نەجىبەنىڭ جەسىدىگە قارىغىنىچە يول باشلىغۇچىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى.

ئاللاھنىڭ ياردىمى ئاستىدا ئۇلار بەختكە يارىشا خېيىم-

خەتەرسىز ئۆڭكۈرگە يېتىپ كېلىشتى. بۇ ئۆڭكۈر ئەينى ۋاقىتتا مۇجاھىدلار رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنىڭ ھۇجۇملىرىدىن ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلغان ئىستىھكام بولۇپ، سىرتتىن ئاسانلىقچە پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. يول باشلىغۇچى ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا تۇۋاقلاپ قويۇلغان يوغان ئەمما تاختىدەكلا نېپىز تاشنى كۆچەپ يان تەرەپكە سۈردى. ئۇلار ئۆڭكۈرنىڭ شۈرىدەك كىچىك ئېغىزىدىن ئۆمىلەپ كىرىشتى. ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى بولۇشىچە كەڭرى بولۇپ، ئاز دېگەندە ئون ئادەمنى سىغدۇراتتى. ئەسلىدە بۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئۆچتەن بىرى ئاللاھ تەبىئەت ئارقىلىق مۇجاھىدلارغا ئاتاقىلغان تەبى ئىستىھكام بولۇپ، قالغان قىسمىنى مۇجاھىدلار ئۆزلىرى قېزىپ كېڭەيتكەن ئىدى. غۇۋا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بىر ئەر، بىر ئايال تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا جىنىدەكلا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلار قورقۇنچتىن شۈركۈنۈپ كېتىشتى.

— ئاھ، سەن كەرىمغۇ؟، لېكىن سەن ناھايىتى تېز يېتىپ كېلىپسەن-دېدى يول باشلىغۇچى ھېلىقى ئادەمگە.

— شۇنداق، باشقا ئامالىم قالمىدى-دېدى كەرىم ھال ئېيتىشقا تەمشىلىپ.

— توختا كەرىم، ئالدى بىلەن ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېتەيلى، ئاندىن ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ، تەپسىلىي سۆزلەپ بېرەرسەن-دېدى يول باشلىغۇچى كەرىمنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ. ئۇلار بىرلىكتە سىرتتىكى تاشنى مىدىرلىتىپ ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىنى ئېتىشتى ھەمدە سىرتنى كۆزىتىش ۋە ئىچكىرىگە ھاۋا كىرىشى ئۈچۈن كىچىككىنە يوچۇق قويۇشتى.

— نېمىشكە ئىنىڭنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى بىرگە ئېلىپ كەلمىدىڭ؟-دېدى يول باشلىغۇچى كەرىمدىن سوراپ.

— بىلەمسەن، رۇسلار بىزگە قوشنا يېزىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، كۈلىنى كۆككە سورۇۋەتتى. ھايات قالغان ئادەملەرنىمۇ،

جانلىقلارنىمۇ بىرنى قويماي باشقا ياقلارغا سۈرگۈن قىلىشتى. شۇڭا ئىنىم يۇرتتا تۇرۇپ، ئۆزۈن مۇددەتكىچە، ئىمكانىيەت يار بەرگەنلا پۇرسەتتە ئازاتلىق جەڭچىلىرىگە ئوزۇقلۇق ۋە باشقىمۇ زۆرۈرى ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بەرمەكچى. ئەگەر ئىمكانىيەت يار بەرمىگەندە ئاندىن ئائىلىسىنى پاكىستانغا ئېلىپ كېلىدىغان بولدى. تېخى بىزنىڭمۇ بىر مەزگىل كەتمەسلىكىمىزنى ئارزۇ قىلغان، بىراق قاتبوي ئايالىمنى يۇرتتا تۇرغۇزىۋېرىشنى مۇۋاپىق كۆرەلمىدىم.!

ــ بۇ يەرگە قاچان كەلدىڭلار؟

ــ بۈگۈن كېچە. باشقا بىر ئۆزۈن يول بىلەن كەلدۇق. لېكىن بىز كەلگەن يول ئۆزۈن مۇساپە بولغىنى بىلەن بىخەتەر ئىكەن. قوشنا يېزىدىكى ئىشەنچلىك كىشىلىرىمىزدىن ئاڭلىشىمچە، مۇجاھىد-لارغا كېلىدىغان ئارقا سەپ تەمىنات ۋە ياردەملەرنىڭ ئۈزۈل-كېسىل ئايىغىنى ئۆزۈش ئۈچۈن ئىككى كۈندىن بېرى ھۆكۈمەت ۋە رۇسلار بىرلىكتە بۇ ياقلارغا زور تۇركۈملەپ ئەسكەر چىقىرىپتۇ. شۇڭا كېچە كىرگەندە يولغا چىقارمىز-دەپ، بۇ ئۆتكۈرنى ماكان تۇتتۇق. سېنىڭ يولۇچىلىرىڭغا نېمە بولدى؟ ئۇلار يىغلىشىۋاتىدىغۇ! سىلەرگە نېمە بولدى؟

يول باشلىغۇچى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ بىر دەملىك جاۋاپسىز قالغاندىن كېيىن كەرىمدىن سوردى- سىلەر باياتىن بۇ ۋادىلاردا رۇس قىرغىنچى ئائىرپىلانلىرىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازىنى، ئوق ئاۋازلىرىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟

ــ ھە ئە، ئاڭلىدۇق!

ــ شۇ چاغدا رۇسلار مۇنۇ ئانىمىز - سىما خېنىمنىڭ ئون ئالتە ياشلىق قىزىنى ھاۋادىن ئوققا تۇتتى. ئۇنىڭدىن بىر ئاز ئىلگىرى ئۈچ ياشلىق ئوغلى راتەب ئويۇنچۇق بومبىدا پارتىلاپ ھاياتىدىن ئايرىلغان ئىدى-دېدى يول باشلىغۇچى كەرىمگە چۈشەندۈرۈپ.

— خۇدا ئۇلارنىڭ روھىنى شات ئەيلىسۇن! نېمىشكە ئۆزەڭلارنى دالىدىغا ئالمىدىڭلار؟-دېدى كەرىم چۇڭقۇر قايغۇسىنى ئىزھار قىلىپ.

— بىز تېڭىرقاپ قالغان ئىدۇق!-دېدى يول باشلىغۇچى ۋە ھازىرچە بۇ ھەقتە ئارتۇق بىر نەرسىلەرنى سورىماسلىقنى ئۆتۈندى. كەرىم باش لىڭشىتىپ ماقۇللىغىنىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، بىر بۇلۇڭدا يۈزىنى يېرىم چۈمكەپ ئولتۇرغان قاتبوي ئايالىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى.

ئۇ ئوغلى رەھىمنىڭ ۋۇجۇدىغا ئانىلىق تۇيغۇسىنى بېغىشلاش ئۈچۈن يېقىن ياندىشىپ ئولتۇردى. چۈنكى باياتىن ئېغىر، ئەلەملىك مۇسىبەت قايغۇسىدا ئوغلىنى بەك قورقىتىۋەتكەن ئىدى.

# ئون بەشىنچى باب

# جۆلدە قالغان قەدىردانلار

ئۆڭكۈر ئىچىدە ۋاقىت شۇنداق ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى. ھەر يېرىم سائەتتە دېگۈدەك چارلىغۇچى ئائىرپىلانلارنىڭ، ياكى قىرغۇنچى بومبىلارنىڭ ھەيۋەتلىك گۈلدۈرلىشى تاغ-دالالارنى زىلزىلىگە سېلىپ، دەھشەتلىك ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئۇلارنىڭ جېنىنى ئېلىپ يېنىدا قوياتتى. ۋاقىت ناھايىتى ئاستا سۆرۈلۈپ مېڭىپ كۈن چۈشمۇ بولۇپ قالدى. قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇدىن ئۇلارنىڭ ئاشقازانلىرى ھەرىكەتتىن توختاپ، بوغۇزلىرى قۇرۇپ، تىللىرى تاماققا چاپلىشىپ قالغان ئىدى. ئۇيقۇسىز كېچە، ئاچچىق مۇسىبەتلىك ئەتتىگەن ئۇنى جىسمانى ۋە روھى جەھەتتىن

پۈتۈنلەي تۈگەشتۈرۈەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ھېچنەرسىنى سەزمەيتتى. ئۇنىڭ ئەتلىرىمۇ، سۆڭەكلىرىمۇ تاشتەكلا قېتىپ قالغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ھەر دەقىقىدە يەرگە يىقىلىپلا جان بېرىدىغاندەك ھېس قىلاتتى. پەقەت قېرىنداشلىرىنىڭ پاجىئەلىك ھالدا كۆزىدىن غايىپ بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي، ھەر تەرەپكە ھەيرانلىق بىلەن تەلمۈرۈپ، بىر نەرسىنى ئىزدىنىۋاتقان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىچىنىشلىق يىغا-زارلىرى تۇپەيلى تېخىمۇ ئېغىر قايمۇقۇپ قېلىۋاتقان ئۇنىڭ بىر ياشتىكى غۇبارسىز قىزى فەۋزىيە ئۇلارغا سۇئال نەزىرى بىلەن قارايتتى. كىچىك فەۋزىيە بىردىنلا ئاكىسى رەھىمگە يامىشىپ، بۇدرۇققىنە بىلەكلىرى بىلەن ئاكىسىنىڭ بويىنغا گىرە سېلىپ بۇرنىغا سۈيدى. ئاندىن رەھىمنى قويۇۋېتىپ ئۇنىڭغا ياماشتى ۋە بىر ھازا ئۇنىڭ بۇرنىغا، قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە تىكىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بويىنغا گىرە سېلىپ، ئۇنىڭ يۈزىنى كىچىككىنە كۆكسىگە شۇنداق مەھكەم باستىكى، ئۇ نەپەس ئالالمىغىلى تاسلا قالدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنى يېرىم بېھۇشلۇقتىن، چالا ئۆلۈك ھالەتتىن ئۆزىگە قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇ ئېسىگە ئالدىكى، فەۋزىيە ئەتتىگەندىن بېرى بىر قېتىملا ئوزۇقلانغان. ئۇ كىچىككىنە قوزىسىغا دەرھال بىر توغرام قاتتىق ناننى تۇتقۇزۇپ قويدى. بىچارە قوزىچاق ئاشۇ قاتتىق نان بىلەن ئۆزىنى ئالداشقا كىرىشتى.

چۈشتىن كېيىن - بىر ئېغىز سۆز قىلىشقا مەيلىمۇ، مادارىمۇ قالمىغان بىر چاغدا يول باشلىغۇچى كەرىمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، پارىسچە سۆزلىشىدىغانلار چۈشىنەلمەيدىغان پاشتو تىلىدا پەس ئاۋازدا ئەھۋاللىشىشقا باشلىدى. گەرچە ئۇ ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى سۆزلىرىدىن بىلەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن يول باشلىغۇچىنىڭ چىرايىدىن قاراپلا ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنى دەپنە قىلىش توغرۇلۇق كەرىمگە بىر نەرسە دەۋاتقانلىقىنى پەملىدى.

چۈشتىن كېيىنكى قۇياش هارارىتى پۈتۈن تاغ ۋادىلىرىنى، قىيالىقلارنى خۇمداندەك قىزىتماقتا. ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى دىمىق ھەم نەمخۇش بولۇپ، نەپەسلەرنى بۇغاتتى. يول باشلىغۇچىنىڭ كەينىم بىلەن گەپلەشمەي بولۇپلا، ئۆڭكۈرنىڭ تېمىغا يۆلەنگىنىچە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئاغزى ئېچىلىپ قالغان ھالدا خورەك تارتىشقا باشلىغىنىدىن قارىغاندا، قانچە كېچىلەپ ئۇخلىمىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. مۇجاھىدلار مۇشۇنداق تەرىزدە ئۇخلاشقا كۆنۈك ئىدى. ئۇنىڭ ئوغلى رەھىم ھارغىنلىقتىن پۈتۈنلەي تۈگەشكەن ھالدا ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ، بېشىنى ئۇنىڭ قۇچىقىغا قويۇپ ئۇزانغىنىچە ئۇيقۇغا كەتكەن بولسىمۇ، چېھرىلىرىنى تۈرتۈپ، چۆچۈپ بىئارام بولاتتى. ئۇنىڭ قۇچىقىدا ئۇيقىنى باشلىغان بىر ياشلىق قۇزىسى فەۋزىيەمۇ ئۇيقىدا قاتتىق چۆچۈپ، سىلكىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئېچىشىپ كۆيەتتى. گېلى ئاغرىپ، ئېغىزى شۇنداق بەتتام بولۇپ قېىنىلاتتى. ئۇنىڭ كۆز-ياشلىرى قۇرۇپ، پۈتۈن خىيال-پىكرى يۇلغۇنلۇقنىڭ تۈيىدە يالغۇز تاشلاپ قويۇلغان بالىلىرىدا قالغان ئىدى. ئۇنىڭ يۈرەك-باغرى پارە-پارە تىلغىناتتى! ئۇ كوممۇنىستلارنى، دۈشمەنلەرنى غەزەپ بىلەن قاغايتتى. ئېغىر ھارغىنلىق، ئۆتكەن كېچىدىكى ئۇيقۇسىزلىق ئۇنى سۈڭەكلىرىگىچە تالدۇرىۋەتكەن بولىشىغا قارىماي، ئۇ بىر دەقىقە بولسىمۇ كۆز يۇمالمايتتى.

ئاستا، ئاستا كەچكى شەپەقنىڭ قىزغۇچ شولىسى تارقىلىپ، قاراڭغۇلۇق ۋادىلارنى بويلاپ تاغ چوققىلىرىغا ياماشقىلى تەييارلىنىۋاتقاندا، ئەرلەر ئۆڭكۈرنىڭ چىقىش ئېغىزىغا تۇۋاقلاپ قويۇلغان تاشنى بىر ياقا ئىتتىرىپ ئۆڭكۈرنى ئاچتى. يول باشلىغۇچى ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ:

سىلەر ئىككى ئايال كىچىك بالا بىلەن بۇ يەردە كۈتۈپ تۇرۇڭلار. بىز ئۈچ ئەرلەر بېرىپ دەپنە ئىشلىرىنى تۈگىتىپ كېلەيلى، ئانچە

ئۇزۇن ھايال بولماي قايتىپ كېلىمىز-دېدى كەسكىن تەلەپپۇزدا. ئۇ، يول باشلىغۇچىنىڭ كۆڭلىگە نېمە پۈكۈلگەنلىكىنى، قارشىلىق قىلسا قانداق قوپاللىق قىلىپ ۋارقىرايدىغانلىقىنى بىلگەن ھالدا:

ــ ياق، ياق. نېمە بولۇشىدىن قەتئىنەزەر مەنمۇ بارىمەن-دېدى بېشىنى چايقاپ.

ــ سىماخېنىم، ئۆتۈنۈپ قالاي ئوبدان ئانا! ئەقىللىق بولۇڭ. سىز پەقەت ئۆزىڭىزگە جەبرى سېلىپ، ئۆز جېنىڭىزنى قىينايسىز خالاس. ئۇندىن باشقا سىزنىڭ مېڭىشىڭىز بىلەن بەك كېچىكىپ قالىمىز. يەنە كېلىپ تاڭ يورۇپ يول يۈرىشىمىزگە پۈتلىكاشاڭ بولۇشتىن بۇرۇن يەنە بىر بېخەتەر مەنزىلگە ئۇلىشىۋېلىشىمىز كېرەك. ھېچ بولمىغاندا كەرىمنىڭ ئېغىرئاياق ئايالىغا يار-يۆلەكتە بولۇڭ! تېخى بۇ ئايالنى كىچىك بالىڭىز بىلەن بۇ قاراڭغۇ ئۆڭكۈردە يالغۇز قويالمايسىز-دېدى يول باشلىغۇچى زەردە بىلەن ۋارقىراپ ھەممە مۇردىنىڭ قولىدەك قېتىپ كەتكەن قوللىرى بىلەن ئۇنى ئولتۇرغان يېرىگە سىلكىپ نىختىدى.

ــ ياق، ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا بولسىمۇ مەن بارىمەن! كەرىمنىڭ ئايالىمۇ بىرگە بارسۇن- دېدى ئۇ يىغلىغان ھالدا ۋارقىراپ ھەممە فەۋزىيەنى كۆتەرگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چۈشتى. يول باشلىغۇچى سەكرەپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇنىڭ يەلكىسىدىن قاتتىق مۇرىدى ۋە:

ــ ئانا! ھازىر بەك قاراڭغۇ ھەم سىرىت خەتەرلىك. سىزمۇ، كەرىمنىڭ ئايالىمۇ يوغان قورسىقىنى كۆتۈرۈپ قىيالىقتا يۇقۇرىغا يامىشىپ، پەسكە سىرىلىپ ماڭىدىغان يوللاردا تېز يۈرەلمەيسىلەر. بۇنى چۈشۈنۈڭ، ئۆڭكۈردە قېلىڭ-دېدى ئاخىرقى توسقۇنلىغىنى سۆزلەپ.

ــ ياق، مەن بىرگە بارىمەن، بالىلىرىمنى ئاخىرقى قېتىم يەنە

بىر كۆرۈۋېلىش ئىستىكىم بار-دېدى ئۇ ۋارقىراپ كەسكىن قارارى بىلەن.

ــ ئۇنى بىز بىلەن بىرگە بارغىلى قوي، ئايالىم قاراڭغۇلۇقتا يالغۇز قېلىشتىن قورقۇپمۇ كەتمەيدۇ. ئۇ، نى - نى ئېغىر، قاتتىق كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. بۇ ئۈڭكۈردە بىر، ئىككى سائەت يالغۇز قېلىش ھېچ گەپ ئەمەس. ئانا بالىڭىزنى ئايالىمغا بېرىڭ-دېدى كەرىم ئۇنىڭ ئاخىرقى تەلىۋىگە كۆز قىيالماي. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۈچ نەپەر ئەرلەر بىلەن بىرگە يولغا چۈشتى. ئۇ سۆيۈملۈك جان پارىلىرىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىشقا، ئارزۇلاپ ئاۋايلاپ تۇغۇپ چوڭ قىلغان ئەمما پاجىئەلىك ھالدا يوقاتقان ھايات مېۋىلىرى بىلەن ئەبەدىي ۋىدالىششقا كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئەمدى نەجىبەسىنى، راتەبىنى قىيامەتكىچە كۆرەلمەيتتى. ئۆيلىگانسېرى ئۇنىڭ تولا يىغلاپ قۇرۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى ھەسرەتلىك ياش پەردىلەيتتى. رەھىم ئۇنى گويا ئەمانى يېتىلىگەندەك يېتىلەپ ماڭاتتى. ئۇ، تاغ لىرىدىكى بىردە سوزۇلۇپ، بىردە تۇم قاراڭغۇلۇشۇپ تۇرىدىغان كېچە زۇلمىتىدە، يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن رەھىمگە مەھكەم يېپىشىپ قىيالىقتىن پەسكە چۈشتى. ئۇلار يۇلغۇنلۇقتا يېتىپ كەلگەنلىرىدە، يول باشلىغۇچى قول چىرىغىنى يېقىپ ئۇنىڭ باللىرىنىڭ جەسىدىگە تۇتتى.

ئۇ پەرزەنتلىرىنى كۆرۈپ ئۆزىنى باشقۇرالمىدى.

ئەركىنلىك، ئازاتلىق ئۈچۈن ئىزدىنىپ، ئۆز ھاياتلىرىنى خىراجىئەت قىلغان سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىنىڭ ئەزىز جەسەتلىرىگە ئۆزىنى ئاتتى!

ئۇ زۇلمەت قاپلىغان كۆككە قاراپ نالە قىلاتتى!

ئۇ پەرزەنتلىرىنىڭ مۇزلاپ كەتكەن قوللىرىنى كۆزىگە سۈرتەتتى. بۇ ھال تىل بىلەن تەسۋىرلەپ، قەلەم بىلەن يېزىپ ئىپادىلەپ بېرەلىگۈسىز بىر ئازاپلىق مەنزىرە ئىدى. رەھىم ئۇنىڭ

بىلىكىدىن تۇتۇپ، يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. يول باشلىغۇچى قول چىرىغىنى رەھىمگە بېرىپ، ئىككى قولىنى كەڭ يېيىپ نەجىبەنىڭ جەسىدىنى كۆتەردى. كەرىم ئۇنىڭ يۇمران ۋە ئوماق قوزىسى راتەبنىڭ جەسىدىنى ئالدى. ئۇلار ئېھتىيات بىلەن تەسكەيدىن يۇقۇرىغا سۈزۈلۈپ، تەخمىنەن ئىككى يۈز قەدەمچە نېرىراقتىكى خارابىلىققا يېتىپ كېلىشتى. خارابىلىققا ئايلانغان ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆت تەرىپى كېسەك پارچىلىرى بىلەن دائىرىگە ئېلىنغان بىر ئىھاتە بولۇپ، يانمۇ يان قاتىرىسىغا بەش نەپەر شېھىت دەپنە قىلىنغان زومچەك، زومچەك قەبرە ئىزلىرى كۆزگە چېلىقاتتى. بۇ يەردە دائىم دېگۈدەك بولۇپ تۇرىدىغان ۋە بۇ ئەتراپنى ياخشى تونۇيدىغان يول باشلىغۇچى نەجىبەنىڭ جەسىدىنى يەرگە قويۇپ، خارابى ئۆيلەرنىڭ بىرىدىن بىر دانە كەتمەن، بىر گۈرجەك ئېلىپ چىقتى. كەرىم بىلەن ئىككىسى بىر ئاز تىمىسقىلاپ ئەپلىك يەر ئىزدىگەندىن كېيىن، بىر چوڭراق، بىر كىچىكرەك ئىككى يەرلىك قازدى. ئۇنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىنىڭ مۇبارەك جەسەتلىرى يەرلىككە قويۇلدى. يول باشلىغۇچى بوينىغا ئورىۋالىدىغان شارپىسىنى ئىككى پارچە قىلىپ يىرتىپ، بىر پارچىسىنى نەجىبەنىڭ ئۈستىگە، يەنە بىر پارچىسىنى راتەبنىڭ ئۈستىگە يوپۇق ئورنىدا ياپتى. ئۇنىڭ گۇناھسىز ئەمما پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلگەن شېھىت پەرزەنتلىرى ئۈستىگە دەسلەپكى تۇپراق تاشلانغىنىدا، ئۇنىڭ يۈرىكىگە پىچاق سانچىپ قوچىغاندەك ئاغرىپ كەتتى. ئۇ ھەممىنى ئۇنۇتقان ھالدا ۋاي جېنىم بالام- دەپ ۋارقىرىغىنىچە نەجىبەنىڭ يەرلىكىگە ئۆزىنى ئاتتى ۋە نەجىبەنىڭ يۈزىدىكى يوپۇقنى ئېچىپ، مۇزلاپ كەتكەن يۈزىگە قانغىچە سۆيدى! ئاندىن راتەبنىڭ يەرلىكىگە يۈزلىنىۋىدى، لېكىن ئۇلار قاتتىق قوللۇق بىلەن تارتىپ توختۇتۇپ-

ــ ئاپاڭنى مەھكەم تۇتىۋالغىن! بىزنىڭ ۋاقتىمىز كۆپ ئەمەس!ـ دېدى رەھىمگە ۋارقىراپ. ئۇلار نەجىبەنىڭ يەرلىكىنى كۆمۈپ بولغىچە رەھىم ھۆڭرەپ يىغلىغان ھالدا ئۇنى مەھكەم تۇتۇپ تۇردى. بىراق ئۇ بار كۈچىنى يىغىپ رەھىمنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ راتەبىنىڭ يەرلىكىگە ئۆزىنى ئاتتى. ئۇماق راتەب ئۆزىنىڭ بالىلارغا خاس قىلىقلىرى ۋە چۈچۈك تىللىرى بىلەن ئەزىم ئەپەندى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ كېلىۋاتقان بىردىن بىر مەنىۋى ئوزۇقى ئىدى. ئۇ راتەبنى قۇچىقىغا ئېلىپ بېشىنى سىلىدى، يۈزلىرىگە توختىماستىن سۆيدى. ئۇنىڭ كۆزىلا ئەمەس بەلكى خاراپ بولغان روھى يىغلايتتى. ئۇلار راتەبىنىڭ يەرلىكىنى كۆمۈش ئۈچۈن ئۇنى بىر تەرەپكە تارتماقچى بولىۋىدى، ئۇ ئەسەبىلەرچە ۋارقىرىدى ـ كىچىك قوزام بىلەن مېنىمۇ بىرگە كۆمۈۋېتىش! بولدى مەن ئەمدى ياشاشنى خالىمايمەن!

لېكىن ئۇنىڭ گېلى ئېچىشىپ سۆزىنىڭ ئاخىرى بوغىزىدا بۇغۇلۇپ قالدى. ئەرلەر ئۇنى يەرلىكتىن سۆرەپ ئېلىپ چىقىشتى. يول باشلىغۇچى ئۇنىڭغا مۇڭلۇق ۋە يۇمشاق سۆزلىرى بىلەن تەسەللى بېرىشكە باشلىدى. ئاڭغىچە كەرىم ناھايىتى تېزلىك بىلەن راتەبىنىڭ يەرلىكىنى كۆمۈپ ئىشنى تۈگەتتى. رەھىم قېرىنداشلىرىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ ھۆڭرەپ يىغلايتتى. كەرىم قولىدىكى گۈرجەكنى تاشلىۋېتىپ رەھىمنىڭ يەلكىسىگە قولىنى قويىدى ۋە: ئۇكام! بۇ مۇسىبەتنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى مەن بىلىمەن. بىراق ئەركىشى دېگەنگە يىغلاش ياراشمايدۇ. سەن جاسارەتلىك بىر يىگىتسەن، دائىم جاسارەتلىك بولۇشۇڭ كېرەك، بولمىسا ئائىلە كىشىلىرىڭنىڭ قاتىللىرىدىن قىساس ئالالمايسەن-دېدى ھەم تەسەللى ھەم جاسارەت بېرىپ. يول باشلىغۇچى ئۇنى قويىۋاتقاندىن كېيىن،

جىلىتكىسىنىڭ يان يانچۇقىدىن كىچىك بىر قۇرئاننى ئېلىپ، ئۈنلۈك ۋە مۇڭلۇق ئاۋازدا بىر سۈرە ئوقىدى. تىلاۋەتتىن كېيىن ئۇلار دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ ئاللاھقا ئىلتىجا قىلدى. ئۇلار پەقەتلا پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەن، بىگۇناھ بالىلىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئاشۇ بالىلارنىڭ قاتىللىرىنىڭ جازالىنىشىنى، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۇجۇم قىلغان، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى، خاتىرجەم بەختلىك تۇرمۇشىنى خاراپ قىلغان، ئۇلارنىڭ ۋەتىنىگە بېسىپ كىرىپ ئىشغال قىلغان بارلىق كوممۇنىستلارنىڭ، رۇس ئىشغالىيەتچىلىرىنىڭ يەر بىلەن يەكسان بولۇپ يوقۇلۇشىنى تىلىدى. دۇئادىن كېيىن يول باشلىغۇچى گۆرجەك بىلەن قازغۇچنى ئۆز جايىغا ئاپىرىپ قويدى.

ئۇلار ئۆڭكۈرگە قايتىپ كېلىشتى. كەرىمنىڭ ئىنغىر ئاياق ئايالى ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغان بولۇپ، كىچىك فەۋزىيە قاتبوي ئايالنىڭ قۇچىقىدا ئۇخلاپ قالغان ئىكەن.

— ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى-دېدى كەرىمنىڭ قاتبوي ئايالى پەس ئاۋازدا، ئۇنىڭ يەلكىسىدىن پەپىلىگەچ، تەسەللى بېرىپ. ئۇنىڭ تۇرغىدەك مادارى قالمىغان ئىدى، شۇڭا ئوزىنى يەرگە تاشلاپ قىيسايغىنىچە ئاچچىق ئەلەم ئىچىدە بوغۇلۇپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ گېلى ئاغرىپ ئاۋازىمۇ چىقماس بولۇپ كەتكەن ئىدى.

— مەن تۈگەشتىم! مەن تىرىك جەسەت!-دەيتتى ئۇ نالە قىلىپ.

— مۇنداق بولسۇن، مەن سىنىڭ ئۇكاڭنى كۆتۈرۈمەن. سەن ئاپاڭغا ياردەملىشىپ يۆلەپ ماڭسەن، بىز يۈرۈشنى باشلايمىز!-دېدى يول باشلىغۇچى رەھىمنىڭ قۇچىغىدىن فەۋزىيەنى ئالغاچ. رەھىم بىر قولىدا بوخچىلارنى كۆتۈرۈپ، بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ قولتۇغىدىن يۆلىدى. كەرىم ئۆزىنىڭ قاتبوي ئايالىنىڭ قولىدىن يېتىلىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار قاراڭغۇلۇقتا قاراپ يول ئېلىشتى.

ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئاستا-ئاستا كېچىنىڭ زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىغا كۆنۈكمەكتە ئىدى. ئۇلار تاغ يولىدىكى ئېغىر ئېلىشىشنى باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىنى توراپ تۇرغان قاپ قارا تاغ تىزمىلىرى گوياكى مەڭگۈ ئاخىرى كۆرۈلمەس بىر قاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە ئوخشايتتى. بەزىدە ئۇلار تىك قىياغا دۈچ كەلگەنلىرىدە تىمتاس توختىشاتتى-دە، پۇتلىرىنىڭ ئۇچىنى ئېھتىيات بىلەن بىر مەھەل مىدىرلىتىپ، ئاندىن دەسسىگۈدەك ساغلام يەرنى بايقاپ ھەرىكەتلىنەتتى. ئۇلار ئاقساقلىنىپ، تاغلارغا يامىشىپ دېگەندەك، تەخمىنەن ئىككى سائەت يول يۈرۈشتى. ئۇنىڭ ئالدىنقى كېچىدىكى سەپەردە قاپىرىپ كەتكەن پۇتلىرى ئەمدى كارامىتىنى كۆرسۈتۈشكە باشلىدى. قاپارتمىلار تېشىلىپ، پۇتى تەرلىگەنسىرى تۇز قۇيغاندەك ئېچىشقىلى تۇردى. ئۇنىڭسىزمۇ ساپما كەش تەرلەپ پۇتتا تۇرۇكرەك توختىمىغاچقا، ئۇنىڭ قەدەملىرى تېيىلىپ، ئۇ شۇ تاپتا مەسخۇشتەك دەلدەڭلەپ قالغان ئىدى. يول باشلىغۇچىمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كۆزىتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ئوغلى رەھىمنىڭ ئاقساقلاپ مېڭىشلىرىمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالدى - دە - ئوغلۇم سېنىڭ پۇتۇڭمۇ قاپىرىپ كەتتىما؟

— سورىدى ئۇ ئوغلىنىڭ غېمىنى يەپ.

— ئەلۋەتتە! قانداقراق دېمەمسەن ئاپا! بالا تەككۈر قاپارتمىلار تېشىلىپ كەتسە كېرەك، ئوتتا كۆيگەندەك ئېچىشىپ كېتىۋاتىدۇ پۇتلىرىم- ئىگىرىدى رەھىم جاۋابەن.

— سىما خېنىم، ئانا، توختاڭا! سىزنىڭ دەلدۈسلەپ مېڭىشلىرىڭىز بەكلا خەتەرلىك كۆرۈنىۋاتىدۇ! بىرەر بەختسىز لىك يۈز بېرىشتىن ئاۋال، ئۆزىمىزنى پۇختىلىۋالايلى-دېدى يول باشلىغۇچى ۋە ھەممەيلەننى توختاشقا بۇيرىدى. شۇنداق قىلىپ يول باشلىغۇچى ئالدىدا كېچىك فەۋزىيەنى رەھىمنىڭ دۈمبىسىگە

ياغلىقتا مەھكەم تاڭدى، ئاندىن بېلىگە باغلىۋالغان ئاز دېگەندە تۆت غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتىكى تانىنى يېشىپ، بىر ئۇچىنى ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسى بىلەن قوشۇپ قولتۇقماش باغلىدى. يەنە بىر ئۇچىنى ئۆزىنىڭ بېلىگە باغلاپ، ئۇنى يەنە ئالدىغا سىلىپ يولنى داۋام ئەتتى.

ئۇلار شۇ يۈرگەنلىرىچە قاتار كەتكەن تىك قىيالىقتا يېتىپ كېلىشتى. بۇ زەنجىر شەكىلدە بىر بىرىگە تۇتۇشۇپ كەتكەن قىيالىق گوياكى تەكتى يوق چۇقۇر ھاڭلاردىن كۆكلەپ چىققان ئاسما قۇزۇقتا ئوخشايتتى. ئۇلار ئەمدى ماڭىدىغان يول ئەنە شۇ تىك قىيا تاغنىڭ قاپتىلىدا بىر قەدەم كەڭلىكتىكى ئۆچكە يولى بولۇپ، سول تەرەپتە يۇقۇرىدىن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە گۈمۈرلۈپ چۈشىدىغاندەك ھەيۋە كۆرسۈتۈپ تۇرغان تىك قىيا، ئوڭ تەرەپتە ئۇلارنى دەم تارتىپ سۈمۈرۈشكە ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ياتقان قورقۇنچلۇق تەگسىز ھاڭلار!

بۇ يولنى ياخشى تونىغاچقا ئايالىنى يېتىلەپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان كەرىم توختاپ ئۇلارغا- قىيا تاغنى تۇتۇپ ئۆزەڭلارنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن ئاۋايلاپ، پەم بىلەن ئۆچكە يولغا قەدەم بېسىڭلار! ھەرگىز تۆۋەندىكى ھاڭغا قارىماڭلار-دېدى ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ. قاپتالدىكى ئۆچكە يولغا كەرىم ئالدى بىلەن ئايالىنى يۆلەپ چىقاردى ئاندىن يەلكىسىگە كىچىك فەۋزىيەنى تېڭىۋالغان رەھىمگە ياردەملەشتى. ئۇ ئارىلىقتا ئازلا بوشلۇق قالدۇرۇپ ئوغلى رەھىمگە ئەگەشتى-دە، ھەر بىر قەدەمدە دېگۈدەك، يېڭى تام ياقىلىغان كىچىك بالىدەك قىياغا يېپىشىپ، قوللىرى بىلەن سىلاشتۇرۇپ ئالغا ئىلگىرىلەيتتى . قىيالىقتىكى يوچۇقلاردا ئۇۋۋا تۇتقان يوغان بىر كېلە كېچىدىكى تېنچ-ئارامىنى ئۇلار بۇزغانلىقى ئۈچۈن تۈيۇقسىز ئۈركۈپ، گوياكى ئۇلاردىن جېنىنى قۇتقازماقچى بولغاندەك ئۇنىڭ قولىنىڭ ئۈستىدىنلا

تاتىلاپ ئۆتۈپ، قىياغا يامىشىپ يۇقۇرىغا ئۆرلىمەكچى بولىۋىدى، لېكىن ياماشقان يېرىدىن سىيرىلىپ ئۇنىڭ قولىنىڭ ئۇسگە چۈشتى. ئۇ قورقۇنچتىن قىمىرلىماي قىياغا چاپلىشىپ تۇرىۋالدى. كېلە يۇقۇرىغا ئۆرلەشكە ئىككىنچى قېتىم تىرمىشىپ يەنە ئۇنىڭ قولىنىڭ دۈمبىسىگە چۈشكەندە، ئۇ قىيانى تۇتۇپ تۇرغان يەنە بىر قولى بىلەن كېلەنى قوغلىماقچى بولۇپ ھەرىكەت قىلىۋىدى، تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن تەن مۇقىمسىزلىغى تۈپەيلى، تەرلەپ يۆل بولۇپ كەتكەن ئايىغى تېيىلىپ پۈتىدىن سىيلىنىپ كەتتى. ئۇ قىيالىقنى تۇتۇپ ئۆزىنى توختۇتۇۋالماقچى بولغىنىدا، قولى تەككەن بىر پارچە تاش قومۇرلۇپ چىقتى. ئۇ ئۆزىنى توختىتالماي بوغۇق ئاۋازدا چىرقىرىغىنىچە پەستىكى ھاڭغا چۈشۈپ كەتتى. تانىنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى ئۆزىگە باغلىۋالغان يول باشلىغۇچىمۇ بىرگە چۈشتى. ئاللاھغا شۈكرىكى، ئۇلاربەختسىز لىكتىن ئامان قالدى! يەنى ئۇلار يامغۇر سۈيى بىلەن سىيرىلىپ كېلىپ دۆۋىلىشىپ قالغان يۇمشاق قۇمنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن ئىدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنى ئوڭشىماقچى بولۇپ ھەرىكەتلەنگەن ئىدى، ئاستى بوش قۇم گۈمۈرلۈپ ئۇ يەنە پەسكە دومۇلاپ كەتتى. تانىنىڭ يەنە بىر ئۇچىغا باغلاقلىق يول باشلىغۇچىمۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ بولالماستىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ دومۇلىماقتا ئىدى. بىر مۆجىزە كەبى! كىچىك-كىنە بىر چۇقۇرچاق ئۇلارنىڭ تەگسىز ھاڭغا چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ جەينەكلىرى، مۈرىلىرى بىر ئاز سۈرۈلۈپ كەتكەندىن باشقا ھېچقانداق ئېغىرمۇ يارلانمىدى. كەرىم قىيا تاغقا يامىشىپ پەسكە چۈشۈشكە ئالدىرايتتى.

ــ ئاپا! جېنىم ئاپا! سەن ھاياتمۇ، گەپ قىلغىنە-دەيتتى رەھىم يۇقۇرىدا ۋارقىراپ.

ــ ھە ئە، ئوغلۇم، مەن ھايات. قورقما-دېدى ئۇ جاۋابەن رەھىمنى خاتىرجەملەندۈرۈپ. كەرىم بىلەن يول باشلىغۇچى ئۇنى

سۆرەشتۈرۈپ دېگەندەك يۇقۇرىغا ئېلىپ چىقىشتى. يۇقۇرىغا چىقىپ يوغان بىر تاشقا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ بىر ئاز نەپەسلىنىۋالغاندىن كېيىن، پۇتلىرىنىڭ قاپىرىپ كەتكەنلىكى، قاپاتمىلارنىڭ سويۇلۇپ ھەم ئاياق تەرلەپ دېگەندەك، پۇتى ئاياقتا مۇستەھكەم تۇرمىغاچقا تېيىلىپ پەسكە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلدى ئۇ، يول باشلىغۇچىغا چۈشەندۈرۈپ.

ـ ئاياقنى بېرىڭا، مەن بىر قاراپ باقاي، پۇتىڭىزنىڭ قانداق يېرىنى قاپارتىۋەتتىكىن ـ دېدى يول باشلىغۇچى.

ـ بارماق پۇتلىرىمىزنىڭ ئۈستى ـ دېدى ئۇ، رەھىممۇ ھەر ئىككىلىسى تەڭلا جاۋاپ بەرگەچ ئاياقلىرىنى ئۇزارتىپ.

ـ سىلەر شەھەردە ياشىغان، ئەقىلىلىق كىشىلەرغۇ. نېمىشكە كەرىمنىڭ ئايالىنىڭكىدەك چورۇقنىڭ غېمىنى قىلمىدىڭلار ـ دېدى يول باشلىغۇچى ئۇلاردىن قاتتىق ئاغرىنىپ ھەمدە يانچۇغىدىن بىر قەلەمتۇراچنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئايىغىنىڭ يېنىدىن بىر قانچە تۆشۈك ئېچىپ ئاندىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بەردى.

ئۇلار يەنە تاغ يۇرىشىنى داۋام قىلدى. قاتتىق ھارغىنلىقتىن ئۇنىڭ نەپىسى نەپەسكە يېتىشمەي ھۇمۇدەيتتى. ئۇنىڭ ئاياق غاجىلاپ تېرىلىرى سويۇلۇپ كەتكەن پۇتلىرى، سۇرۇلۇپ كەتكەن جەينەكلىرى تۇز قۇيغاندەك ئېچىشىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلگەنلىكتىن، ئۇنىڭ كىيىملىرى بەدەنلىرىگە چاپلىشىپ يۇرۇشىنى قىيىنلاشتۇراتتى. باشقىلارنىڭ ھالىمۇ ئۇنىڭكىدىن ياخشى ئەمەسلىكى كۆرۈلۈپ تۇراتتى. بولۇپمۇ كەرىمنىڭ قاتبوي ئايالى ئەڭ قىيىن ھالدا. سەككىز ئايلىق ھامىلىسى بىلەن بۇ ئايالنىڭ يۈكى ھەممىسىنىڭكىدىن ئېغىر ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئېغىر ئاياق ئايالنىڭ ھالىغا يار ـ يۆلەكتە بولۇش ئۈچۈن ئالدىنقى كېچىگە قارىغاندا بۇگۈن پات ـ پاتلا ھاردۇق ئېلىپ، سالقىن ھاۋادا

ئۆزلىرىنى سەگىدىتەتتى. ئاخىرى ئۇلار چۇمۇلە مىڭىشلىرى بىلەن ئېگىز تاغدىن ھالقىدى. تاغنىڭ ئارقا تەرىپى يۇرۇشكە ئاسان، نەپەسلىنىشكىمۇ يېنىك ئىدى. ئۇلار بىر ئاز ئۇزۇنىراق دەم ئېلىش ئۈچۈن ئولتۇرۇشتى. يول باشلىغۇچى ئۇلارغا بىر نەرسە يېۋېلىشنى، شۇنىڭ بىلەن بۇندىن كېيىنكى يۇرۇشلىرى ئۈچۈن بىر ئاز بولسىمۇ ماغدۇرلىنىشلىرىنى تەۋسىيە قىلىپ، كىچىككىنە بىر توغرامدىن نان ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. چۈنكى ئۇلار ئون بەش سائەتتىن ئارتۇق ئاغىزلىرىغا ھېچنەرسە سېلىشمىغان ئىدى. بىر توغرام قاتتىق نان بوغۇزلىرىدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار پاكىستان چېگراسى تەرەپكە يېقىنلىشىۋېلىش ئۈچۈن تاغ ئارقىسىنى بويلاپ يەنە ھەرىكەتلىنىشتى.

بۇلۇتسىز كۆك ئاسماننىڭ ئاستا- ئاستا سۈزۈلۈشكە ئەگىشىپ، يۇلتۇزلار گۇنسىزلىششكە، بەزىدە غايىپ بولۇشقا باشلىدى. بارا - بارا تاڭ شەپەقلىرى ئۇپۇققا كۆتۈرىلىۋىدى، يول باشلىغۇچى ئۇلارغا بۇرۇلۇپ:

قېرىنداشلىرىم! بىز پاكىستان چېگراسىدىن ئانچە بەك يىراقتا ئەمەس لېكىن پۈتۈنلەي تاڭ سۈزۈلۈپ كېتىشتىن ئاۋال ھەمدە دۈشمەن ئائىرپىلانلىرى كۆككە كۆتۈرلۈپ بىزنى بومباردىمان قىلىشتىن ئىلگىرى يېقىن ئەتراپتىكى مۇجاھىدلارنىڭ ئىستىھكام بارىگالىرىغا يېتىشىۋېلىشىمىز كېرەك! كەچ كىرگىچە مۇجاھىدلارنىڭ ئۆڭكۈرلىرىگە يوشۇرنۇپ، كېچىدە يولنى داۋام ئېتىمىز. تەبىكى بىز ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىمى مۇجاھىدلاردىن يىگۈدەك نان ھەل قىلىۋېلىشىمىز لازىم. قېرىنداشلىرىم! شۇڭا سىلەردىن ئۆتۈنۈمەنكى يەنە بىر ئاز غەيرەتلىنىپ يۇرۇشىمىزنى تېزلىتەيلى!- دېدى ھەم يالۋەرگەندەك ھەم بۇيرۇق ئارلىشىپ كەتكەن بىر ئاھاڭدا. لېكىن يول ئازابىدا پۈتۈنلەي دېگۈدەك تۈگۈشۈپ كەتكەنلىكتىن يول باشلىغۇچىنىڭ ئۆتۈنۈشلىرىگە،

ھەيدەكچىلىكىگە ھېچبىرى بىر ئېغىزمۇ جاۋاپ قايتۇرماستىن، خۇددى پادىچىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشكەن پاخلانلاردەك ئۈنسىز يۈرۈشەتتى. تاڭ بارغانسېرى يورىماقتا. قارشى تەرەپتىكى تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئارقىسىدىن ھەشەمەت بىلەن ئۈپۈقتا كۆتۈرۈلىۋاتقان قۇياش كۆزى يەتكەنلا يەرگە ئاتەش ئېچىۋاتقاندەك غەزەپلىك ئىدى. ھاۋامۇ قىزىپ بارماقتا.

ــ بېشىمىزغا بومبا يېغىشتىن بۇرۇن قەدىمىڭلارنى يەنە بىر ئاز تېزلىتىڭلار!ـ ۋارقىرايتتى يول باشلىغۇچى ئۇلارنىڭ مېڭىشلىرىنىڭ بارغانسېرى ئاستىلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىغىنىدا، سەۋرسىزلىك بىلەن خاپا بولۇپ. ئۇلار ئالتە سائەتتىن ئارتۇق يول ئۈستىدە بولغانلىقلىرى، يول يۈرگەندىمۇ تاغ ۋە قىيالىقلاردا يۈرگەنلىكلىرى ئۈچۈن مادارى ئاخىرلاشقاندەك قىلاتتى. بىراق يول باشلىغۇچىنىڭ توختىماستىن ھەيدەكچىلىك قىلىشى ئۇلارنى ھەرىكەتلەندۈرەتتى ۋە ئۇلۇم قورقۇنچىسىدىن ئۇلارنىڭ مادارسىز ۋۇجۇتلىرىغا يېڭىدىن كۈچ بېغىشلايتتى. ئۇلار بەدەنلىرىدىكى ھارغىنلىقنىڭ بېسىمى ئاستىدا، يېغىر بولۇپ كەتكەن پۇتلىرىنىڭ ئاچچىق كۆيدۈرۈش ئازاۋىدا يەنە يۈرۈشلىرىنى داۋام ئەتتۈرەتتى.

ئۇنى قاتبوي ئايالىنىڭ غەيرىتى ھەيران قالدۇراتتى! يۈزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان مۇنچاق-مۇنچاق تەر دانچىلىرى، پوڭزەكتەك يوغان كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ھامىلىسى، ئېغىر ھارغىنلىق،يولدۇشىنىڭ بىلىكىگە مەھكەم ئېسىلىپ، قەدەملىرىنى خۇددى پۇتىغا ئۇق تېگىپ يارىلانغان كېيىكتەك سۆرەپ يۆتكەشلىرى، ھالسىراپ-ھۆمۈدەپ قالغان بولسىمۇ يەنىلا يولدۇشىنىڭ يېنىدا جەسۇر يۈرۈشلىرى ھەقىقەتەن تەسىرلىك ئىدى. ئۇنى ئېغىر ئاياق ئايالىنىڭ ھالى راستىنلا ئېچىندۇراتتى ۋە بۇ ئايالىنىڭ ھاياتىغا، قورسىغىدىكى گۇناھسىز ھامىلىسىگە كۆڭلىدە دۇئا قىلاتتى.

ئۇلار ئاخىرى ئىككى تىك قىيا تاغ ئارىسىدىكى تار جىراغا يېتىپ كېلىشتى.

ــ ئاللاھقا شۈكرى! بىز يېتىپ كەلدۇق، مۇشۇ جىرادىن تۆۋەنگە قاراپ ھەم دېققەت بىلەن ھەم ناھايىتى ئاستا چۈشۈڭلار-دېدى يول باشلىغۇچى. ئۇلار شاتلىقتىن ئۆز كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەيتتى. ئۇلارنىڭ تەر مۇنچاق باسقان يۈزلىرىدىكى ھارغىنلىقنىڭ ئورنىغا شاتلىق ئالماشتى.

ــ مۇجاھىدلار قەيەرگە مۆكۈنىۋالغاندۇر؟- سورايتتى رەھىم قىزىقىپ.

ــ ئاۋۇ پەستە! ھازىرلا ئۇلارنى كۆرىسەن- دېدى يول باشلىغۇچى قول ئىشارىتى بىلەن تەسكەينى كۆرسۈتۈپ. ئۇلار يول باشلىغۇچى قول سوزۇپ كۆرسەتكەن تەرەپكە سىنچىلاپ قارايتتى لېكىن پەستە تاغ، ئېدىرلىق ۋە ياۋا دەرەخلەردىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار تىك قىيا ئوتتۇرىسىدىكى چىغىر يول بىلەن تۆۋەنگە قاراپ يول ئېلىشتى. ئۇلار پەسكە چۈشۈپ، تاغ ئېتىكىدە دەسسەپ تۇرالىغۇدەك يەرگە يېتىشكەندە، جەنۇپ تەرەپتىكى يان پەللىدە تاشلىقتىن تاراقلىغان سادا كېلىپ، ئادەم بويى ئېگىزلىكتىكى شاخ-شۇمبا بىلەن ياسالغان قوشام بىر تەرەپكە سۈرۈلۈپ، قاراڭغۇ ئۆڭكۈردىن ئىككى نەپەر مۇجاھىد چىقىپ كېلىشتى ۋە :

ــ ئۆلگۈدەك ھېرىپ كەتكەنسىلەر؟ ئىككى كۈن ئاۋال پەسكەش ئىشتلار بىزگە قارشى دەھشەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى، چارلاش ۋە ھۇجۇم قىلىش ئۆتۈپ كەتكىچە يەنە بىر قانچە كۈن شەھەردە كۈتۈپ تۇرالمايتتىڭلارمۇ؟- دېدى ئۇلاردىن بىرى يول باشلىغۇچىغا ئاچچىقلاپ.

ــ ياق، ئەپسۇس. بىز خەۋەردار بولغىنىمىزدا كېچىككەن ئىكەنمىز، ھەممىسى يولغا چىقىپ بولغانىكەن-دېدى يول باشلىغۇچى جاۋابەن.

ــ ياخشى، ئۇنداقتا بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرماي، ئاۋۇ قىيادىكى سول ئۆڭكۈرگە كىرىپ قاراڭغۇ چۈشكىچە يوشۇرنۇپ تۇرۇڭلار. ئۇندىن باشقا دەيدىغىنىم: ـ بىرەر ئەھۋال يۈز بەرگۈدەك بولسا ئۆڭكۈردە قاچىدىغان ئىككى يول بار، يەنە ئۆتۈنۈمەنكى بومبىلارغا، قوراللارغا قول تەككۈزمەڭلار! ھە، قېرىنداشلار سىلەرگە نېمە كېرەك؟ـ دېدى قارىماققا كوماندىردەك كۆرۈنىدىغان بىرى.

ــ شۇنداق، بىزگە بىر ئاز نان ۋە سۇ جىددى لازىم ـ دېدى يول باشلىغۇچى جاۋابەن.

ــ ياخشى. سىلەر ئۆزەڭلارنى ئورۇنلاشتۇرۇڭلار! مەن سىلەرگە سۇ ۋە نان يەتكۈزۈپ بېرىمەن ـ دېدى كوماندىر ۋە ئارقىغا بۇرۇلۇپ ياندىكى ئۆڭكۈرگە كىرىپ كەتتى. ئۇلار كۆرسىتىلگەن قىياغا قاراپ مېڭىشتى. كەرىم بىلەن يول باشلىغۇچى مەخپى ئۆڭكۈرنى تونۇيتتى. شۇڭا ئۇلار تەمتىرىمەيلا ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا تۇۋاقلاپ قويۇلغان قېلىن تاشنى كۆچەپ بىر ياققا ئىتتىرىپ ئۆڭكۈرنى ئاچتى. ئۇ ئوغلى رەھىمنىڭ يەلكىسىگە ياغلىق بىلەن تېڭىپ قويۇلغان سەبى قىزىنى يىشىپ ئالدى. ئاندىن ئۇلار ئىككى پۈكلىنىپ دېگەندەك ئىڭىشىپ، بىر بىرلەپ ئۆڭكۈرگە كىرىشتى. بۇ ئۆڭكۈر پەم ــ پاراسەت ۋە تاكتىكا بىلەن ياسالغانلىقى ئېنىق ئىدى. كىشى بۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئۈستىنى ئوراپ تۇرغان شالاڭ ئورمانىنىڭ ئارىسىدىن ئاسماننى كۆرەلەيتتى ۋە ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنىش ئۈچۈن يۇقۇرىغا چىقالايتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى سوغۇق يەرگە ئېتىشتى ھەم قانغىچە نەپەس ئېلىشتى. يول باشلىغۇچىنىڭ يول بويى چېچىلىپ قايىنىشى ۋە ئەندىشىلىنىشى ھەقلىق بولسا كېرەك، ئۇلار ئۆڭكۈرگە يوشۇرنۇپ تېخى ئون مىنۇتمۇ ئۆتمەي تۇرۇپ ئاسماندا رۇسلارنىڭ ئۇرۇش ئائىرپىلانلىرى پەيدا بولدى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئون بەش ياشلاردىكى بىر ۋىجىك مۇجاھىد، ئالاقزادىلىكتىن يۈزلىرى تاتارغان ھالدا، كىچىك پىلاستىك

چەينەك ۋە بىر داستىخاندا نان كۆتۈرۈپ ئۈڭكۈرگە كىرىپ كەلدى.
ـ يىگىت! ئۈمىت قىلىمەنكى، سىنى دۈشمەنلەر كۆرمىگەندۇر! ـ دېدى يول باشلىغۇچى ئەندىشىلىنىپ.
ـ ياق، ئىشىنىمەنكى ياق! ئۇلار بەكلا يىراقتا ئۇچىۋاتىدۇ. ئۇ يەرلەردىن بۇ جىلغىنى كۆرەلمەيدۇ ـ دېدى بالا مۇجاھىد جاۋاپ بېرىپ.
ـ پاكىستاندا قانداق يېڭىلىقلار بار؟ ـ سورىدى كەرىم ياغلىقنى ئېچىپ ناننى ئېلىۋاتقان بالا مۇجاھىتتىن.
ـ پەقەت كۆڭۈلسىزلىك. بىزنىڭكىلەردىن بىر گۇرۇپ كىشىلەر تۆنۈگۈن ئۆزلىرىگە لازىملىق نەرسە ـ كېرەكلەرنى يۆتكەپ كېلىۋاتقاندا، ئارقىدىكى تاغ ئېتىكىدە، مۇشۇ يەرگە شۇنچىلىك يېقىن قالغاندا خۇداسىز كاپىرلار هاۋادىن ئوققا تۇتتى ـ دېدى بالا مۇجاھىد كەرىمگە جاۋاپ بېرىپ.
ـ قانچە كىشىلەر ئىدى؟ ـ سورىدى كەرىم كۆپچىلىككە كىچىك بىر توغرامدىن نان ئۈلەشتۈرۈپ بېرىۋېتىپ.
ـ سەككىز كىشى.
ـ ئۇلاردىن بىرەرسىمۇ هايات قالمىدىمۇ؟ ـ سورىدى يول باشلىغۇچى جىددىيلىشىپ.
ـ ياق، ئۇلاردىن هېچبىرى. ئۇلار ئېهتىمال تۇيۇقسىز هۇجۇمغا دۇچ كەلگەن بولسا كېرەك. بىز تۆنۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئۇرۇش ئائىرپىلانىنىڭ ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتكىنىنى كۆردۇق. شۇنىڭدىن بىر ئازلا كېيىن رەھىمسىزلەرچە ياغدۇرۇلغان ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق. كەچ قۇرۇن ئىز بېقىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى تېپىپ شۇ يەرگىلا دەپنە قىلدۇق.
ـ ئۇلارنىڭ يېنىدا نىمىلەر باركەن ـ سورىدى يول باشلىغۇچى تولۇق بىلمەكچى بولۇپ.
ـ قورال ۋە ئۇن قاچىلانغان تاغار. ئىككى تاغار ساق قالغان

ئىكەن بىز ئىلىپ كەلدۇق.

— بۇ ئەھۋاللارنى پاكىستاندىكى مەركەزگە خەۋەر قىلدىڭلارمۇ؟

— ھە ئە، بىز بىر يىگىتنى پاكىستانغا ماڭدۇردۇق.

— تاغنىڭ ئۇ يېقىدىكى ۋەزىيەت قانداق؟ ئۇيەردە يېتەرلىك ئادەم بارمۇ؟ - سورىدى يول باشلىغۇچى ھەربىر كىچىك تەپسىلاتلارغىچە تىرىكمەستىن ھەمدە قاتتىق نانىنى كوروسلىتىپ چاينىغاچ.

— قارشى تەرەپتە ئىككىلا ئادەم بار. ئۇلار تۈنۈگۈن كۆپ تىرىشچان ـلىق كۆرسەتتى. تۈنۈگۈن كەچكە يېقىن دۈشمەنلەرنىڭ ئۈچ دانە ئۇرۇش ئائىرپىلانىدىن بىرنى سوقۇپ چۈشۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭغا جاۋا ـ بەن پەسكەش ئىتنىڭ بالىلىرى پۈتۈن تاغ ئېتەكلىرىنى يۇقۇرىدىن پەسكىچە بومباردىمان قىلىشتى، بەختتكە يارىشا دۈشمەنلەر ھېلىقى ئىككى كىشىلىرىمىز بېكىنىۋالغان ئىستىھكامنى قارىغا ئالالماپتۇ- چۈشەندۈردى بالا مۇجاھىد تەپسىلى. ئۇلار سۆھبەتلىشىۋاتقان شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدىلا ئۇرۇش ئائىرپىلانىغا ئەگىشىپ، يەر جاھاننى زىلزىلىگە سالغان بومبا ئاۋازلىرى تاغ- ۋادىلارنى قاپلىدى. يول باشلىغۇچى سۇئال-سوراقلىرىنى تۈگىتىپ، ئۆمۈلەپ بېرىپ ئائىرپىلان سوقۇدىغان قورالنى ئالدى- دە، تەكشۈرۈپ بەتلەشكە تۇتۇندى. بالا مۇجاھىد رەھمگە يېقىنلاپ كېلىپ سورىدى- قاياقلاردىن كېلىۋاتىسىلەر بۇ يەرگە؟

— كابۇلدىن-دېدى رەھىم بوش ئاۋازدا. چۈنكى قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكتىن سۆھبەتلەشكۈدەك ھالىمۇ قالمىغان ئىدى.

— داداڭ مۇجاھىدلارنىڭ يېنىدىمۇ؟

— ياق. دادام مۇجاھىدلارنىڭ ئارىسىدا بولۇشنى بەك ئارزۇ قىلاتتى. بىراق ئۇ ھەربى ئوفىتسىر ئىدى. دادامنى مەخپى ئەترەت- خ ئا د ئۆلتۈرۈۋەتتى-دېدى رەھىم مەيۇس ھالدا جاۋاپ قايتۇرۇپ.

— بۇ مېنىمۇ ئازاپلىدى. پاكىستانغا قاچىدىغان كۆپۈنچە ئائىلىلەرنىڭ ئەر كىشىلىرى مۇجاھىدلارنىڭ ئارىسىدا بولۇدىكەن.

مەن سىلەرنىمۇ شۇنداق ئويلاپتىمەن. سىلەر پاكىستاندا تۇرۇپ قالامسىلەر ياكى باشقا بىر ئەللەرگە كەتمەكچىمۇ؟- سورىدى سۆز ئارىلاپ، ئۇزۇندىن بېرى سۆھبەتلەشكۈدەك ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىرىنى تاپالمىغان بالا مۇجاھىد. رەھىم ئاخىرقى بىر چىشلەم نېنىنى چايناپ بوغۇزىدىن تۆۋەنگە ماڭدۇرىۋېتىپ بىر يۇتۇم سۇ ئىچتى، ئاندىن جاۋاپ بەردى: ياق، بىز سەپەرنى يەنە داۋاملاشتۇرمايمىز. بىز پاكىستاندا تۇرىمىز. مەن مۇجاھىدلارغا قېتىلماقچىمەن.

- ياخشى، بەك ياخشى. ئۇنداقتا مۇشۇ يەرگە كېلىشنى تەلەپ قىلغىن! بۇ يەر بولسا بېخەتەر جاي ھەم بۇ يەردىكى مۇجاھىدلار دوستانە كىشىلەر. ئۇندىن باشقا بۇ يەردە بولساڭ پاكىستان چېگراسىغا يېقىن. ئائىلەڭنى ھەم تېز ھەم پات - پاتلا يوخلاپ تۇرالايسەن- دېدى بالا مۇجاھىد رەھىمنى قىزىقتۇرۇپ.

- ھە ئە، بەلكى مۇشۇ يەرگە كېلىشىم مۇمكىن. مېنى مۇشۇ يەرگە تەخسىم قىلىشى ئۈچۈن پېشاۋۇردىكى مۇجاھىدلار ئىشخانىسىغا ئىلتىماس قىلىمەن.

- رەھىم! بۇ ئادەمگە ئېيت، ھازىرلا. بۇ دېگەن مۇجاھىدلار ئارىسىدا نوپۇزلۇق ئادەم-دېدى بالا مۇجاھىد باش ئىشارىتى بىلەن يول باشلىغۇچىنى كۆرسىتىپ.

# ئون ئالتىنچى باپ
## قىيامەت مەيدانىدا

ئۇ يىگىتلەرنىڭ پەس ئاۋازدا مۇڭدىشىۋاتقان سۆھبەتلىرىگە قۇلاق سالاتتى. بالا مۇجاھىدنىڭ سۆزلىرىدىن قارىغاندا كۆپلىگەن

چوڭ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆزى يالغۇز ياشىغان بولغاچقا بالىلىقىدىن ھېچ بىر ئەسەرمۇ كۆرۈنمەيتتى. ھېچ بولمىغاندا ئۆزى بىلەن تەڭ قۇرداش بىر سەبدىشىنىڭ يوقلىقىدىن ئۆكۈنەتتى. شۇنداق بىرى بولغاندا بۇ تاشلاندۇق ئۆگەكۈردىكى يالغۇزلۇق دەردىنى تەڭ تارتىشاتتى ۋە چوڭلاردەك بۇيرۇقۋازلىق قىلمايتتى. شۇمۇ ئېنىقكى بۇنداق تەقدىر يالغۇزلا مۇشۇ بالا مۇجاھىدنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن كۈن ئەمەس بەلكى يەنە نۇرغۇنلىغان ئۆگەكۈرلەردە، يەنە كۆپلىگەن ئىستىھكاملاردا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا كۈرەش قىلىۋاتقان مىڭلىغان بالا مۇجاھىدلار يوق ئەمەس.

ئۇ ئوغلى رەھىم بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقان بالا مۇجاھىد ئۈستىدە ئويلانغاچ، ھازىرلا ئۇنىڭ قۇچىقىدائۇيقىسىدىن كۆز ئاچقان قوزىسى ئۇچۇن سۈت تەڭشەپ ئەمدۈرۈشكە باشلىدى. گەرچە ئۇ ئۆزى يىگىرمە سائەتتىن ئارتۇق يول ئۈستىدە كىچىككىنە بىر توغرام قاتتىق ناندىن باشقا ھېچ نەرسە يېمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بوغۇزىدىن سۈدىن باشقىسى ئۆتمەيتتى. ئۇ ئۆزىگە تەقسىملەپ بېرىلگەن ناننى ئوغلىغا بەردى. ئېچىرقاپ كەتكەن رەھىم ئۇ بەرگەن لوقمىنى ئاغزىغا سېلىپ، بىرلا يالماپ يۇتۇۋەتتى. ئېغىر ئاياق چوكان نېنىنى يەپ بولۇپ ئۇسۇزلۇق قىستىدى بولغاي، چوگۇننى كۆتۈرۈپلا بىر قانچە يۇتۇم سۇ ئىچكەندىن كېيىن، خۇددى چوگۇن قېچىپ كېتىدىغاندەك يېنىغا مەھكەم بېسىپ، ئۆگەكۈرنىڭ تېمىغا يۆلەنگىنىچە كۆزىنى يېرىم ئېچىپ ئەتراپقا ھالسىز قاراشقا باشلىدى ۋە چىرايدىكى ئۆزگۈرۈشلەر كىشىنى ئەندىشىگە سالاتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا تولغاق يېقىنلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئېغىر ئاياق چوكاننىڭ مۆرىسىگە قولىنى قويۇپ يېنىك پەپىلىگەچ ئەھۋال سورىغان ئىدى- ياخشى، ھەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتىدۇ-دەپ جاۋاپ بەرگەن بولسىمۇ، تەبەسسۇم كۆرسۈتۈشكە ئىنتىلگەن زىناقلىرىدىن قىينىلىۋاتقانلىقىنىڭ

ئالامەتلىرى بىلىنىپ تۇراتتى . بىراق يەنىلا جاسارەت كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى.

ــ سىڭلىم، سېنىڭ پاكىستانغا يېتىپ بارغىچە بەرداشلىق بېرىشىڭنى ئاللاھتىن تىلەيمەن ـ دېدى ئۇ تەسەللىي بېرىپ.

ــ ئەلۋەتتە، بەرداشلىق بېرەلەيمەن ـ دېدى قاتبوي ئايال جاۋابەن، يۈزىگە مەجبۇرى كۈلكە يۈگۈرتۈپ. بىراق ئېغىر قىينىلىۋاتقانلىقىنى يوشۇرالماتتى.

ــ شۇنداق. كەچكىچە ياخشى ھاردۇق ئېلىپ ئۆزەڭگە كېلىۋالساڭ، چوقۇم پاكىستانغا يېتىپ بارغىچە بىرەر ئەھۋال يۈز بەرمەيدۇ ـ دېدى ئۇ ئۆزى تازا ئىشەنچ قىلالمىغان بولسىمۇ، پەقەت تېنچلاندۇرۇش مەقسىتىدە. ئېغىرئاياق چوكان ئۆڭكۈرنىڭ مۇزدەك تېمىغا يۆلىنىپ تېرەجەپ «شۇنداق» دېگەندەك باش لىڭشىتتى لېكىن تەنلىرى ھارغىنلىقتىن ئۆلۈكنىڭ سىنىدا ئىدى. دەل شۇ پەيتتە يول باشلىغۇچى ۋارقىرىدى:

يىگىت بۇ ياققا كەل، باشقىلارغا قاراپ باقايلى!

بالا مۇجاھىد ئۆزىنى ئوڭشاپ سىرتقا تەمشىلىۋىدى، كۈرەشچى تىك ئۇچارنىڭ گۈرۈلدەشلىرى ھەر ئىككىسىنى سىرتقا چىقىش نىيىتىدىن ياندۇردى. ئۆزى ئويغاق بولسىمۇ ھالسىزلىقتىن روھى ئۇخلاپ قالغان ئېغىر ئاياق چوكان قاتتىق قورقۇنچ ئىچىدە چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ۋە يەر جاھاننى تىترىتىپ دەھشەتلىك گۈلدۈرلەۋاتقان تىك ئۇچارغا قۇلاق سالدى. بۇ قېتىم رەھىمسىز ئالۋاستى قىرغۇنچى قوراللىرىنى بەتلەپ ئىنتايىن پەس ئۇچۇپ، ئۆلۈم بىلەن تەھدىت سالماقتا ئىدى. ھاۋادىن چارلاشمۇ ئۇلار تەخمىن قىلغاندىن بەكلا ئۇزۇن ھەم ئۇلار مۆكۈنگەن ئۆڭكۈرنىڭ ئۈستىدە دېگۈدەكلا بولۇۋاتاتتى. ئۇلار سۈكۈتكە چۆمۈلدى. ئۇلار قورقۇنچ، ئۈمىتسىزلىك تېشىغا تەپچىرەپ تۇرغان چېھرىلىرى بىلەن بىر ـ بىرىگە شۇلا تەرىقىسىدە قارىشاتتى. ھەر بىر دەقىقە

تېخىمۇ يامان، تېخىمۇ قورقۇنچلۇق! « ھايات قالالايمىزمۇ ياكى ئاخىرقى سائەتلىرىمىز يېتىپ كەلگەنمىدۇر؟ »

يول باشلىغۇچى ئۆڭكۈرنىڭ يورۇقلىرىدىن مارلاپ سىرىتنى كۆزەتتى ۋە:

لەنتي ئىتنىڭ بالىلىرى قانداقتۇر بىزنىڭ ھىدىمىزنى ئالغان بولسا كېرەك! بىزنى بەشىنجى قېتىم قورشاۋغا ئالدى- دېدى-دە بىر ھازا بالا مۇجاھىدقا ھومۇيۇپ قارىغاندىن كېيىن سورىدى:

ئۇلارنىڭ سېنى كۆرمىگەنلىكىگە جەزىم قىلالامسەن؟

– ھە ئە، مەن جەزىم قىلىمەن. چۈنكى مەن شۇنداق تېز يۈگۈرگەن ئىدىم. ئۇندىن باشقا ئاسمانغا قاراپ، ھاۋانى كۈزەتتىم. ئۇلار جەنۇپ تەرەپتە تولىمۇ يىراقتا ئۇچۇپ يۈرەتتى-دېدى بالا مۇجاھىد قورقۇنچ ئىچىدە جاۋاپ بېرىپ. شۇ ئارىدا تىك ئۇچارنىڭ چاق پەلىگىدىن كېلىدىغان گۈرۈلدىمە پەسلەپ قالدى. قارىغاندا ھاۋا مۇھاسىرىسىنى بوشىتىپ چېكىنگەندەك قىلاتتى. ئەتراپ بارا-بارا تېنجىپ، ئاخىر دېگەندە تولۇق چېكىندى بولغاي يەر-جاھان تىمتاس بولۇپ قېلىۋدى، ئۇلار بىر ئاز خاتىرجەملىنىپ چوڭقۇر نەپەسلىنىۋېلىشتى. يول باشلىغۇچى بالا مۇجاھىدنى چاقىرىپ:

– بىز ئاۋۇلارنىڭ يېنىغا دەررو بېرىپ باقايلى. داستىخان چېۋىنىدەك بېشىمىزدا ئايلىنىپ يۈرگەن ئالۋاستىلار توغرىسىدا نىمىلەرنى دەيدىكىن-دېدى ھەم كالاشنىكوپنى ئېلىپ بالا مۇجاھىد بىلەن سىرىتقا ئالدىراش چىقىپ كەتتى.

بىر قانچە مىنۇت تىمتاس ئۆتۈپ كەتتى. مەلئۇن ئالۋاستىلارنىڭ ئۇلارنى سەزمىگەنلىكىنى جەزىم قىلىپ ئۇلار ئۆڭكۈر ئىچىدە يېنىكلەپ قېلىشتى ھەم خاتىرجەملىنىشكە باشلىدى. بىراق ئۇلارنىڭ تېنچ-ئارامى ئۇزۇنغا بارمىدى. يەر-جاھاننى شۇنداق دەھشەتلىك تىترىتىپ ئۇچار بومبا ئۇلار

ئۇستىدىنلا ئۆتۈپ كەتتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي يول باشلىغۇچى، بالا مۇجاھىد بىلەن يەنە بىر مۇجاھىدنى بىرگە ئېلىپ قايتىپ كىردى ۋە:

قېرىنداشلار! كۆرۈلۈپ تۇرغىنىغا ئوخشاش پەرەز قىلىمىزكى، دۈشمەنلەرنىڭ بۇ تەۋەلىككە قارىتا بىرەر شۇم پىلانى باردەك قىلىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ ھەر ئېھتىمالغا قارشى تەييارلىغىمىز بولۇشى كېرەك. بۇ ئۆڭكۈردە قورال، مىنامىيوت، تۈرلۈك پارتىلاتقۇچ دورىلار بار. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر بۇ يەردىن يىراقراق تۇرۇشۇڭلار ياخشى. ھەممەڭلار دەرھال يەنە بىر ئۆڭكۈرگە يۆتكىلىڭلار. ئۇ ئۆڭكۈر بۇ يەردىن يېرىم چاقىرىمچە يىراقتا. كەرىم يولنى ياخشى بىلىدۇ. ماۋۇ يىگىت مۇجاھىد سىلەرگە ياردەملىشىدۇ. قاراقچىلار كۆكتە پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن جاننى قۇتقۇزۇشقا ئالدىراڭلار! ـدېدى بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا. ئۇلار قورقۇمسىرىغان ھالدا يول باشلىغۇچىنىڭ ئەمرىگە باش ئىشارىتى بىلەن ماقۇللۇقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ئۇنىڭ ئوغلى رەھىم بوخچىلارنى كۆتەردى. ئۇ ئۆزى كىچىك قوزىسى فەۋزىيەنى ئالدى. كەرىم ئايالىنىڭ قولتۇغىدىن يۆلىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى ئەگىشىپ ئۆڭكۈردىن ئوچۇقچۇلۇققا چىقىشتى ۋە تاغ ئېتىگىنى بويلاپ سوزۇلغان چىغىر يولغا كىرىشتى. بالا مۇجاھىد بىر قولىدا سۇ بار چوگۈننى كۆتۈرۈپ، يەلكىسىگە كالاشنىكوپنى ئارتىپ ھەممىنىڭ ئالدىدا يوغان چامداپ ماڭاتتى. بالا مۇجاھىدنىڭ ئارقىسىدىن كەرىم ئايالىنى يۆلەپ ماڭاتتى. كەرىملەرنىڭ ئارقىسىدىن رەھىم مەھكەم چېگىلگەن بوخچىلارنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بىر قانچە قەدەم كېيىنرەكتە ئۇ قىزىنى كۆتۈرۈپ دەلدۈسلەپ ماڭماقتا. چىغىر يول دېمەكلىك بىلەن شۇنچىلىك خەتەركى، سول تەرەپتە پېلەككە تاقاشقان ۋە ھازىرلا گۈمۈرلۈپ چۈشكىلى تەمشىلىۋاتقان

ھەيۋەتلىك قىيا تاغ، ئوڭ ياقتا ھۆرۈن تەلەت چوڭقۇر ھاڭ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ياتماقتا. ئويلانماي، دىققەتسىزلىك بىلەن باسقان ھەربىر قەدەمنىڭ قىممىتى جانغا توختايدىغان گەپ. ئۇلار ئىككى يۈز قەدەمچە يۈرۈپ تەخمىنەن يولنىڭ يېرىمىنى بېسىپ بولغان ئىدى. ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك تۇيۇقسىز بىر قاتتىق ھەيۋەت بىلەن ئارقا-ئارقىدىن ئۈچ دانە بومبا كۆك ئاسماننى زىلزىلىگە سالدى. ئۆلۈم قورقۇنچىسى ۋە جان قايغۇسىدا ھەممەيلەن ئۆزلىرىنى يەرگە ئېتىشتى. ئۇ قىزنى كۆكسىگە بېسىپ يوغان بىر تاشنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈنۈپ دۈشمەننىڭ ھۇجۇملىرىغا كۆز يۈگۈرتتى. دۈشمەن ئۇلارنىڭ يولىنى توراپ زەربە بەرمەكتە ئىدى. تىك ئۇچاردىن ئېتىلىۋاتقان بومبىلار مۇجاھىدلار يوشۇرىنىدىغان ئۆڭكۈرلىرىنىڭ ئالدىغا، لەخمىلەرگە تاشلانماقتا. بومبىلار پارتىلىغان ھامان شىددەت بىلەن قىستىلىشىپ ئىس-تۈمان ئۆرلەيتتى. بۇ كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىس-تۈتەكلەر تىنۇشسىز يېقىنلاپ كېلىپ جاننى ئالىدىغان زەھەرلىك گاز ئىدى. بەختكە يارىشا يېنىك سالقىن كېلىپ ھېلىقى مانايىقىپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان قويۇق تۈماننى پەستىكى ۋادى تەرەپكە ئۇچۇرتۇپ كەتتى. بىراق قىرغۇنچى تىك ئۇچار قايتا ئەگىلىپ، ئۇچۇش يۆنۈلۈشلىرىنى ئۇلار تەرەپكە بۇرىدى.

ــ ئاللاھ! بىزنى ئۆز پانايىڭدا ساقلىغايسەن!-دېدى ئۇ فەۋزىيەنى باغرىغا تېخىمۇ چىڭ باسقان ھالدا تاشنىڭ ئارقىسىغا سىغدىلىپ ھەمدە بۇ قاتىل ئالۋاستىلارنى كۆرۈشتىن تەنلىرى شۈركۈنۈپ، كۆزىنى مەھكەم يۇمىۋالدى. بۇ قېتىم جان ئالغۇچىلار تېخىمۇ پەس ھەم بىر-بىرلىرىگە يېقىن ئۇچۇشقا كىرىشكەن ئىدى. تۇيۇقسىز پۈتۈن تاغ-قىيالارنى بومباردىمان قىلىشقا نىشانلىدى. بومبىلار خۇددى ئىسقىرتمىدەك ئاۋاز چىقىرىپ كەلگىنىچە تاغلارنى بۆسۈپ پارچىلايتتى. ھەر بىر بومبا تاغقا تېگىپ پارتىلىغاندا، تاغ-داللار،

قىيالار قاتتىق يەر تەۋرىگەندەك تاسقىلاتتى. پۈتۈن ئەتراپنى چاڭ-توزان ۋە قاپ-قارا ئىس-تۈتەك قاپلىدى. ئۇ ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپنى مارلىدى. تېخى بىر قانچە مىنۇت ئىلگىرى ئۇلار ھەممىسى بىرگە بولغان يەرلەرگە، مۇجاھىدلارنىڭ ئىستىھكامى جايلاشقان جىراغا قارايتتى. دەھشەتلىك بومباردىماندىن كېيىن ھەممە ياق كۈل ۋە تاش دۆۋىسىگە ئايلانغان، ھەممە ياقتىن ئاسمانغا قاراپ تۇمان كۆتۈرۈلمەكتە! ئۇ كۈلى كۆككە سورۇلغان پاجىئەلىك مەنزىرىدىن چۆچۈگەن ھالدا- ۋاي خۇدا-دەپ ۋارقىرىماقچى بولىۋىدى، تېخىمۇ يامان بىر دەھشەت ئۈنىڭ ئۈنىنى بوغۇزىغا قاپلاشتۇردى. چۈنكى قاتتىق پارتىلاش تۈپەيلى تاغ گۈمۈرلۈپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قاراپ ئىقىپ كەلمەكتە ئىدى. يۇقۇرى تاغ باغرىدىن گۈمۈرلۈپ كېلىۋاتقان تاش- شېغىللار قۇلاقلىرىنى مەھكەم ئېتىپ يەرگە يۈزىنى قىلىپ دۈم ياتقان كەرىملەرنىڭ ئۈستىگە ئۇدۇل ئاقاتتى.

— قېچىڭلار!- دەپ، بار كۈچى بىلەن ۋارقىرايتتى ئۇ. بىراق دەھشەتلىك گۈلدۈر-قاراسلاردا ئۇلار ھېچنىمىنى ئاڭلىيالمايتتى. ئۇ دەرھال ئوغلى رەھىمگە قارىدى. رەھىم ئۈنىڭدىن ئونبەش قەدەمچە نېرىدا يۈزىنى يەرگە يېقىپ، غۇلاچ كېرىپ بوخچىلارنى بېسىپ دۈم ياتاتتى. ئۇ، تېخىمۇ ھەيۋەت بىلەن پەسكە سىرىلىپ چۈشىۋاتقان قۇم قېتىش تاغ پارچىسىغا قاراپ پالەچتەكلا قېتىپ قالدى. گۈمۈرلۈپ چۈشىۋاتقان تاش-تۇپراقلار بارغانچە زورىيىپ، تۈرمەللىنىپ ئېقىپ كەلمەكتە! بىرمۇنچە قورام تاشلار قومۇرلۇپ، بىرىنى يەنە بىرى قوغلاۋاتقاندەك بەسلىشىپ پەسكە دومۇلايتتى. يوغان بىر قورام تاش ئۇدۇل رەھىمگە قاراپ ھەرىكەتلەنمەكتە!

— ئوغلۇم! ئورنىڭدىن تۇر! جېنىم بالام دەرھال قاچ. خۇدا ھەققى جېنىم بالام- ۋارقىرىدى ناتىۋان ئانا. بىراق رەھىم ئۈنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايتتى. قورام تاش بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە.

ئۇ ئوغلىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن چاچراپ ئورنىدىن تۇردى. بىراق تاش ئۈنىڭدىن قانچە ھەسسە ماغدۇرلۇق، قانچە ھەسسە كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇنىڭدىن چەبدەس ئىدى.

ئۇ نەپسى ئۈزۈلگەن ھالدا گوياكى قېقىپ قويۇلغان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى.

ئۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر دەقىقىلىق ۋاقىتنى ئاللاھتىن كۈتەتتى! بىر مۆجىزە يۈز بېرىپ، ئاشۇ جان ئالغۇچى تاش رەھىمنى كۆرمەي ئۆتۈپ كېتىشىنى تىلەيتتى!

ئەمما مۆجىزە يۈز بەرمىدى! رەھىمسىز قارا تاش ئۇدۇل رەھىمنىڭ بىلىكىنى دەسسەپ، بوخچىنى دومىلىتىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئوغلى رەھىمنىڭ بوغۇق چىرقىرىغىنىنى ئاڭلىدى. رەھىم ئاغرىق ئازابىدىن پۇتلىرىنى بىر قانچە قېتىم كۆتۈرۈپ يەرگە قاتتىق تېپىپ توختىدى. بېشىنى بىر قانچە قېتىم كۆتۈرۈپ يەرگە تاشلىدى. پۇتلىرىمۇ تېپىرلاپ، تېپىرلاپ جىمىپ قالدى. نالە-پەريادلىرى بوغۇزىدا بوغۇلۇپ خىرىلداشقا باشلىدى. ئۇ ئوغلى رەھىمنىڭ يېنىغا ئالدىرايتتى. دەل شۇ پەيتتە بىر تەتۈر قۇيۇن پىقىراپ كېلىپ ئۇنىڭ يۈزى-كۆزىگە توز-تۇماننى تىقىۋەتتى. ئۇ ھېچنىمىنى كۆرەلمەي بىر تاشقا پۇتلىشىپ مۈدۈرلۈپ يەرگە يىقىلدى. ئۇنىڭ قولىدىن قاڭقىپ چىققان فەۋزىيەنىڭ بېشىنىڭ دوقىقىسى شېغىل تاشلارغا قاتتىق تېگىپ كەتكەنلىكتىن، بىچارە بوۋاق قاتتىق چىرقىراپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ بىر قولتىغىدا كىچىك قوزىسىنى قىسىپ، تىزلىنىپ ئۆمىلىگىنىچە بىر قولىدا كۆزلىرىدىكى چاڭ-تۇزاننى سۈرتتى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئوغلىنىڭ يېنىغا چاپتى. ئۇ رەھىمنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىپ قولىنى كۆرگىنىدە ئۇنىڭ يۈرىكى بىر قانچە دەقىقە ھەرىكەتتىن توختاپ قالدى. رەھىمنىڭ بىر قولى جەينەككىچە يانچىلىپ كەتكەن بولۇپ، بىلىكىنىڭ تېرىلىرى، گۆشلىرى تىتىلىپ،

سۆڭەكلىرى چۇل-چۇل چىقىلىپ كەتكەن بولۇپ، قانلىرى قۇم، شېغىللارغا يېپىلماقتا ئىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ يېنىغا يىقىلدى ۋە دات-پەرياد ئېيتىپ يۈزلىرىنى كاچاتلايتتى. ئۇ خېلە ئۇزۇن يار-يۆلەكسىز، نالە قىلىپ ئوغلىنىڭ يېنىدا يىغلاپ ئولتۇردى. شۇ ئارىدا ئۇ رەھىمىنىڭ يېنىك ئىڭراشلىرىنى ئاڭلىدى-دە، دەرھال كۆز-ياشلىرىنى سۈرتۈپ، رەھىمىنىڭ بېشىنى ئېھتىيات بىلەن كۆتۈرۈپ ئۆزىگە قاراتتى. ئوغلىنىڭ يۈزلىرى توز- تۇپراققا مىلەنگەن بولۇپ، ئېغىر نەپەسلىنىۋاتقانلىقى بىردە كېرىلىپ، بىردە يىغىلىپ ھەرىكەتلىنىۋاتقان بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئاھ خۇدا! جېنىم ئوغلۇم سەن ھاياتكەنسەن، ئاللاھغا يۈزمىڭ شۈكرى! دەيتتى ئۇ چالا ئۆلۈك ھالاتتىكى ئوغلىغا قاراپ ئۈمچەرەپ ھەمدە بوغۇلۇپ قاتتىق يىغلاۋاتقان فەۋزىيەنى يەرگە ياتقۇزۇپ قويۇپ رەھىم بىلەن ھەپىلەشمەكچى بولۇۋىدى، كىچىك قۇزىسى ئۇنىڭغا ئېسىلىش ئۈچۈن ئۆمۈلەشكە ھەرىكەت قىلدى. لېكىن ئۇ ئاۋازىنىڭ بارىچە قاتتىق ۋارقىرىدى:

— ھەي دۆت ساخلاندى! جايىڭدا بىر دەم يېتىپ تۇرساڭ بولمامدۇ! ماڭا ئېسىلمەن دەپ ھاڭغا چۈشۈپ كەتسەڭ مەن قانداق قىلىمەن، ھە!

بىچارە فەۋزىيە ئاپىسىنىڭ جان ئاچچىغىدا ۋارقىرىغان ئاۋازىدىن قورقۇپ، مىدىرلىماستىن شۈككىدە ياتتى ھەم كىچىككىنە بارماقلىرىنى ئاغزىغا سالغىنىچە، ئۈن چىقارماستىن ھېقىقداپ يىغلايتتى. ئۇ ئۆلۈم سىنىدىكى ئوغلىغا تۇتۇش قىلدى. ئۇ ئارانلا رەھىمىنىڭ ئاغزى ۋە يۈز-كۆزىدىكى توپىلارنى ئېھتىيات بىلەن سۈرتتى. ئۇنىدىن باشقا نېمە قىلىشىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ جېنىنى قىيناپ قويۇشتىن قورقۇپ، ئارتۇقچە مىدىرلىتىپمۇ كېتەلمەيتتى. ئۇ باشقىلارنى ياردەمگە چاقىرىپ

توۋلىدى. بىراق ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا قارىغىنىدا، باشقىلارنىڭ ھەممىسى تاغ ئاستىدا قېلىپ ئۆلگەن بولسا كېرەك- دەپ ئويلىدى ھەمدە قورقۇنچ ئىچىدە ئۆز ئەتراپىغا قارىۋىدى، بىر قانچە گەز پەستىكى يان باغرىدا كەرىمنى پەرقەتتى. كەرىمنىڭ ئايالى قۇم-شېغىلنىڭ ئاستىدا قالغان بولۇپ، قوللىرى ئۇچۇقچۇلۇقتا تىپىرلايتتى. كەرىم تىرىك كۆمۈلۈپ قالغان ئېغىر ئاياق ئايالىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تاش-تۇپراقلارنى قولى بىلەن تاتلاپ پەسكە سىرىيتتى. شۇ ئارىدا بوشاپ قالغان قۇم شېغىللار يەنە گۈمۈرلۈپ، كەرىم بىلەن ئايالىنى بىر قانچە غۇلاچ پەسكە ئېقتىپ كەتتى. ئۇ، بالا مۇجاھىدىنى كۆرۈپ قېلىپ، ياردەمگە چاقىردى. ئۇنىڭ ئاۋازى تاغقا ئۇرۇلۇپ ئەكسى سادا قايتۇردى لېكىن بالا مۇجاھىدتىن جاۋاپ كەلمىدى. ئۇنىڭ ھوشسىز ياتقان ئوغلى ئۈچۈن ياردەم ئىزدەۋاتقانلىقىنى بەك ئاڭقىرىپ كېتەلمەي، ئۆزىنى يۆلەشكە ياردەم تەلەپ قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ-دەپ ئويلاپ قالغان بالا مۇجاھىد، زەھەرلىك گازدىن قوغدۇنۇش ئۈچۈن ئاغزى بۇرنىنى ياغلىق بىلەن ئېتىپ، ئۆلۈم خەۋپىدە قالغان كەرىملەرگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئالدىراپ پەسكە سىرىلدى.

ــ ھەي ئوغلۇم بۇياققا كەل! بىزگە ياردەملەش-دەپ ۋارقىرىدى ئۇ تەكرار بالا مۇجاھىدقا.

ــ ماقۇل ئانا. بىر ئاز تاقەت قىلىڭ. ئاۋال كەرىمگە ياردەملىشىپ ئايالىنى قۇتقۇزىشىمىز لازىم- دېدى بالا مۇجاھىد ئۇنىڭغا قارىماستىن جاۋاپ بېرىپ. بالا مۇجاھىد رەھىمگە نېمە بولغانلىقىنى راستىنلا بىلمىگەن ئىدى. شۇڭا سىرىلىپ، دومۇلاپ دېگەندەك كەرىمنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىشىغا، كەرىم ئايالىنى كۆمۈكتىن چىقاردى. ئۇلار ئېغىر ئاياق ئايالنىڭ قولتۇغىدىن يۆلىگىنىچە، تېيىلىپ، سىرىلىپ مىڭبىر مۇشەققەتتە يان باغرىدىن يۇقۇرىغا ئۆرلەپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

ــ ۋاي خۇدايىم! بۇ يەردە نېمە ۋەقە يۈز بەردى؟ـدېدى كەرىم رەھىمنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ئالاقزادىلىك ئىلكىدە ھەمدە ئىگىلىپ رەھىمگە قارىدى. شۇ ئەسنادا بالا مۇجاھىد ئالدىراپ، تېنەپ كەلگىنىچە رەھىمنى يۆلىمەكچى بولىۋىدى:

ــ ياق، ياق! ساراڭمۇ سەن؟ رەھىمگە قول تەككۈزمەـدېدى كەرىم ئاچچىقلاپ. بالا مۇجاھىد بىر ئاز ئارقىغا داجىپ سورىدى كەرىمدىن:

ــ قانداق قىلىمىز ئەمىسە؟

كەرىم رەھىمنىڭ پاچاقلىنىپ كەتكەن قولىغا سىنچىلاپ قارىدى ۋە ـ بوينۇڭدىكى نەملەنگەن ياغلىقىڭنى ئۈنىڭ پېشانىسىگە باسقىن ـ دېدى جاۋابەن. بالا مۇجاھىد ياغلىقىنى دەرھال رەھىمنىڭ پېشانىسىگە باستى.

ــ يۇقۇرىدىكى ئۈڭكۈرلەرگىمۇ بومبا چۈشتىما؟ ـ سورىدى كەرىم بالا مۇجاھىدتىن.

ــ مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا بەكلا ئۇزاپ كېتىپتىمەنكەن. ئائىرپىلاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا، ئۆلەـتىرىلىشىمگە قارىماستىن يۈگۈرۈپ، ئاۋۇ تاغنىڭ قولتۇغىدىكى كىچىك ئۈڭكۈرگە يېتىپ بېرىۋالدىم ھەم دەرھال مۆكۈندۈم. خۇداغا شۈكرى ئۇ يەرگە بومبا چۈشمىدى. چوگۈنىمۇ شۇ يەردە قويۇپ قويدۇم ـ جاۋاپ بەردى بالا مۇجاھىد.

ــ ئۇنداقتا بەك ياخشى! قېرىنداشلار، ئالدى بىلەن ئايالىمنى ۋە ماۋۇ كىچىك بالىنى ئەشۇ سەن مۆكۈنگەن دالدا يەرگە ئاپىرىپ قويايلى. سىما خېنىم! ئوبدان ئانا، سىز مۇشۇ يەردە ئوغلىڭىزنىڭ يېنىدا قاراپ تۇرۇڭ. ئەمما ئۈتۈنۈپ قالايكى، ئۇنى ھەرگىز مىدىرلاتماڭ. ئەگەر ئۇزى تىپىرلاپ قالغۇدەك بولسا، مەھكەم بېسىۋېلىڭ. ھەممىدىن بەك ماۋۇ زەخىملەنگەن قولى مىدىرلىسا قەتئى بولمايدۇ. ئەگەر ھوشىغا كېلىپ، قولىنى مىدىرلاتقۇدەك

بولسا، بارلىق كۆچىڭىز بىلەن بىسىۋېلىڭ. بۇ دېگەنلىرىم ئوغلىڭىزنىڭ هاياتى ئۈچۈن بەك مۇهىم گەپلەر. چۈشەندىڭىزمۇ ئانا؟-دېدى كەرىم يېنىشلاپ جېكىپ. ئۇ باش ئىشارىتى قىلىپ ماقۇللىغىنى بىلدۈردى.

ــ ئوغلىڭىز هايات قالىدۇ-دېدى كەرىم قوشۇمچە قىلىپ. ئۇ، ئاچچىق هېقىقداپ يىغلاپ ياتقان كىچىك قوزىسىنى يەردىن كۆتۈرۈپ ئالدى ۋە بىلەكلىرىگە مەهكەم ئېسىلغىنىغا قارىماي بالا مۇجاهىدقا بەردى. كەرىم ئايالنى يۆلىدى. ئۇلار بوۋاق بىلەن ئېغىر ئاياق چوكاننى يېرىم ئۆڭكۈر شەكلىدىكى كۆمەل ئەگمىنىڭ دالدىسىغا ئاپىرىپ قويۇشۇپ، ئانچە هايال قالماي قايتىپ كېلىشتى. كەرىم چوگۈننى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

سىما خېنىم، ئانا! بىز ئاۋۇ باشقا ئۆڭكۈردىكىلەرگە قاراپ باقايلى، قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىك بولغانلار بارمۇ تىخى، ئۇندىن باشقا تېڭىق ئۈچۈن لازىملىق نەرسە-كېرەكلەر، دورىلارمۇ بار. بىز هېلىلا بۇيەردە بولىمىز- دېدى ۋە بالا مۇجاهىدنى ئۆزىگە هەمرا قىلىۋالدى.

ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا كەرىم بىلەن بالا مۇجاهىد هەر ئىككىسىلا كۆزلىرى قىزارغان ۋە ئۇن چىقارماستىن بۇقۇلداپ يىغلاشقان هالدا قايتىپ كېلىشتى. هەمدە:

ئاللاھ ئۇلارنىڭ روهىنى شات ئەيلىسۇن! ئۇلارنى شېهىتلىك ماقامىغا يەتكۈزسۇن! ئۇلارنىڭ هېچبىرى قالماي، گۇمۇرلۇپ چۈشكەن تاغ ئاستىدا تىرىك كۆمۈلۈپ كېتىپتۇ-دېدى كەرىم ئۇنىڭغا. ئاندىن ئۇنىڭ هوشسىز ياتقان ئوغلىنىڭ يېنىغا كېلىپ تىزلاندى. هەمدە يانچۇغىدىن بىر تال قەلەمتۇراچنى ئېلىپ، بېشىغا ئورىۋالغان سەللاسىدىن ئالقان كەڭلىكىدە نۇرغۇنلىغان تېڭىق لىنتىسى كەستى-دە، رەهمىنىڭ قولىنىڭ ئىزىلىپ كەتكەن قىسمىنى پەم بىلەن ئورىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ-

ــ ئانا، بۇ ئىزلىپ كەتكەن قولنى تېرىسى ۋە سۆڭەكلىرى ساغلام يېرىگىچە كېسىپ ئېلىۋېتىشىمىز لازىم. ئوغلىڭىزنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بىزگە بۇنىڭدىن باشقا چارە قالمىدى. بولۇپمۇ دەرھال. شۇنداق قىلىش ئوغلىڭىزنىڭ پۈتۈنلەي قانسىراپ كېتىشىنىڭ ۋە قان زەھەرلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بىردىن بىر چارىدۇر-دېدى كەرىم سوغۇق قان ۋە رەھىمسىز بىر قىياپەتتە.

ئۇرۇش جەريانىدا بۇنداق ئەھۋاللارغا كۆپ قېتىم دۇچ كەلگەنلىكى، كۆنۈپ كەتكەنلىكى، شۇنىڭدەك بەدەندىن زەخملەنگەن ئەزالارنى كېسىپ ئېلىش بېشىدىن ئۆتكەنلىكى كەرىمنىڭ ھازىرقى كەسكىن تۇرقىدىن قارىغاندىمۇ ئوچۇق كۆرۈلۈپ تۇراتتى. كەرىمنىڭ مەزكۇر تەكلىۋى ئۇنىڭ يۈرىكىنى تەسۋىرلىگۈسىز بىر ئاچچىق ئاغرىق ئىسكەنجىسىگە ئالدى. ئۇنىڭ مادارسىز ۋۇجۇدى قوقاستا كۆيگەن ماشتەك پۈچۈلىناتتى. بىراق مۇشۇنداق قىلىش ئۇنىڭ ئوغلىنى ھايات تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ بىرلا چارىسى ئىكەنلىكىمۇ ئۇنىڭغا ئايدىڭ ئىدى. شۇڭا ئۇ قولنى كېسىۋېتىشكە ماقۇل بولدى.

ــ يىگىت !سەن مۇنۇ دوستۇڭنىڭ ھەر ئىككىلا بىلىگىنى جەينەكتىن بار كۈچۈڭ بىلەن يەرگە مەھكەم باسقىن. قولىنى قەتئى مىدىرلىتالمىغۇدەك دەرىجىدە چىڭ باس. سىما خېنىم ئانا، سىز بۇ ياققا ئارقىڭىزنى قىلىپ ئولتۇرۇپ، رەھىمنىڭ پۇتىنى يەرگە مەھكەم بېسىۋېلىڭ!-دېدى كەرىم بۇيرۇق تەرىقىسىدە. كەرىمنىڭ ئۇنىڭغا ئىيتقانلىرى پۈتۈنلەي ئورۇنلۇق ئىدى. چۈنكى ئوغلىنىڭ بىلىگىنى رەھىمسىزلەرچە كېسىپ ئاجرىتىۋاتسا، ئۇ كۆرۈپ تۇرۇشقا قانداقمۇ تاقەت قىلالىسۇن! ئۇ كەرىملەرگە ئارقىسىنى قىلىپ، رەھىمنىڭ پۇتىغا مىنىپ ئولتۇرۇپ يەرگە مەھكەم باستى. كەرىم قولىنىڭ جەينەكتىن تۆۋەنكى چۇل-چۇل

بولۇپ يانچىلىپ كەتكەن يېرىدىن كېسىشكە ئەمدىلا باشلىۋىدى، ئاغرىق ئازابىدا تۇيۇقسىز ھوشىغا كەلگەن رەھىم بىر ئۈنى يەردە، بىر ئۈنى ئاسماندا قاتتىق چىرقىراپ نالە قىلدى ھەمدە ئاۋازى بوغۇلۇپ خىرىلداشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىشقا ئورۇنۇپ، يارىلانغان كېيىكتەك قاتتىق تىرىپىناتتى. لېكىن ئۇلار مىدىرلىغۇدەك بوشلۇق ۋە ئىمكان بەرمەيتتى.

ــ جېنىم سۆيۈملۈك ئوغلۇم! بىر ئاز چىدا، ھازىرلا ھەممە ئىش ئاخىرلىشىدۇ، ئاغرىقمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. سەن ھايات قېلىشىڭ كېرەك، سەن ماڭا لازىم-دەيتتى ئۇ يىغلاپ، جان ئاچچىغى تارتىۋاتقان ئوغلىغا يالۋۇرۇپ. رەھىمنىڭ ئاغرىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرىشكە ماجالى قالمىغاچقا، ئاستا-ئاستا ئىڭراپ، ھوشىدىن كەتتى.

ــ ئىشنى پۈتتۈردۇم. رەھىمنى قويىۋېتىڭلار. ھوشىغا كەلگەندە كۆتۈرۈپ ئۆڭكۈرگە ئاپىرىمىز. يىگىت! سەن رەھىمنىڭ يۈزىنى قۇياشتىن دالدا قىل-دېدى كەرىم بالا مۇجاھىدقا. ئاندىن ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ- ئانا! ياغلىقنى يۆل قىلىپ ئوغلىڭىزنىڭ پېشانىسىگە بېسىڭ. ئايىغىنىمۇ سالدۇرىۋېتىڭ-دېدى غەمكىن بىر ھالەتتە. ئۇ ئوغلىنىڭ كېسىۋېتىلگەن قولىغا قاراشقا جۈرئەت قىلالايدىغانلىقىغا دەسلەپتە ئىشەنچ قىلالمىدى. لېكىن جاننى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ!

ئۇ ھايات قالغان ئاخىرقى ئوغلىنىڭ كېسىۋېتىلگەن قولىغا قارىۋىدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى توك سوققاندەك ئىختىيارسىز سىلكىنىپ، بىر غەيرى سىزىم ئۇنىڭ بوغۇزىنى قاتتىق سىقتى. ئۇنىڭ گۆرەن تۇمۇرلىرى بۆغۇلۇپ يۈرىكى بىر پەس ھەرىكەتتىن توختىغاندەك بولدى. ئۇ يۈزلىرىنى كاچاتلايتتى، تىرمىلاپ تاتلايتتى. كەرىم ئورنىدىن سەكرەپ تۇرغىنىچە ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى ۋە:

ـ سىما خېنىم، ئوبدان ئانا! ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭچۇ! بۇنداق قىلغىنىڭىزنىڭ ئوغلىڭىزغا ياردىمى تەگمەيدۇ، بەلكى زىيانلىق. مۇنۇ ياغلىقنى يۆل قىلىپ ئۇنىڭ پېشانىسىگە قويۇڭ-دېدى جىددى بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا. ھەمدە پۈتى بىلەن قوم-تۇپراقلارنى سىرىپ رەھىمنىڭ كىسىۋېتىلگەن قولىنى كۆمدى. ئاندىن رەھىمنىڭ كۆكسىنى بېسىپ، نەپەسلەندۈرۈشكە، ھوشىغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى. ئۇ ئۆلۈك ھىساۋى ھوشسىز ئوغلىنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، يۈزلىرىنى يۆللەنگەن ياغلىق بىلەن سۈرتەتتى. رەھىم ئاستا-ئاستا ھوشىغا كېلىپ ئاغرىق ئازابىدا سىلكىندى ۋە بېشىنى يان تەرەپكە ئېتىپ، قاتتىق نەپەس تارتىشقا باشلىدى. جاندىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاغرىق ئازابىدا بىردىنلا نەپىسى سىقىلىپ، يېرىمى كىسىۋېتىلگەن زەخىملىك قولىنى تىپىرلىتىشقا، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يەرنى تۈرتۈشكە باشلىدى. كەرىم بىچارە نىمجان رەھىمنى يەرگە باستى ھەم سەللاسى بىلەن رەھىمنىڭ زەخىملىك قولىنى بېقىنىغا قوشۇپ مەھكەم تاڭدى. شۇنداق قىلغاندا رەھىم قولىنى ھەرىكەتلەندۈرەلمەيتتى.

ـ قېنى ئەمىسە، ھازىر ھەم تېز ھەم دېققەت بىلەن رەھىمنى كۆتۈرۈپ دۇمبەمگە ھاپاشلاپ قويۇڭلار. بىز ئۈڭكۈرگە چاققان بېرىۋالايلى-دېدى كەرىم يارىدار رەھىمنىڭ ئالدىدا ئىڭىشىپ. ئۇلار رەھىمنى كەرىمنىڭ يەلكىسىگە ھاپاشلاتتى-دە، خۇداسىز دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراش قورقۇنچىسىدا جاننى دالدىغا ئېلىش ئۈچۈن ئالدىرىشاتتى. ئۇلار كەرىمنىڭ ئايالى بىلەن ئۇنىڭ كىچىك قىزى فەۋزىيەنى پانالىغان يېرىم ئۈڭكۈر شەكلىدىكى كۆمەل قولتۇقتا بىر قانچە قەدەم قالغاندا، كەرىم ئۇشتۇم تۇت توختاپ- بۇ لەنىتى ئەبلەخ قانداقلارچە بۇ يەرگە كېلىپ قالدى! سەن چاققان بول! ئۇنى پۈتۈك بىلەن ئېتىۋېتىپ ھاڭگا چۈشۈرىۋەت- دېدى بالا مۇجاھىدقا بۇيرۇق قىلىپ. ئۈڭكۈرنىڭ ئالدىدىلا بىر دانە

گاز بومبا ياتاتتى! ئېھتىمال دەسلىۋىدە پارتىلىماي، كېيىنرەك يۇقۇرىدىن دومۇلاپ چۈشكەن تاشلارغا سوقۇلۇپ ئېچىلغان بولسا كېرەك. گاز ئاساسەن دېگۈدەك تارقىلىپ بولغان، شۇ تاپتا ناھايىتى سۇس چىقىۋاتاتتى. لېكىن يېنىك تاغ شامىلى جان ئالغۇچى قارامتۇل ساغۇچ، گاز تۇمانلىرىنى ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە ئۇچۇرتماقتا! بالا مۇجاھىد دەرھال چېپىپ بېرىپ، گاز بومبىسىنىڭ قۇتىسىنى پەستىكى ھاڭغا تېپىپ چۈشۈرۈۋەتتى.

ـ چاققان بول، ھەر ئىككىلىسىنى ئۆڭكۈردىن تېز ئېلىپ چىق ـ دېدى كەرىم بالا مۇجاھىدقا ۋارقىراپ ھەمدە ئايالىنىڭ ۋە تۇغۇلمىغان بالىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزىمۇ رەھىمنى كۆتەرگىنىچە ئۆڭكۈر تەرەپكە يۈگۈردى. ئۇمۇ كەرىمنىڭ ئارقىسىدىن دەلدۈسلەپ، تەمتىرەپ يۈگۈرەيتتى. ئۇلار رەھىمنى ئاستا يەرگە چۈشۈرۈپ، قىيا تاغنىڭ بېقىنىغا ياتقۇزدى ۋە ئۆڭكۈرگە قاراپ چاپتى. دەل شۇ ئارىدا بالا مۇجاھىد ئۇنىڭ كىچىك قىزى فەۋزىيەنى كۆتۈرۈپ، قاتتىق ھۆتەلگىنىچە ئۆڭكۈردىن يۈگرەپ چىقتى ۋە:

ـ كەرىم ئاكا! دەرھال بول، ئايالىڭنى قۇتقاز! مېنىڭ كۈچۈم يەتمىدى ـ دېدى ئالاقزادىلىك ئىچىدە. كەرىم بالا مۇجاھىدنى يانداپ ئۆتۈپ، ئۆڭكۈرگە كىرىپ كەتتى. ئۇ، بالا مۇجاھىدنىڭ قولىدىن فەۋزىيەنى ئېلىپ، مەڭزىنى مەڭزىگە ياقتى ۋە رەھىمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئاندىن كۆزلىرىنى توساپ تۇرغان توز ـ تۇپراقلارنى سۈرتىۋېتىپ، فەۋزىيەنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە سىنچىلاپ قارىدى ـ دە:

ۋاي خۇدايىم! قانداق قىلارمەن ـ دەپ، قورقۇنچتىن ۋارقىراپ تاشلىدى. چۈنكى كىچىك قوزىسىنىڭ يۈزلىرى كۆكەرگەن، نەپەسلىرى بۇغۇلغان، گۇيا بوغۇزىغا بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك نەپەسلىنەلمەي خىرىلدايتتى. ئۇ نېمە قىلىشى

كېرەكلىكىنى بىلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرغىنىچە چوگۇننى ئېلىپ، ئالقىنىغا سۇ قويدى-دە، جان تالىشىۋاتقان كىچىك جاننىڭ يۈزىگە سەپتى. شۇ ئارىدا بالا مۇجاھىد بىلەن كەرىم ئېغىر ئاياق ئايالنى ئۆڭكۈردىن سۆرەپ دېگەندەك ئېلىپ چىقىپ ئۆلارنىڭ يېنىدىكى دالدىغا ياتقۇزدى. قات بوي ئايالنىڭ يۈزلىرىمۇ غەلىتە ئالا تاغىل- مەڭزىلىرى كۆكەرگەن، پىشانىسى، قۇلاقلىرىنىڭ ئەتراپى ساماندەك تاتارغان، نەپەس ئېلىشى بەك قىيىن ئىدى. كەرىم ئايالغا چارە ئىزدىگەچ، ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىپ سورىدى:

ــ سىما خېنىم! كىچىكنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

ــ كەرىم! قارىغا ئۇكام، بۇ نەپەسلىنەلمەيۋاتىدۇ. قانداق قىلىشىم كېرەك؟-سورىدى ئۇمۇ ياردەم تەلەپ قىلىپ.

ــ ئاغزىڭىزنى ئۇنىڭ ئاغزىغا يېقىپ نەپەسلەندۈرۈڭ! باش- كۆزىگە سۇ قۇيۇڭ. ھەمدە ناھايىتى تېز بولۇڭكى، كېچىكىپ قېلىشتىن ئىلگىرى..!- كەرىم ھاياجان ئىلكىدە ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلدى. بالا مۇجاھىد چوگۇننى ئېلىپ فەۋزىيەنىڭ بېشىغا، ئاندىن كەرىمنىڭ ئايالىنىڭ بېشىغا سۇ قۇيدى. تۇيۇقسىز ھوشىغا كەلگەن رەھىم قاتتىق ئىڭرىغان ھالدا سۇ تەلەپ قىلدى. ھەمدە كۈچلۈك ئاغرىق ئازابىدىن بېقىنىغا تېگىپ قويۇلغان ئەمما جەينەكتىن تۆۋەن قىسمىنىڭ يېرىمى كىسىۋېتىلگەن زەخمىلىك قولىنى تېگىقتىن ئاجرىتىشقا ئورۇنۇپ تىپىرلايتتى.

شۇ تاپتا ئۇ ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا يانچىلمەكتە! بىر ياقتا جان تالىشىۋاتقان، جىددى نەپەسلەندۈرۈشكە ئېھتىياجلىق كىچىك قوزىسى، بىر ياقتا جان ئاچچىغى تارتىۋاتقان چالا ئۆلۈك ئوغلى رەھىمنىڭ ھالىغا يېتىش! ئۇ پۈتۈنلەي گاڭگىراپ قالغان ھالدا بىر قولى بىلەن رەھىمنىڭ بېشىنى يۆلىدى-دە، بالا مۇجاھىد چوگۈن بىلەن رەھىمنىڭ ئاغزىغا سۇ تېمىتتى. يەنە بىر قولى بىلەن

كەنجى بالىسىنىڭ بېشىنى يۆلەپ، نەپەسلەندۈرۈپ، هايات قېلىشى ئۈچۈن چارە قىلاتتى.

— يىگىت دىققەت قىل! ياردارغا كۆپ سۇ ئىچتۈرمە، سۇ پايدىلىق ئەمەس! ئۆڭكۈرنى قايتا كۆزىتىپ باق، زەهەرلىك گاز تارقاپ كەتتىمىكىن، بىز سىرتتا. ئوچۇقچىلىقتا تۇرىۋەرسەك بولمايدۇ. دېدى كەرىم. بالا مۇجاهىد چوگۇننى يەرگە قويۇپ، رەهىمنىڭ پىشانىسىدىكى يۆل ياغلىقنى ئېلىپ ئېغىز-بۇرنىغا دالدا قىلىپ ئۆڭكۈرگە كىرىپ كەتتى.

ئېغىزنى ئېغىزغا يېقىپ نەپەسلەندۈرۈشكە قارىماستىن فەۋزىيەنىڭ ئەھۋالىدا كىچىككىنە بولسىمۇ ئۆزگۈرۈش كۆرۈنمەيتتى. بىچارە بالا جان ئاچچىغىدا بارماقلىرىنى ئاستا كېرىپ، ئۇنىڭ كۆينەكلىرىنى مەھكەم مۇرىدى. نەپەسلىنىشى بارغانچە يامانلاشماقتا. ئۇزۇن-ئۇزۇن قىستىلىپ، قەي قىلغاندەك قىسقىلا تىناتتى. ئۇ قولىغا سۇ قۇيۇپ فەۋزىيەنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى سۈرتتى. ئۇ ئاخىرقى ئىككى بالىسىنى يوقۇتۇپ قويۇش قورقۇنچىسىدا پۈچىلىناتتى. ئويلىغانسىرى ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى يىڭنە سانچىغاندەك چېقىپ ئاغرىيتتى!

— ئۆڭكۈرنىڭ هاۋاسى تازلىنىپ بولۇپتۇ، كىرسەڭلار بولىدىكەن. دېدى بالا مۇجاهىد ۋارقىراپ. بالا مۇجاهىدنىڭ سۆزىگە تازا بەك ئىشەنچ قىلالمىغاندەك، كەرىم ئۆڭكۈرگە يۈگۈردى. هايال ئۆتمەيلا بالا مۇجاهىد بىلەن ئىككىسى ئۆڭكۈردىن قايتىپ چىقىپ، ئاۋال كەرىمنىڭ ئايالىنى ئۆڭكۈرگە يۆتكەپ، ئاندىن رەهىمنى كۆتۈرۈپ مېڭىشتى. ئۇلارغا ئەگىشىپ ئۇمۇ فەۋزىيەنى كۆتۈرۈپ ئۆڭكۈرگە كىردى. ئارىدىن بەش دەقىقىمۇ ئۆتمەي، قات بوي ئايالىنىڭ ئىڭراشلىرى ئەۋجىگە چىقتى ھەمدە هامىلىدىكى بالىسىغا كۆزى قىيمايۋاتقان بولسا كېرەك، پوڭزەكتەك كۆتۈرلۈپ تۇرغان قورسىقىنى توختىماي مۇرۇيتتى. كۆزلىرى تۇرۇپ تۇرۇپلا يۇقۇرىغا

تارتىپ كېتەتتى. بىچارە ئايال چۈشۈنۈكسىز بىر نەرسە دېدى. كەرىم قۇلىغىنى ئايالىنىڭ ئاغزىغا يېقىن قىلىپمۇ بىر نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي:

— مەن ھېچنەرسىنى چۈشىنەلمىدىم-دېۋىدى، ئايالى بار كۈچىنى يىغىپ بىر نەرسە دەپ خىرىلدىدى. كەرىمنىڭ يۈزلىرى تاتارغان ھالدا:

خۇدا! بىزگە  ياردەم قىل-دېدى. ھەمدە- ئانا قانداق قىلارمىز، تولغاق تۇتۇپتۇ- سورىدى ئۇنىڭدىن خۇددى باش پاناسىز قالغان كىچىك بالىدەك تەلمۈرۈپ.

— قانداق قىلىشنى مەن بىلمەن-دېدى ئۇ پىچىرلاپ. لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى بىر ئاز ئايىندى، غەلىتە بىر تۇيغۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترىتىپ ئۆتتى .چۈنكى تۇغۇت ۋاقتىغا يەنە بىر ئاي بار ئىدى.

— ئۇلۇق خۇدايىم! تېخىمۇ يامىنى- ئانا زەھەرلىك گازدا سىزىمىنى يوقاتقان، بۇ ھالدا ئانا- بالا ھەر ئىككىلىسىنىڭ ھاياتى خەتەر ئاستىدا، ئۆزەڭ ياردەم قىلغايسەن-دەيتتى ئۇ ئىچىدە ئاللاھقا دۇئا قىلىپ.

ئۇ، مۇشۇنداق قايغۇلۇق ئويلار بىلەن، ئۆز قۇچىغىدىكى زەھەرلىنىپ، جان تالىشىۋاتقان قىزىنى بىر مەھەل ئۇنتۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ئېسىگە ئېلىپ قارىغىنىدا، بىچارە قوزىسىنىڭ بۇدرۇققىنە قوللىرى بىر ياققا تاشلانغان، كىچىك پاخلان گەۋدىسى ئۇنىڭ قۇچىغىدىن ئارقىسىغا داجىغان، جاۋغايلىرىدىن كۆپۈك يېنىپ قالغان ھالەتنى كۆردى. ئۇ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن بولسىمۇ، چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەتلىنىپ، قىزىنىڭ بېشىنى ئۈستىن قىلدى ۋە كۆكرىپ كەتكەن لەۋلىرىگە ئاغزىنى يېقىپ نەپەسلەندۈرۈش ئۈچۈن پۈلىدى. لېكىن فەۋزىيەنىڭ قوۋزىلىرى دومسىيىپ چىققان بولسىمۇ، ھاۋا ئىچىگە ماڭمىدى. ئوماق، تاتلىق پاخلان بوۋاقنىڭ نەپەس يولى ئاللىبۇرۇن ئېتىلگەن ئىدى.

ئۇ قىزنىڭ كىچىككىنە كۆكسىگە قۇلىغىنى يېقىپ تىڭشىدى. بىراق يۈرەك سوقۇشتىن توختاپ كەتكەن!

ـ ۋاي بالام، بالام ئۆلۈپ كېتىپتۇ، ۋاي جېنىم يۈرىكىم بالام، تاتلىق قىزىم، جان پارەم، يۈرەك باغرىم جان ئۈزۈپتۇ!ـ دەپ ھەسرەتلىك يىغا ـ زارە قىلاتتى ئۇ، يۇمران ئەمما مۇزلاپ كەتكەن جەسەتنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ. كەرىم چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە فەۋزىيەنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ يەرگە ياتقۇزدى ـ دە، كۆكسىگە قۇلىغىنى يېقىپ تىڭشىدى. ئاندىن كۆزىنى يۇمغان ھالدا بېشىنى كۆتۈرۈپ ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى ھەمدە:

ئاللاھ بۇ خۇداسىز، ئىمانسىز لەنتى كوممۇنىستلارنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ! مۇشۇ گۇناھسىز كىچىك بالىنى ئۆلتۈرگەن نەپرەتلىك دۈشمەنلەرنىڭ، قاتىللارنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ! نېمەدېگەن دەھشەت ھە! مۇشۇ بىچارە كىچىك بالىنىڭ زادى نېمە گۇناھى بار؟ نېمىشكە ئۆلتۈرلىشى كېرەك!ـ دېدى دۈشمەنلەرنى قاغاپ. ئۇ قىزنىڭ جەسىدىنى ئېلىپ باغرىغا مەھكەم باستى ۋە نالە ـ پەرياد قىلدى. بۇندىن كېيىن ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك يۇمۇلغان كۆزلىرىگە، بۇدرۇق قوللىرىغا سۆيەتتى.

ـ قولۇمنى نېمە قىلدىڭلار؟ توۋلىدى ئەمدىلا بىر ئاز ھوشىغا كەلگەن رەھىم نالە قىلىپ ھەمدە تىپىرلاپ، تىپچۇكلەپ ئۆزىنى ھەر يان ئېتىشقا باشلىدى. لېكىن بالا مۇجاھىد ئۇنى يەرگە نىختاپ بېسىپ تۇرۇپ:

قېرىندىشىم ھايات قالغانلىغىڭ ئۈچۈن خوش بول! قولۇڭنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغىلى بولمىدى. قولى يوق يالغۇز سەنلا ئەمەس. پۇتلىرىدىن ئايرىلغان ياكى قوللىرىدىن ئايرىلغان ساناقسىز ئاكا ـ ئۇكىلىرىمىز، ئاچا ـ سىڭىللىرىمىز بار ـ دېدى رەھىمگە تەسەللىرى بەرگەچ. رەھىم ئىنتايىن مەيۇس ئىدى.

ئۇ ئەڭ ئاخىرقى، بىردىن بىر ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ قالغان ئەمما

ناكا بالىسىغا جاسارەت بېرىش ئۈچۈن، ياش سىرغىپ تۇرغان مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ- سۆيۈملۈك ئوغلۇم! مەيۈسلەنمە! بۇ يىگىت راست ئېيتىدۇ. قولۇڭنى قۇتقۇزۇش ئامالى يوق ئىدى. مەن سېنى داۋالىتىپ ساقايتىمەن. مەن هايات ياشىغان مۇددەتتە سېنىڭ قولۇڭ ئورنىدا قول بولىمەن-دېدى رەھىمىنىڭ ئاغرىق ئازابىدا تۇۋاقتىن تۆكۈلۈۋاتقان هوردەك تەر باسقان يۈزلىرىگە سۆيگەچ قۇلىقىغا پىچىرلاپ.

# ئون يەتتىنچى باب
## جۇب قەبرە

ئۇڭكۇر شۇ تاپتا بەئەينى يەر يۈزىدىكى جەھەننەمنىڭ ئۆزى ئىدى - يىغا-زارە، دات-پەرياد، نالە- پىغان. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئوتقا تاشلىغاندەك كۆيۈپ ئاغرىيتتى. قاتتىق بۇغۇلۇپ يىغلاۋەرگەنلىكتىن ئۇنىڭ بوغۇزى ئاغرىپ ئۇنى پۈتۈپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ كۆز-ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ توختىماي سىرغىيتتى.

— سىما خېنىم ئانا، ئەگەر بالا راستىنلا بالدۇر تۇغۇلۇپ قالسا، قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ تۇغۇت ئىشلىرىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟- سورىدى كەرىم ئۇنىڭدىن چۈشقۇر غەم-قايغۇغا پاتقان هالدا. ئۇ ئۇنىسىزلا باش لىڭشىتىپ جاۋاپ بەردى.

— خۇداغا شۈكرى! تولغاق تۇتقىنىدىن قارىغاندا بالا تازا ۋاختىدا، قاراڭغۇ چۈشۈشتىن ئىلگىرى تۇغۇلغىدەك. يېنىمىزدا بىر تالمۇ قولچىراق يوق- دېدى كەرىم ئاچچىق تولغاق يەۋاتقان ئايالىغا ئىچ ئاغرىتىپ. ئاندىن بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدى ۋە:

سىما خېنىم ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ. بەندە ئاللاھنىڭ خاھىشىغا قارشى ھېچنەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيمىز. بالىلىرىڭىزنى سىزگە ئاللاھ ئاتا قىلغان، يەنە ئاللاھ قايتۇرۇپ ئالدى. ئۇ دۇنيادا مىڭ ھەسسە ساۋاپقا نائىل بولىسىز-دېدى تەسەللى بېرىشكە تىرىشىپ. كەرىم راستىنلا بىر چوڭ ئۆلىما كىشىدەك، تەمكىن ھەم ۋەزىنلىك سۆزلەيتتى. سۆز ئارىسىدا بالا مۇجاھىدقا نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ مۇنۇلارنى دېدى: بۇ، قىزىل چوشقىلارنىڭ نىشانلىق ھۇجۇمى، ھەقاچان كوممۇنىستلار مۇجاھىدلارنىڭ ئارىسىغا جاسۇسلىرىنى كىرگۈزدى، شۇ ئارقىلىق بىزنىڭ ئىستىھكاملىرىمىز ئومۇمەن پاش قىلىندى. ياكى بولمىسا دۈشمەننىڭ چارلىغۇچى ئائىرپىلانى يۇقۇرىدىن سېنى بايقاپ قالدى. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ئىشلىرىمىزدا ناكەسلىك، بۇزۇقلۇق بار. ھە ئە! قانداق قىلىش كېرەك ئىدى! بىزنىڭ تەجرىبىمىز يېتەرسىز، ئالدىن مەلۇماتىمىز يوق، قانداق قىلغۇلۇقتى!

كەرىم ئاچچىق ئەلەم بىلەن سۆزلىگەچ، ياغلىقنى يۆل قىلىپ ئايالىنىڭ مۇنچاقتەك تەر تۆكۈلۈۋاتقان پىشانىسىگە باساتتى.

شۇنداق ئازاپلىق دەقىقىلەر داۋام ئەتمەكتە! ئېغىر ئاياق ئايالنىڭ تولغاق ئازابىدىن بىر ئۈنى يەردە، بىر ئۈنى ئاسماندا ۋارقىراشلىرى، رەھىمنىڭ نالە-پەريادلىق ئىڭراشلىرى زادىلا توختايدىغاندەك ئەمەس. ئۇلار بىردە دەرت-ھەسرەت يېغىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن بىمارلارغا ئەلەملىك قارىشاتتى، بىردە تېرىككەن ۋە ئۈمىتسىز ھالدا ھېلىدىن ھېلىغا ئۈگكۈرنىڭ قىيا يورۇقلىرىدىن سىرىتقا تىكىلىشەتتى.

ئۇ قاتبوي ئايالغا ئۇزۇن سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن كۆردىكى، تولغاق ئازابىدىن لەۋلىرىنى قاتتىق چىشلىگەن بولۇپ ھەتتا لەۋلىرى قاناپ كەتكەن ئىدى. ئۇمۇ ئۆز ۋاقتىدا بالىلىرىدىن ئۈچىنى

ئۆيىدە تۇغۇپ، تۇغۇت ۋە تولغاقنىڭ دەردىنى تازا تارتقان ۋە قانچىلىك ئېغىر ھەم قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ قۇچىغىدىكى جانسىز بوۋاقنى بىر بىلىكى بىلەن باغرىغا باسقان ھالدا، ئاستا سۇرۇلۇپ قاتىبوي ئايالنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئىڭىشىپ سورىدى:

— بىر ئاز ۋاقىت بارلىقىغا جەزىم قىلالامسىز؟

قاتىبوي ئايال ئىنتايىن ماغدۇرسىز ھالدا يېنىككىنە باش لىڭشىتىپ قويدى جاۋابەن. ئاندىن ئۇ كەرىمگە ئاڭلىتىش ئۈچۈن بار كۈچىنى يىغىپ- ئۇكام، رەھىمنىڭ قولىنى ئىزنۋەتكەن ھېلىقى قورام تاش بىزنىڭ بىر تال بوخچىمىزنىمۇ دومۇلىتىپ كەتكەن ئىدى. شۇ بوخچىدا مەن ئۈچۈن ھەممىدىن قىممەتلىك بولغان ئائىلىۋى رەسىم خاتىرسىدىن باشقا يەنە بىر تال يۆگەك، بىر دانە كىچىك قول چىراق باتتى. شۇنى ئىككىڭلاردىن بىرسىڭلار ئىزدەپ باققان بولساڭلار! - دېدى ئۆتۈنۈپ. كەرىم سەكرەپ ئورنىدىن تۇرغىنىچە سىرىتقا يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپ، ھايال قالماي قايتىپ كىردى-دە: بەختسىزلىك ئىچىدىكى كىچىككىنە بەخت! بوخچا قاپتالدىكى چاتقاللارغا ئىلىشىپ توختاپ قاپتۇ. لېكىن ئۇنى ھازىر ئېلىپ كېلىش ھايات- ماماتلىق خەتەر. بىر ئاز قاش قارايغىچە كۈتۈپ تۇرىشىمىز كېرەك. يىگىت مەن بىلەن ماڭ، ئۇنى ساڭا كۆرسىتىپ قوياي. ھېلى تېپىپ كېلىشىڭ ئاسان بولىدۇ- دېدى ۋە بالا مۇجاھىدنى ئەگەشتۈرۈپ سىرىتقا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ياردار ئوغلى رەھىم - سۇ-دەپ، تولۇلىدى ھەم چالا ئۆلۈك ئىلاندەك تولغىنىۋاتتى. ئۇ چوگۇننى ئېچىپ ئەمدىلا رەھىمگە سۇ بەرگىلى تەمشىلىۋاتقاندا سىرىتتىن كەرىم قايتىپ كىردى ۋە ئۇنىڭغا ۋارقىراپ كەتتى- ئوبدان ئانا، سىما خېنىم ئۆتۈنۈپ قالاي دىققەت قىلىڭ. سۇنى كۆپ ئىچتۈرمەڭ. رەھىمنىڭ يارىسى ئۈچۈن سۇ زىيانلىق. ئۇنىڭدىن سىرت باشقا

سۈيىمىزمۇ يوق. قاچان، قەيەردىن نېمە كېلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيمىز! توختاڭ! سۈنى مەن ئىچتۈرۈپ قوياي.
ئۇ ئوغلىنىڭ بېشىنى يۆلىدى. كەرىم چوگۈننى يەم بىلەن قىيسايتىپ رەھىمنىڭ ئاغزىغا بىر قانچە تامچە سۇ تېمىتتى. لېكىن رەھىم نارازىلىق بىلدۈرۈپ ۋارقىرىدى
ــ سۇ، يەنە ئازراق، ئۇسساپ ئۆلۈپ قالاي دېدىم! ئۇنداق قىلماڭلار،
يەنە بىر يۇتۇم!
ــ يىگىت! ماڭا ئىشەنگىن. سەن ئۆلۈپ قالمايسەن. ئۆتۈنۈپ ئېيتىمەنكى، شۇ تاپتا سۇ ياراڭ ئۈچۈن بەك زىيانلىق-دېدى كەرىم ھەمدە رەھىمنىڭ قۇرۇپ تامچىپ كېتىۋاتقان تاماقلىرىغا بىر يۇتۇم سۇ قۇيدى. شۇ ئەسنادا كەرىمنىڭ تولغاقتىكى ئايالى نەپىسى نەپىسگە ئۇلاشمىغان ھالدا ھالسىراپ سۇ تەلەپ قىلدى. كەرىم ئايالىنىڭ لەۋلىرىگە بىر قانچە تامچە سۇ تىمىتتى. بىچارە ئايال سۇنى يۇتقىچە ھۇشىدىن كەتتى ۋە تۇيۇقسىز چىرقىراپ، ياردەم تەلەپ قىلىۋاتقاندەك ئۇنىڭ بىلەكلىرىنى قاتتىق مۇرىۋدى، تىرناقلىرى پېتىپ كەتتى. ئۇ بۇرۇلۇپ
- كەرىم، ئۇكام چاقىان بولۇڭ. چاپىنىڭىزنى سېلىپ، ئايالىڭىزنىڭ ئاستىغا يېيىڭ-دېدى كەرىمنى ئالدىرىتىپ. كەرىم ئۈزۈن چاپىنىنى چاقماق تېزلىكىدە سېلىپ ئايالىنىڭ ئاستىغا يايدى.ئۇ قۇچۇغىدىكى قىزىنىڭ جەسىدىنى ھايات چېغىدىكىدىنمۇ بەكرەك ئاۋايلاپ، بالا مۇجاھىدىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئاندىن
- ئەرلەر سىلەر بىرگە كەينىڭلارنى قىلىپ ئولتۇرۇڭلار. بۇ چوكان قورۇنۇپ قالمىسۇن-دېدى-دە، تۇغۇت ئانىسى بولۇشقا تەييارلىق قىلىپ، تامبالنى يەم بىلەن سالدۇرغاچ سورىدى:
ــ سىڭلىم بۇ سىنىڭ تۇنجى تۇغۇتۇڭ بولامدۇ؟

باش لىغىشتىپ جاۋاپ بەردى تۇغۇت ئۇستىدىكى مادارسىز چوكان.

— ياخشى! ئۇنداقتا پاقالچىقىڭنى يۇقۇرىغا يىغىپ، چاتىرلىقىڭنى كىرىگىن- دېدى ئۇ، ئۆزىمۇ ياردەملەشكەچ. ھەمدە تۇغۇتقا ماسلىشىشنى چۈشەندۈردى:

ھەر قېتىم تولغاق تۇتقاندا، چۇڭقۇر نەپەس ئېلىپ  ھاۋانى ئىچىڭگە تارتىسەن-دە، ئاندىن قاتتىق ئىنجىقلايسەن، مانا بۇ تۇغۇت دېمەكتۇر.

ئۇ ياش چوكاننىڭ قورسىغىنى يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ سىرىيتتى. ئارىدىن بىرەر مىنۇت  ئۆتتى، لېكىن ھېچ ئۆزگۈرۈش بولمىدى. تولغاقمۇ داۋام ئەتمىدى. قاتبوي ئايال ئارلاپ ئاندا، ساندا ئىڭراپ قويۇپ يەنە جىمىپ قالاتتى. كىچىك تولغاق دائىم ئوخشاشلا، ئالغا ئىلگىرلەش يوق. قىسقىلا سانجىق، ۋارقىراش ئاندىن يەنە تەنەپپس. ئارىدىن ئىككى سائەت شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇ تۇغۇتنى ساقلاپ چارچاپ ھالىدىن كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بەدەنلىرى ئۆزلۈكسىز تىترەيتتى. ئۇ تېلىپ، كۆيۈشۈپ كېتىۋاتقان بەدەنلىرىنى قىمىرلىتىپ ئۇياق، بۇياققا يۆتكىلەتتى. ئولتۇرغۇدەك مادارى قالمىغان بولسىمۇ، مۇشۇ تۇغۇت ئۇستىدىكى ياش چوكانغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن يەنىمۇ غەيرەت قىلىشى كېرەك ئىدى.

ئۇ بىر ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۇ بىر ئايال كىشى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۇ بىر ئانا بولۇش سۆيىتى بىلەن، بەلكى ئۇ تۆت بالىسىدىن ئايرىلغان، كۆزى قان ياشلىق، يۈرىكى پارە-پارە بىر ھەسرەتلىك ئانا بولۇش سۆيىتى بىلەن چىدام كۆرسەتمەكتە ئىدى.

ئۇڭكۈرنى ئاستا-ئاستا قاراڭغۇ بېسىشقا باشلىدى. ئۇلار بىر بىرلىرىنى غۇۋا كۆرۈشمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ بېشى پارتىلاپ

كېتىدىغاندەك ئاغرىشقا باشلىدى. ئۇ بىر قانچە قېتىم ئالدىغا پۈكۈلىنىپ يىقىلىپمۇ چۈشتى. لېكىن ئۇ ئۆزىنى رۇسلاپ، تولغاق ئۇستىدىكى ئايالغا، تۇغۇلۇش ئالدىدىكى بوۋاقا دېققىتىنى بېرىشكە مەجبۇر ئىدى. كەرىم بالا مۇجاھىدقا يالۋۇرۇپ، بوخچىنى ئېلىپ كېلىشنى ئېيتتى. بالا مۇجاھىد تېخى بىر قانچە قەدەم ماڭمايلا، قاتىبوي ئايال ئادەتتىن تاشقىرى بىر تەرىقىدە چىرقىراپ تاشلىدى. بۇ بىر قورقۇنچلۇق چىرقىراش ئىدى.

ــ قىزىم ئىنجىقلىغىن، ھە، قاتتىق ئىنجىقلا!ـ دەيتتى ئۇ مەدەت بېرىپ. ھەمدە كەرىمگە ـ ئايالىڭىزنىڭ قورسىغىنى ئېھتىيات بىلەن تۆۋەنگە بېسىپ سىېرىڭـدېدى ۋە ئۆزى قولىنى ئۇزارتىپ سىلاشتۇرىۋىدى، بوۋاقنىڭ بېشى قولىغا ئورۇندى.

ـ ياخشى، قىزىم يەنە ئازراق غەيرەت قىل! ئىنجىقلا، بولە قىزىم توختاپ قالماـدەيتتى ئۇ ۋارقىراپ. بىراق بوۋاقنىڭ گەۋدىسى بىر جايىدىلا توختاپ قالغان ئىدى.

ــ بولە، بول دەيمەن! دەم ئېلىش يوق، ھورۇنلۇق قىلماـدەيتتى ئۇ ئىنجىقلاشقا مەجبۇرلاپ. تۇغۇت ئۇستىدىكى قاتىبوي چوكان بار كۈچىنى يىغىپ قاتتىق ئىنجىقلىدى. بىراق بوۋاق مىدىرـ لىمايتتى. ئىلگىرلەش بولمىدى. تۇيۇقسىز ياش چوكاننىڭ پۇتى بىر ياققا قىيسايدى، قوللىرى كۆيىنىكىنىڭ ئېتەكلىرىگە تاشلىنىپ قالغان ئىدى. ئىنجىقلاشمۇ يوق، تولغاق تۇتۇشمۇ يوق، چىرقىراش، ۋارقىراشمۇ يوق، تۇغۇت ئۇستىدىكى ياش چوكان جىمجىت بولۇپ قالدى.

ــ ۋاي خۇدايىم! ئۇ نەپەسلەنمەيۋاتىدۇ!ـ ۋارقىرىدى ئۇ كەرىمگە قاراپ ۋە

ــ نېمىگە ھۇدۇقۇپ تۇرىسەن! ئاغىزىڭنى ئايالىڭنىڭ ئاغىزىغا يېقىپ نەپەسلەندۈر، ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشىغا ياردەم قىل!ـدېدى ئۇ كەرىمگە ۋارقىراپ. كەرىم دەرھال ئاغزىنى ئايالىنىڭ ئاغىزىغا

يېقىپ قاتتىق پۇلىدى. لېكىن ناتىۋان ئايال نەپەس ئالمايتتى، مىدىرلىمايتتى! ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. بۇ ماغدۇرسىز قاتبوي ئايال كۆن بويى تاغ يولىدا، ئېدىرلىقتا، ۋادىلاردا، قىيالىقلاردا پىيادە يۈرگەن ئىدى! يول مۇشەققەتلىرى ئاز كەلگەندەك، بومباردىماندا قېلىشى، گۇمۇرلۇپ چۈشكەن تاش-تۇپراققا كۆمۈلۈپ قېلىشى، زەھەرلىك گاز بىلەن زەھەرلىنىشى ئۇنىڭ ئاخىرقى نەپەسلىرىنى بەلگىلىگەن ئىدى.

ــ ئاھ! سۆيۈملۈك ئۇلۇق پەيغەمبىرىم مۇھەممەد! سېنىڭ مۇبارەك نامىڭ بىلەن! -دېدى ئۇ پىچىرلاپ ۋە دىققەت ھەم ئېھتىيات بىلەن بارماقلىرىنى بوۋاقنىڭ بېشىغا ئاستا تەككۈزدى. ئەمما بالىنى تۇغۇلدۇرۇشقا تولىمۇ يىراق ئىدى. لېكىن ئۇ بارلىق جۈرئەت-جاسارىتىنى يىغىپ بوۋاقنىڭ بېشىدىن تۇتۇپ تارتىشقا باشلىدى. بوۋاق ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ئىڭگاڭلاپ يىغلىدى.

ــ قانداق كەرىم، نەپەسلەندىمۇ؟-سورىدى ئۇ كەرىمدىن تازا ئىشەنچ قىلالمىغان ھالدا.

ــ ياق، ياق. ئاللاھ بىزگە ياردەم قىل!-دېدى كەرىم يىغلامسىراپ. ئاندىن يەنە ئايالىنىڭ ئاغزىغا ئاغزىنى يېقىپ پۈلەپ، قۇلىغىنى كۆكسىگە يېقىپ تىڭشاپ بېقىپ - مەن تۆگەشتىم، ئۇلۇق خۇدايىم! ئايالىم ئۆتۈپ كەتتى! ئاھ! سۆيۈملۈك ئايالىم! مېنى تاشلاپ كەتتى!-دەپ پەرياد قىلدى. ياش ئايالىدىن ئايرىلىپ قالغان كەرىم ھۆكرەپ يىغلايتتى! بېشىغا ئۇرۇپ، يۈزلىرىنى تەستەكلەيتتى.

قەلەمتۇراچنى بېرىڭە-دېدى ئۇ كەرىمگە قولىنى ئۇزارتىپ. كەرىم قوللىرى تىترىگەن ھالدا قەلەمتۇرىچىنى ئۇنىڭ قولىغا بەردى. ئۇ بوۋاقنى كەرىمنىڭ چاپىنىنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇپ، قەلەمتۇراچ بىلەن كىندىكنى كەسكەندىن كېيىن، چاپانغىلا زاكىلاپ دادىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئاندىن- بالىڭىزنىڭ كىندىكىنى

بوغۇڭ-دېدى ھەمدە ئۆزى ئەڭ ئاخىرقى مادارى بىلەن جانسىز ئايالىنىڭ تامبىلىنى قايتا كەيدۈرۈپ، كۆينەكلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، ئۈيۈشۈپ قېتىپ قالغان پۇتلىرىنى ئاستا ھەرىكەتلەندۈرمەكچى بولىۋىدى، تۇيۇقسىز ھوشىدىن كېتىپ ئوڭدىسىغا چۈشتى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كەلگىنىدە، بوۋاق ئۇنىڭ قۇلىغىنىڭ تۈۋىدە مىرقىراپ، بۇغۇلۇپ توختاۋسىز يىغلاۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ توڭلاپ تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ كۆزىنى ئېچىۋىدى، يۈزلىرىگە قولچىراقنىڭ غۇۋا يورۇقى چۈشمەكتە ئىدى. ئۇ، ھېلىقى بالا مۇجاھىدنىڭ يېنىدا يەنە بىر ساقاللىق ئادەمنىڭمۇ قول چىراق تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى بايقىدى.

- ئانا قانداقراق، ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟- سورىدى ئۇنىڭدىن بالا مۇجاھىد ئەندىشىلەنگەن ھالدا.

- ھە ئە! ئانچە ئېغىر ئەمەس، ياخشى بولۇپ قالدىم-دېدى ئۇ جاۋابەن پەس ئاۋازدا. بالا مۇجاھىد ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ يۆلىدى. ئۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ، بىر ئاز ئارقىغا داجىپ ئۆڭكۈرنىڭ تېمىغا يۆلەندى ۋە

- بالىنىڭ قورسىغى ئاچقان چېغى-دېدى پىچىرلاپ.

- قانداق قىلىشىمىز كېرەك ئەمدى؟- قاخشىدى كەرىم بېشى قېتىپ.

- ھېلىقى بوخچىنى تاپالىدىڭلارمۇ؟ ھە، شۇنىڭدىكى بىر قۇتىدا ئازراق سۈت تالقىنى، ئىمزىك قۇتىسى بار. بوۋاققا كىچىككىنە سۈت تەڭشەپ بېرىڭلار-دېدى ئۇ باش قېتىنچىلىغىنى يەڭگىللىتىپ. ئاندىن ئۇ، باياتىن بالا مۇجاھىد يەرگىلا ياتقۇزۇپ قويغان، كىچىك قوزىسىنىڭ جەسىدىنى ئاۋايلاپ ئالدى ۋە تۇغۇت، ھەم ئۆلۈم قايغۇسىدا ھەممەيلەن ئۇنتۇپ كەتكىلى تاسلا قالغان، ئۆز-ئۆزى بىلەن ئىگراپ ياتقان ياردار ئوغلىنىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ كەلدى-دە، چوڭقۇر ئانىلىق مېھرى بىلەن ئوغلىنىڭ پىشانىسىگە

سۆيۈپ، باش-كۆزلىرىنى سىلىدى. ئوغلى ھەم قىزىق، ھەم چۆپ سۆزمە تەرگە چۆمۈلگەن ئىدى.

ــ ۋاي خۇدايىم، رەھىم بەك قىزىپ كېتىپتۇ-دېدى ئۇ چۆچۈگەن ھالدا. لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئىلىك ئالغۇچى بولمىدى.

ــ كەرىم، سىلەر بەك كېچىكىپ كېتىۋاتىسىلەر! تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى قوزغۇلۇشۇڭلار كېرەك! يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق ئۈچۈنمۇ، ياردار يىگىتىڭلار ئۈچۈنمۇ ھەر بىر مىنۇت ھاياتى قىممەتكە تەڭ مۇھىمدۇر-دېدى ساقاللىق ئادەم، پەس ئاۋازدا ئەمما سالماقلىق بىلەن. بۇ ئادەم، دۈشمەنلەرنىڭ قىرغىنچى ھۇجۇملىرىدىن ھايات قالغانلارنى ئىزدەش ئۈچۈن قاراڭغۇدىن پايدىلىنىپ قوشنا ئىستىھكامدىن كەلگەن تۇنجى كىشى ئىدى.

بۇغۇلۇپ يىغلاۋاتقان ئانىسىز بالىسىنى باغرىغا بېسىپ مۈكچۈيۈپ قالغان كەرىم بىر قانچە قېتىم باش لىڭشىتىپ جاۋاپ بەردى ھەم كۆز-ياشلىرىنى سۈرتۈپ:

سىلەرنىڭ ئىستىھكامدا كەتمەن، گۈرجەك بارمۇ؟-دېدى ساقاللىق ئادەمدىن سوراپ.

ــ ياق- دېدى ساقاللىق ئادەم جاۋاپ بېرىپ. ھەمدە كەرىمگە تەپسىلى چۈشەندۈردى:

ھەممە قورال ۋە بارلىق سايمانلار مۇشۇ چوڭ ئىستىھكامدا ئىدى. بىزنىڭ ئارقىدىكى مۇداپىئە نوقتىمىز كىچىك بىر ئۆڭكۈر بولۇپ ئۇنىڭدا بىر دانىلا ئائىرپىلان سۇقار قورالىمىز بار ئىدى. بىز بۇ قورالنى دۈشمەنىنىڭ ھۇجۇم نىشانىنى ئازغاشتۇرۇش ئۈچۈن تاكتىكا ئورنىدا ئىشلىتەتتۇق. شۇنداق بولغاندا دۈشمەنىنىڭ قىرغۇنچى تىك ئۇچارى ھۇجۇمنى بىزگە قارىتاتتى-دە، بۇ ياقتىكى چوڭ ئىستىھكامدا پەيت كۈتۈپ تۇرغان سەپداشلىرىمىز دۈشمەنگە ئارقىدىن زەربە بېرەتتى. بىز ئۇ ياقتىكى كىچىك ئۆڭكۈردە ئىككىلا ئادەم تۇراتتۇق..

ــ بىز جەسەتلىرىمىزنى قانداق دەپنە قىلىشىمىز كېرەك؟ـ سورىدى كەرىم.
ــ مۇبارەك شېھىدلىرىمىز مەڭگۈلۈك تېنچلىقتا ئېرىشكەن
ئولۇق جاينىڭ ئۆزىگىلا دەپنە قىلىشتىن باشقا ئامالىمىز يوق. دۈشمەننىڭ بومباردىمانى بىلەن بوشاپ قالغان يەرلەردىن، ئاللاھنىڭ ياردىمى- قولىمىز بىلەن ئىككى شېھىدىمىز ئۈچۈن يەرلىك قازىمىز-دېدى ساقاللىق ئادەم تەمكىن ۋە قەتئى تەلەپپۇزدا.
ــ ماۋۇ بوۋاقتا سۈت بېرىدىغان ئىمزىك قۇتىسى ئىدى. بىراق بىر تامچىمۇ سۈيىمىز يوق-دېدى بالا مۇجاھىد قولىدىكى ئەمزىك قۇتىسىنى ساقاللىق ئادەمگە كۆرسۈتۈپ.
ــ ئالدى بىلەن بىزنىڭ كىچىك ئىستىھكامىمىزدىن سىلەرگە بىر ئاز سۇ، نان ئەكىلەي، ئاندىن باشقا ئىشلارغا تۇتۇش قىلارمىز.
ــ ئۈياقتا مۇنۇ ياردار يىگىتىمىز ئۈچۈن دورا، تېڭىق ماتالىرى بارمۇ؟- سورىدى كەرىم ئېسىگە ئالغاندەك بولۇپ.
ــ ئەپسۇس. ھەممە نەرسە ئاشۇ قېرىنداشلىرىمىز تاغ ئاستىدا قالغان چوڭ مەركىزى ئىستىھكامىمىزدا ئىدى!-جاۋاپ بەردى ساقاللىق ئادەم ۋە چوگۈننى ئېلىپ ئۈڭكۈردىن سىرتقا چىقىپ كەتتى.
ــ قولچىراقنى ئۆچۈرگىن. كېيىن ھازىرقىدىنمۇ بەكرەك ئېھتىياجلىق ۋاقىتتا ئىشلىتەرمىز-دېدى كەرىم بالا مۇجاھىدتىن ئۆتۈنۈپ.
ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ساقاللىق ئادەم يېرىم چوگۈن سۇ بىلەن نان ئېلىپ ئۈڭكۈرگە قايتىپ كىردى-دە:
كەرىم ئۇكا، بىز تېزراق بولۇشىمىز كېرەك! بىزنىڭ كۆپ ۋاقتىمىز قالمىدى-دېدى كەرىمنى ئالدىرتىپ. كەرىم بالىسىنى ۋە ئەمزىك قۇتىسىنى ئۇنىڭغا بەردى. ئاندىن ئۈچ ئەرلەر بىر بىرىگە

ئەگىشىپ ئوچۇقچىلىقتا چىقىشتى. ئۇلار ئىككى شىھىد ئۇچۇن قوللىرى بىلەن ئىككى يەرلىك قازماقچى!

هازىر ئۇنىڭ قۇچىغىدا ئىككى كىچىك بالا باتتى! بىرى ئۆزى-نىڭ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن كىچىك قىزى. يەنە بىرى مەڭگۈلۈك ئانىسىز قالغانلىقىدىن بىخەۋەر، تىنىق ئۇيقۇغا كەتكەن يېڭى جان. ئاخىرى ئۇ ئۇچ ئەرلەر قايتىپ كىرىشتى. بالا مۇجاھىد ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىگىشتى ۋە قولىنى ئۇزارتىپ ئۇنىڭ كىچىك قىزىنىڭ جەسىدىنى ئېلىشقا تەمشەلدى. لېكىن ئۇ رەت قىلدى.

ــ ياق! ئۆتۈنۈپ قالاي، مەن ئۆزەم كۆتۈرۈپ ئاپىرىمەن.

ــ ئانا، ماقۇل بولۇڭ! ۋاقىت بەك قىس، يەنە ئۇنىڭدىن باشقا يول ئۇزۇن ھەم خەتەرلىك. ئەڭ ياخشىسى سىز كەرىمنىڭ بالىسى بىلەن بۇ يەردە قېلىڭ، بىز هايال قالماي قايتىپ كېلىمىز-دېدى ساقاللىق مۇجاھىد يۇمشاق ئاۋازدا، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ.

ــ ياق، ياق! باشقا بىرىڭلار قېلىڭلار، مەن بالامنى دەپنە قىلىدىغان يەرگە ئۆزەم كۆتۈرۈپ بارىمەن-دېدى ئۇ زار-زار يىغلاپ.

ــ بولىدۇ، سەن بۇ يەردە قال، سىما خېنىم بىز بىلەن بىرگە بارسۇن-دېدى كەرىم بالا مۇجاھىدقا، بىر ئاز ئاچچىقلىغاندەك ھەمدە ئايالىنىڭ جەسىدىنى كۆتەردى. ئۇ كەرىمنىڭ بالىسىنى بالا مۇجاھىدقا تۇتقۇزۇپ، ئۆزىنىڭ قىزىنىڭ جەسىدىنى ئېلىپ ئەرلەرنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى.

ئۇلار دەپنە قىلىدىغان يەرلىككە يېتىپ كېلىشكەندە ئۇ يەرلىكنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ھۆكرەپ يىغلىغىنىچە، فەۋزىيەنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ، يۇزلىرىگە تويماي سۆيۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ ئاغرىيتتى! تاقەت قىلغۇسىز بىر دەھشەتلىك دەقىقىلەر ئىدى.

كەرىم ئايالىنىڭ جەسىدىنى يەرلىككە ياتقۇزۇپ، يۈزىگە كىچىك

بىر قول ياغلىق ياپتى. ئاندىن ھەر ئىككى ئەرلەر قوللىرى بىلەن يەرلىككە تۇپراقنى سىرىپ چۇشۇرۇپ، دەپنە ئىشىنى تۈگەتتى. كەرىم بىر تال ئۇزۇنچاق تاشنى ئايالىنىڭ ئايىغى تەرەپكە، يەنە بىر تاشنى بېشى تەرەپكە يېرىم كۆمۈپ بەلگە قىلدى. ئاندىن ساقاللىق مۇجاھىد ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ:

ئانا! بىر ئاز ئۇخلۇق بولۇشىڭىزنى ئۆتۈنۈمەنكى، بالىڭىز قولىڭىزدىن ئېلىنىشتىن ئاۋال يەرلىككە تاپشۇرىۋېتىڭ! ھەممىمىز ئاخىر بىر كۈنى مۇشۇنداق يولغا مەجبۇرى ماڭىمىز. ئۇ دۇنيادا بالىلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى بىلەن مەڭگۈلۈك بىرگە بولۇسىز!-دېدى، يۇمشاق ھەم يېقىملىق تەلەپپۇزدا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ. لېكىن ئۇنداق قىلىشقا ئۇنىڭ جۈرئىتى يەتمەيتتى! ئۇ ھەرگىزمۇ خالىيالمايتتى.

ــ كېلىڭ ئانا! بىز ئۇنچىۋالا كۆپ ۋاقتىمىزنى ئىسراپ قىلالمايمىز! ئوغلىڭىز ھايات قېلىشى كېرەكقۇ! بىز ئوغلىڭىزنى پاكىستانغا ئەڭ تېز يەتكۈزىشىمىز كېرەك!-دېدى قوشۇمچە قىلىپ ھەم ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ يېنىك ئىرغاتتى. ئۇ ئولتۇرغىنىچە سۈرۈلۈپ يەرلىكنىڭ كانارىغا كەلدى-دە، كىچىك قىزىنىڭ غۇبارسىز يۈزلىرىگە، بوينىلىرىغا، كۆزلىرىگە، ھېلىلا « ئاپا! مەمەم» دەيدىغاندەك ئىنتىلىپ تۇرغان تۇمارچە لەۋلىرىگە يېنىشلاپ، يېنىشلاپ سۆيدى. ئاندىن يەرلىككە ئىڭىشتى! ئاندىن ئۇ يۈرىكىنىڭ تىلىم- تىلىم بولۇپ كەتكەن بىر پارىسىنى ئېھتىيات بىلەن يەرلىككە قويدى. ساقاللىق مۇجاھىد سەللاسىدىن كىچىك بىر پارچە يىرتىپ فەۋزىيەنىڭ يۈزىگە ياپتى- دە، قولى بىلەن يەرلىككە تۇپراق سىرىدى.

شۇ ئاندا ئۇنىڭ زەخمىلەنگەن يۈرىكى ئوتتا پۇچىلىناتتى!
شۇ ئاندا ئۇنىڭ ھەسرەتلىك يۈرىكىدىن قان تەپچۈرەيتتى!
شۇ ئاندا ئۇنىڭ مادارسىز يۈرىكى سۇقۇشنى خالىمايتتى!

شۇ ئاندا ئۇ نالە- پەرياد قىلىپ يۈزلىرىنى تەستەكلەيتتى! چاچلىرىنى يۇلاتتى! ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ ئېغىنايتتى!
ساقاللىق مۇجاھىد بۇ كىچىك يەرلىكنى كۆمۈپ بولغاندىن كېيىن، پەس ئاۋازدا قۇرئاندىن بىر سۈرە تىلاۋەت قىلدى. كەرىم ئايالىنىڭ تۇپراق بېشىغا يۈزىنى يېقىپ يىغلايتتى. ئۇنىڭ بۇقۇلداپ يىغلاشلىرىدىن يەلكىسى سىلكىنىپ تىترەيتتى.
ئۇلار بىرلىكتە دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، ۋەھشى دۈشمەنلەر، زالىم كوممۇنىستلار دەھشەتلىك ۋە قەبىھ ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىۋەتكەن، جانجان سۆيۈملۈك مەرھۇمەلىرى ئۈچۈن ئاللاھتىن جەننەت تىلەشتى. كېيىن ساقاللىق مۇجاھىد ئۇنىڭ قولتۇغىدىن يۆلەپ مېڭىشىغا ياردەملەشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆڭكۈرگە قايتىپ كېلىشتى.
— يىگىت! شۇ تاپتا مېنىڭ زادىلا مادارىم قالمىدى. سەن يارامىلىق بولغىنىكى، مۇنۇ يارىدار دوستۇڭنى ھاپاشلاپ يۈدۈۋال. يول ئۈستىدە نۆۋەتلىشىمىز-دېدى كەرىم بالا مۇجاھىدقا. ساقاللىق مۇجاھىد رەھىمنىڭ بېقىنىغا قوشۇپ تېڭۋېتىلگەن يارىدار قولىنى يەشكەندىن كېيىن بالا مۇجاھىدنىڭ يەلكىسىگە ھاپاشلاتتى. كەرىم چاپىنىغا زاكىلانغان بالىسىنى سول قولى بىلەن باغرىغا بېسىپ، ئوڭ قولىدا چوگۈننى كۆتەردى. ئۇ ئۆزى قالغان نانلارنى كىچىك بوخچىسىغا تۈگۈپ كۆتۈرىۋالدى.
ئۇلار كېچە قاراڭغۇلۇقىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا پاكىستان تەرەپكە قاراپ يول ئېلىشتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى كېچە قاراڭغۇلۇقىغا كۆنۈكۈپ قالغاندىن كېيىن ھەمدە ئۇلار تاغنىڭ ئارقىسىدىكى تار جىلغا يولغا يېتىپ كەلگەنلىرىدە، ھېلىقى ساقاللىق مۇجاھىد ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، ھايات-ماماتلىق سەپدېشى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان ئىستىھكامىغا قايتتى.
رەھىمنىڭ ئاغرىق ئازابىغا تاقەت قىلالماي ئاچچىق

ئىگراشلىرى ئۇنىڭ تىلىنىغان يۈرەكلىرىنى پارە-پارە قىلماقتا ئىدى. ئۇلار چىغىر يولىنىڭ بىر ئاز كەڭرەك يېرىگە كەلگەندە، ئۇ بالا مۇجاھىدقا يېتىشىپ، ئانىلىق مېھرى ۋە چەكسىز سۆيگۈسى بىلەن ئوغلىنىڭ باش-كۆزلىرىنى سىلىدى ھەمدە:

سۆيۈملۈكۈم، جېنىم قوزام يەنە بىر ئاز تاقەت قىلغىن، پات يېقىندا پاكىستاندا بولىمىز، سېنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارىمىز-دەپ، پىچىرلىدى ئوغلىغا تەسەللى بېرىپ. تەخمىنەن ئىككى سائەتچە يۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا كۈچ-مادار قالمىدى. ئۇنىڭ بېشى ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ ئاغرىشقا باشلىدى.ئۇ يىقىلىپ چۈشكىلى قىل قالغىنىدا دەرھال جايىدىلا ئولتۇرۇپ، چاتقاللارغا مەھكەم ئېسىلغىنىچە ھوشىدىن كەتتى. ئۇ ھوشىغا كەلگىنىدە پۈتۈن ۋۇجۇدى مۇزلاپ تىترەۋاتاتتى.

ــ سىما خېنىم، ئانا! مۇنۇ سۇ بىلەن بىر ئاز نان يېۋېلىڭ. ۋۇجۇدىڭىزغا ماغدۇر كىرىدۇ. بىز پاكىستانىنىڭ چېگراسىدىن ئانچە بەك يىراقتا ئەمەس. غەيرەت قىلىشىڭىز كېرەك!

ئۇ كەرىمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىنىدا، كەرىم ئۇنىڭ ئاغزىغا كىچىك بىر پارچە ناننى سېلىۋاتاتتى. ئۇ بار كۈچىنى يىغىپ ئىشتىھاسىز ھالدا ناننى چاينىدى. كەرىم ئۇنىڭ قۇرۇپ كەتكەن ئاغزىغا بىر يۇتۇم سۇ قۇيدى ۋە ناننى ئۇششاق ئۇشتاپ ، ئارقىمۇ-ئارقا يېيىشكە زورلاپ تۇراتتى. دەرۋەقە بوغۇزىدىن ئۆتكەن نان بىلەن سۇ ئۇنىڭغا ياردەمدە بولۇپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر ئاز ماغدۇر پەيدا بولدى. ئۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ، كەرىمنىڭ مۈرىسىگە ئېسىلدى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ يولغا چۈشتى.

ئۇنىڭ پۇتلىرى گوياكى تاياقتەك بىلىنەتتى. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇ قېتىپ قالغان پۇتلىرىنى چەپدەسلىك بىلەن ئالغا يۆتكىگەچ ئويلايتتىكى « ھەر بىر دەقىقە ئوغلىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزالايدۇ!» ئەشۇ ئوي-خىيال ئۇنىڭغا كۈچ ۋە غەيرەت

بېغىشلايتتى. ئۇلار يول ئۈستىدە پات-پاتلا دەم ئېلىشاتتى-دە، كۆچ توپلاپ يەنە يولنى داۋام ئەتكۈزەتتى.

# ئون سەككىزىنچى باب
# ئاخىرقى مەنزىل

كېچىنىڭ زۇلمەت پەردىسىنى قايرىپ، تاڭ شەپەقلىرىنى بۆسۈپ، ئەتتىگەنلىك قۇياش ئاتەش نۇرىنى توكۇشكە باشلىغان دەسلەپكى دەقىقىلەردە ئۇلار ئاچ، ئۇسۇز، ماغدۇرسىز، سۈڭەكلىرىگىچە تېلىپ مادارىدىن كەتكەن هالدا، پاكىستان چېگراسىدىكى قاراۋۇلخانىغا يېتىپ كېلىشتى. بۇ يەردە بىر گۇرۇپ قوراللىق ئافغان مۇجاهىدلىرىمۇ باتتى. چېگرا قاراۋۇللىرى ئۇلارنى ئەسكەرى چېدىر ئىچىگە باشلاپ كىرىشتى - دە، دەرهال ئۇلارغا قىزىق چاي، سۈت، يېغى پۇشۇرۇلغان نان بىلەن ناشتىلىق كەلتۈرۈشتى. ئۇ ئوغلىغا چاي ئىچتۈردى، لېكىن ناندىن بىر بۇردىمۇ ئاغزىغا ئالدۇرالمىدى. تەخمىنەن چارەك سائەتتىن كېيىن چېدىرغا ئىككى نەپەر مۇجاهىد كىرىپ كېلىشتى ۋە:

قېنى ئەمىسە دوستلار! ناشتىلىق تۈگىگەن بولسا، سىرتتا كىچىك بىر يۈك ماشىنىسى كۈتۈۋاتىدۇ. سىلەرنى دەرهال پېشاۋوردىكى مۇهاجىرلار لاگېرىغا ئېلىپ بارماقچى-دېدى مۇجاهىدلاردىن بىرى. ئۇلار باش لىڭشىتىپ تەييار ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۈرۈشتى. مۇجاهىدلار ئۇنىڭ ياردار ئوغلىنى كۆتۈرۈپ ماشىنىغا تۇشىدى. ماشىنىغا بىر دانە قېلىن پاختىلىق كۆرپە سېلىنغان بولۇپ، رەهىمنى ئېهتىيات بىلەن كۆرپىگە ياتقۇزۇشتى. قالغانلارمۇ ماشىنىغا يامىشىپ چىقىشتى. ئاندىن

ماشىنا دەرھال پېشاۋور تەرەپكە قاراپ قوزغالدى. بۇ شۇنداق جەبرى-زۇلۇمغا تولغان قاتناش ئىدىكى، ماشىنا ھەر قېتىم قاقمىغا چۈشكىنىدە، رەھىم جان ئاچچىغىدا كۆكلەيتتى. ئەگەر بالا مۇجاھىد ئۈنى كۆرپىگە مەھكەم بېسىپ تۇرمايدىغان بولسا، چوقۇم ئۆزىنى كۆرپىدىن داق يەرگە تاشلىۋالاتتى. يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق كونا ئەبجەخ ماشىنىنىڭ ماتۇرىدىن كېلىۋاتقان گۈرۈلدەشلەرگە كۆنەلمەي، يول بويى بۇغۇلۇپ يىغلايتتى. ئۇلار بىر قانچە سائەت شۇنداق مۇشەققەتلىك يۈرگەندىن كېيىن، ئاخىرى چۈش ۋاقتى بىلەن پېشاۋورغا يېقىن يەردىكى مۇھاجىرلار لاگىرىغا يېتىپ كېلىشتى.

لاگىردىكى ياغاچتەك ئورۇق، ماغدۇرسىز ئەرلەر، ئاياللار باللار قىزىقىش ئىچىدە ماشىنىنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ توپلاشقان ئىدى. شوپۇر رەھىمنىڭ خەتەرلىك ئەھۋالىنى لاگىر مەسئۇلىغا چۈشەندۈردى. ئۇلار ئالتە باللىق، ئىككى ئائىلە تۇرىدىغان بىر چېدىرغا دەرھال باشلاپ كېلىندى. لاگىر مەسئۇلى ئالدىراپ، تېنەپ رەھىمنىڭ كىسىۋېتىلگەن بىلىكىنى كۆرۈپ:

ـ ۋاي خۇدايىم، بەك يامان كۆرىنىدىغۇ بالىنىڭ ھالى، لېكىن دوختۇر بۇ ياققا چۈشتىن كېيىن كېلىدۇ. دوختۇرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا قەتئى بولمايدۇ.

ھەي يىگىت! بۇلارنى ئېلىپ كەلگەن ماشىنا ھازىرلا شەھەرگە ماڭىدۇ، سەن ماشىنا بىلەن بېرىپ، دوختۇرغا ئەھۋالنىڭ بەك جىددى ئىكەنلىكىنى ئېيت، تاكسى بىلەن ناھايىتى تېز يېتىپ كېلىڭلار ھەمدە دوختۇرغا ئېيت، ئۇ دەرھال دوختۇرخانىغا تېلىفون قىلىپ كارىۋات تەييارلاتسۇن-دېدى چېدىرنىڭ ئالدىدا تۇرغان بىر يىگىتكە. ئاڭغىچە چېدىردىكى ھەم ياتاق مۇھاجىرلار ئۇلارغا قىزىق سۈت، چاي، ھەمدە رەھىمنىڭ قىزىتمىدىن تەرلەپ-تەپچىرەپ كېتىۋاتقان يۈزلىرىنى سۈرتۈش ئۈچۈن سوغۇق سۇ بىلەن پاكىز ماتا

ئېلىپ كىرىشتى. ئاندىن كەرىمنىڭ يېڭى تۇغۇلغان ئەمما تۇغۇلغان پېتىم بۇ يەرگىچە يۇيۇلۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن بالىسىنى بىر تەڭنىگە سېلىپ يۇيۇشتى ۋە ئاق يۆگەككە بۆلەپ قويۇشتى، بالا يورۇق ئالەمگە قايتىدىن كۆز ئاچقاندەك بەختىيارلىققا چۆمۈلۈپ، ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇشقان كۆزلەرگە بىر بىرلەپ قاراپ چىقتى. بالا ھەممىگە قىزىقىپ تەلمۈرەتتى.

تەخمىنەن ئارىدىن بىر سائەتچە ئۆتكەندىن كېيىن، قولىدا كونا بىر دوختۇر پوپكىسىنى كۆتۈرىۋالغان ياش بىر ئافغان دوختۇر چوڭ قەدەم تاشلاپ، ئۇلار تۇرغان چادىرغا كىرىپ كەلدى. رەھىمنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقانلار دوختۇرغا يول بوشىتىشتى. دوختۇر رەھىمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، دىققەت بىلەن تەكشۈرۈپ چىقتى. ئاندىن رەھىمنىڭ كىسىۋېتىلگەن بىلىكىدىكى تېڭىقنى يەشمەكچى بولىۋىدى، بىراق كەرىمنىڭ سەللاسىدىن يىرتىپ تاڭغان لاتا بىلەكنىڭ قالدۇق يېرىم قىسمىدىكى چۈۋۈلۈپ تۇرغان گۆشكە چاپلىشىپ كەتكەنلىكتىن ئاجرىتىش مۇمكىن بولمايتتى. ئەگەر ئاجرىتىمەن دەپ جېدەللەشسە، قان كېتىش تەھدىدى ئېغىر ئىدى. دوختۇر رەھىمنىڭ كۆينىكىنى سالدۇرۇپ، كىسىۋېتىلگەن بىلەكنىڭ يۇقۇرى قىسمىنى ۋە بەدەنلىرىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن سورىدى:

ــ بۇ ۋەقە قاچان يۈز بەرگەن؟

ــ تۆنۈگۈن ئەتتىگەن تەرەپتە دوختۇر ئەپەندىم- دېدى كەرىم جاۋاپ بېرىپ.

ــ بۇنداق تېز بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ قان زەھەرلەنگەندەك تۇرىدۇ- دېدى دوختۇر ئېچىنغان ھالدا يۈزلىرىنى تۈرۈشتۈرۈپ. ھەمدە ئېنىقلاش ئۈچۈن سورىدى:

زەخمىلەنگەن قول قانداق كىسىۋېتىلگەن؟

ــ بىزنىڭ باشقا ئىمكانىيىتىمىز بولمىغاچقا، مەن قەلەمتۇراچ

بىلەن كىسىپ ئاجرىتىشقا مەجبۇر ئىدىم- دېدى كەرىم جاۋاپ بېرىپ.

ــ ئېھتىمال تېڭىقتا ئىشلەتكەن لاتا، ياكى قەلەمتۇراچ مەينەت بولسا كېرەك، بەلكى زەھەرلەنگەن نەرسىلەر بولۇشىمۇ مۇمكىن- دېدى دوختۇر ئەپسۇسلانغان ھالدا. دوختۇرنىڭ تەشۋىشلىك ئېيتقانلىرىدىن كەلگەن بىر دەھشەتلىك قورقۇنچ ئۇنىڭ تىرناقلىرىدىن باشلاپ پۈتۈن ئەزايىغىچە تىترىتىۋەتتى. دوختۇر بىر ئاز تەرەددۇتلىنىپ ئويلانغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام ئەتتى:

ــ ھازىر بىمارغا بىر تال ئوكۇل ئۇرىمەن ۋە بىر قانچە تابلېت بېرىمەن. تابلېتنى ھەر ئىككى سائەتتە بىر دانىدىن ئىچتۈرسىلەر. مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن دوختۇرخانىدىن بىر كارىۋات ھەل قىلىشقا تىرىشىمەن. لېكىن پېشاۋوردىكى بۇ كىچىك دوختۇرخانا كاردۇرنىڭ ئىشىكىگىچە ئېغىر ياردارلار بىلەن تولۇپ كەتكەن. ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئۇنى دوختۇرخانىغا ئالدۇرۇش ئۈچۈن بارلىق چارىلەرنى ئىشقا سالىمەن. ئۇ دوختۇرخانا ھېچ بولمىغاندا بۇيەردىن پاكىز ھەم تېنچ. مەن ھازىرلا دوختۇرخانىغا قاراپ يولغا چىقىمەن. ئەگەر ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولسىلا بىمارنى يۆتكىتىمەن.

دوختۇر ئۇلارغا تەپسىلى چۈشەندۇرگەچ رەھىمگە بىر تال ئوكۇل ئۇرۇپ، بىر دانە تابلېت ئىچتۈردى. ئاندىن پوپكىسىنى يىغىشتۇرۇپ، سىرتتا كۈتۈپ تۇرغان تاكسىغا ئالدىرىدى.

ــ دوختۇر ئەپەندىم! مەن سىزدىن ئۆتۈنىمەن، ئوغلۇمنى قۇتۇلدۇرىدىغان ئەڭ ياخشى چارىنى قىلىڭ. مەن يولدۇشۇمنى ۋە تۆت بالامنى يوقاتتىم، بۇ بولسا ھاياتىمنىڭ بىردىن بىر ۋە ئەڭ ئاخىرقى ئۈمۈدى. ئوغلۇم ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن مۇشۇ يەرگىچە بەرداشلىق بەردى. ئەمدى مەنزىلگە يېتىپ كەلگەندە ئۆلۈپ كەتمىسۇن!-دېدى ئۇ دوختۇرغا يالۋۇرۇپ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆتۈنۈش ياشلىرى يىپى ئۈزۈلگەن مۇنچاقتەك تۆكۈلەتتى. دوختۇر

ئارقىغا يېرىم بۇرۇلۇپ-

ــ ئانا! مەن قولۇمدىن كېلىدىغىنىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى قىلىمەن، يىگىتنىڭ جىددى داۋالاشقا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. لېكىن بۇيەردە مېنىڭ پىچىغىم ئانچە كەسمەيدۇ. دوختۇرخانىدا پاكىستانلىقلارنىڭ سۆزى سۆز، قارارنى ئۇلار بېرىدۇ. لېكىن شۇنداقتىمۇ ھەر قانداق ۋەزىيەت ئاستىدا ئوغلىڭىزنى دوختۇرخانىغا ئالدۇرۇشقا تەيىن قىلدۇرىمەن-دېدى ئەھۋالنى قايتا تولۇق چۈشەندۇرۇپ ھەم يولىغا راۋان بولدى.

ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار رەھىمنى ئەسكەرى داۋالاش بۆلۈمى- دەپ ئاتىلىدىغان بىر چېدىرغا يۆتكىدى. ئۇيەردە ئۇرۇشتا يارىلانغان ئىككى نەپەر مۇجاھىد ۋە تۆت نەپەر كېسەل بار ئىدى. ئىككى نەپەر كېسەل باققۇچىلار قاتلىما كارىۋاتتىن بىرنى تەييارلاپ، رەھىمنى ياتقۇزدى.

ــ ئانا، سىز ھەر سائەتتە، ياكى ھەر ئىككى سائەتتە بىر قېتىم ئوغلىڭىزدىن خەۋەر ئالسىڭىز بولىدۇ. باشقىلار قايتىپ كەتسۇن- دېدى كېسەل باققۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇ ئوغلىغا دورىنى ئىچتۈرگەندىن كېيىن پىشانىسىگە سۆيۈپ خوشلاشتى-دە، باشقىلار بىلەن بىرگە چېدىرغا قايتتى.

كەچ قۇرۇن سائەت ئالتە ئەتراپىدا بىر ياش يىگىت دوختۇردىن كۆڭۈلسىز بىر خەۋەر ئېلىپ كەلدى:

ــ تولىمۇ ئەپسۇس، دوختۇرخانىدىن كارىۋات ھەل قىلالمىدىم، ئوغلىڭىز ئوكۇل، دورا بىلەن ئەتە ئەتتىگەنگىچە جان ساقلاپ تۇرسۇن. ئەتە ئوغلىڭىز ئۈچۈن بىر كارىۋات بوشىتىلىدۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇ ئوغلىنى ئەتە ئەتتىگەنگىچە ئامان قويۇشنى تىلەپ ئاللاھقا يالۋۇردى! ئۇ خاتىرجەمسىزلىنىپ ئورنىدىن تۇردى-دە، پاچاقلىرى تىترىگەن ھالدا داۋالاش چېدىرىغا باردى. رەھىم

ئاۋالقىغا قارىغاندا خېلە بەكلا ئارام ئېلىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ھەم تەكشى نەپەسلىنەتتى ۋە ئىڭراپمۇ كەتمەيتتى. ئۇ ئوغلىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ يېنىكلەپ قالدى ھەم خاتىرجەم چېدىرغا قايتتى.

ئۇ، ئۈچ كېچە-كۈندۈزدىن بېرى تۇنجى قېتىم تىلغا تېتىغۇدەك مەزىلىك، ئىسسىققىنە كەچلىك تاماققا نائىل بولدى. تاماقتىن كېيىن غۇسلى تاھارەت ئېلىپ شام نامىزىنى ئوقۇدى. ئاندىن ھۇزۇرى قەلب بىلەن ئاللاھقا يۈزلەندى! ئولۇق، سۆيۈملۈك پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇدى، ئاللاھتىن ئوغلىنى تىلىدى، ئاخىرقى بالىسىغا ھاياتلىق تىلىدى!

چېدىردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇغا كەتكىنىدە، ئۇ يېرىم ئويغاق ھەم ئىچىنى بىر نەرسە تاتىلىغاندەك بىئارام بولاتتى. گەرچە يول ئازابىدا پۈتۈن سۆڭەكلىرىگىچە ئۇرۇپ چىقىۋەتكەندەك تېلىپ، ھارغىنلىق يەتكەن بولسىمۇ، كۆزىگە تۈزۈك ئۇيقۇ كەلمەيتتى.ئۇ كېچە كىرىپ ئەل ياتقۇدىن كېيىن ئارىلاپ ئىككى قېتىم ئوغلىنىڭ يېنىغا غىپپىدە بېرىپ يوخلىدى. ئوغلىنىڭ ئاتەشتەك قىزىپ تۇرغان مەڭزىلىرىگە سۆيدى! باش-كۆزلىرىنى سىلىدى. يەنە شەپە چىقارماستىن چېدىرغا قايتتى. ئاخىرى كېچە يېرىمىدا ئۇنىڭ كۆز قارىسى يۇمۇلدى. لېكىن قىسقىلا ئۇيقۇدىن كېيىن ئۇنى ۋەھىمىلىك قار بېسىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى قارا تەرگە چۈمۈلگەن ھالدا چۆچۈپ ئويغۇنۇپ كەتتى. قورقۇنچتىن ئۇنىڭ يۈرىكى بوغىزىغا قاپلىشىپ قالغاندەك، نەپەسلىنەلمەي جالاقلاپ تىترەيتتى. ئۇ كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ زۇقۇلداپ ئاغرىپ تۇرغان بېشىنى تىزىغا قويغىنىچە تاڭ يورۇشىنى كۈتەتتى. ئۇ، شۇنداق ئولتۇرۇپ يەنە ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ چالا ئۇيقۇدا لاگىردىكى مۇئەززىننىڭ بامدات نامىزىغا توۋلىغان ئەزاننى ئاڭلىدى-دە، چۆچۈپ بېشىنى كۆتەردى. سەھەرلىك شەپەق يورۇقى چېدىرنىڭ يوچۇقلىرىدىن بۇسۇپ كىرمەكتە. ئۇ دەرھال سىرتقا چىقىپ ئوغلىنىڭ غېمىدا داۋالاش

چىدىرىغا چاپتى. رەھىمنىڭ كارىۋىتى يېنىدا ئۇنىڭ كۆزىگە بىر نەپەر كېسەل باققۇچى چېلىقتى. ئۇ ئادەم بىر پارچە ئاق لاتا بىلەن رەھىمنىڭ ئىڭەكلىرىنى ئەمدىلا قېتىۋاتاتتى!

چاقماق سوققاندەك بىر قورقۇنچ ئۇنىڭ مېڭىسىدىن كىرىپ پۇتۇن ئەزالىرىغا تارقىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى كۆكرەك قەپىسىدىن ئۇچۇپ چىكىتىشكە تىپىرلايتتى.

ئۇ، بۇ دەھشەتتىن قۇتۇلۇشقا ياردەم ئىزدەپ ئەتراپقا تەلمۈرەتتى!

ئۇ، كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ قورقۇنچلۇق دەھشەتتىن قۇتۇلۇشقا ياردەم ئىزدەپ چىدىرنىڭ پەردىسىگە مەھكەم ئېسىلاتتى!

ئۇ ئەتراپقا تەلمۈردى!

ئۇ ئەقلىدىن ئاداشقان مەجروھلاردەك ۋارقىرىغىنىچە يۈگرەپ بېرىپ، ئوغلىنىڭ جانسىز گەۋدىسىگە ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ شامدەك قېتىپ قالغان يۈزىگە تىكىلدى! ئوغلىنىڭ جانسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ باغرىغا بېسىپ نالە-پەرياد ئەيلىدى- ئوغلۇم رەھىم! مېنى نېمىشكە يالغۇز تاشلاپ قويدۇڭ! سەنسىز مەن قانداق ياشاي! جېنىم ئوغلۇم كۆزۈڭنى بىر قېتىم ئاچ! نېمە بولدۇ، ئۇنداق قىلما ئوغلۇم! كۆزۈڭنى ئاچە بالام! بىر قېتىم ئاپا دېگىن جېنىم بالام!

ئۆلۈمى كۆزىگە كۆرۈلۈپ تۇرغان، ئەمما ئۆلۈمگە قارشى ئەڭ ئاخىرقى نەپىسىگىچە كۈرەش قىلغان، هايات قېلىش ئۈچۈن چەكسىز ئىنتىلگەن ئۇنىڭ ئاخىرقى ئوغلىمۇ، زوراۋان، غالجىر كوممۇنىستلارنىڭ قۇربانى بولۇپ ئالەمگە كۆز يۇمدى.

بىر ئازدىن كېيىن كېسەل باققۇچى ئادەم لاگىرنىڭ مەسئۇلىنى چاقىرىپ كەلدى. لاگىرنىڭ دىنى ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىمامىمۇ بىرگە كەلگەن ئىدى.

ــ نېمە ئەھۋال يۈز بەردى؟-سورىدى لاگىر مەسئۇلى.

― تەخمىنەن ئىككى سائەت ئىلگىرى جان ئۈزگەن بولسا كېرەك.

چۈنكى بىر ئاز ئاۋال ئۇنىڭغا تابلىت ئىچتۈرەي-دەپ قارىسام، نەپىسى توختاپ قالغان ئىكەن. بەدەنلىرىمۇ مۇزلاپ كېتىپتۇ-دېدى كېسەل باققۇچى جاۋاپ بېرىپ.

― ئاللاھ ئۇنىڭغا رەخمەت ئەيلىسۇن! ئۇنى ئاغرىق ئازابىدىن قۇتقۇزۇپتۇ!-دېدى ئىمام ھەمدە كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ، قۇرئاندىن بىر قانچە ئايەت تىلاۋەت قىلدى. دۇئادىن كېيىن ئىمام كېسەل باققۇچىلارغا ئېيتتى:

― بۇ مۇردىنى چېدىرغا يۆتكەپ ئاپىرىۋېتىڭلار. بۇ يەردە تۇرىۋەرسە باشقا كېسەللەر ئۈچۈن ياخشى بولمايدۇ.مەن چۈشكىچە دەپنە ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىمەن.

كېسەل باققۇچى ئىككى خادىم ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ جەسىدىنى يىغما كارىۋات بىلەن كۆتۈرۈپ چېدىرغا ئېلىپ كېلىشتى ۋە كارىۋاتنى چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ ئورۇنلاشتۇردى. ئاندىن باللار چېدىردىن سىرتقا چىقىرىۋېتىلدى. ئۇ جانسىز ئوغلى رەھىمنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىپ، شەپقەتسىز تەقدىرنىڭ ئۈستىدىن نالە قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئاچچىق ئەلەم بىلەن يىغلايتتى. چېدىرغا يىغىلغان ئاياللارمۇ ئۇنىڭ ھازىسىغا قوشۇلۇپ يىغا-زارە قىلىشاتتى. ئۇنىڭ ھەسرىتىگە ھەمنەپەس بولۇشاتتى. ئارىدىن ئۈچ سائەتچە ئۆتكەندىن كېيىن دەماللىقا قۇرۇلغان بىر چېدىردا رەھىمنىڭ جەسىدى يۇيۇلۇپ ئاق يۆپۈق بىلەن كېپەنلەندى. مۇھاجىرلار لاگىرىنىڭ مەيدانىدا جىنازا نامىزى ئۆتىلىپ بولغاندىن كېيىن، رەھىمنىڭ جىنازىسىنى ئانا ۋەتىنى ئافغانىستاننىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ باتۇرلارچە، پاجىئەلىك ھالدا شېھىد بولغان ۋەتەن قەھرىمانلىرى دەپنە قىلىنغان لاگىرنىڭ قەبرىستانلىقىغا ئېلىپ مېڭىشتى. ئەرلەر، ئاياللار، باللار جىنازىغا

ئەگىشىپ يۈرۈشمەكتە. ئۇنىڭ ماڭغۇچىلىك مادارى قالمىغان ئىدى. قۇياش پارلاپ، كۈنمۇ تازا قىزىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ قەدەممۇ قەدەم پۇتلىرىنى يۆتكەپ ئىلگىرلەشكە تىرىشاتتى. ئۇ ئاخىرى قەدىمىنى يۆتكىيەلمىدى. ئاندىن ئۇ بىر قولى بىلەن ئالدىدا كېتىۋاتقان بىر ئايالنىڭ يەلسىكىگە ئېسىلىپ، جىنازا ئىچىدىكى يۈرىكىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشەتتى. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەيرىتى، مادارى قالمىغاندا بولسا، ئىككى ئايال ئۇنىڭ قولتۇقلىرىدىن كۆتۈرۈپ دېگەندەك ئېلىپ مېڭىشتى.

ئىككى ئەر كىشى يەرلىككە چۈشۈپ قوللىرىنى ئۇزارتىشى، يۇقۇرىدىكىلەر ئاق يوپۇق بىلەن كېپەنلەنگەن جەسەتنى تۆۋەنگە سىرىلدۇرىشى بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكى پىچاق تىقىپ قوچىغاندەك قاتتىق ئاغرىدى ۋە ئىككى قولىنى ئوغلىغا ئۇزارتتى. ئۇ جانىجان، سۆيۈملۈك ئوغلىنىڭ تاتارغان يۈزلىرىنى، ئوچۇق قالغان كۆزلىرىنى ئاق يوپۇقنىڭ ئۈستىدىن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرگىنىدە، ئەسەبىلەرچە ۋارقىرىدى-دە، هوشسىزلىنىپ يەرگە يىقىلدى. ئۇ هوشىغا كەلگىنىدە، ئوغلىنىڭ يەرلىكى تۇپراق بىلەن كۆمۈلۈپ بولغان، جامائەتلەر ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك يوقاتقان ئوغلى ئۈچۈن ئاخىرقى قېتىم دۇئاغا قول كۆتۈرۈشكەن ئىدى.

شۇ تاپتا يالغۇزلۇقتىن كېلىۋاتقان چۇڭقۇر بىر تۇيغۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىلغاپ ئۆتمەكتە. شەپقەتسىز، زالىم تەقدىرنىڭ تاياقلىرى ئۇنى بىردىنبىر يىقىتقان ئىدى. ئۇ قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە سۆيۈملۈكيولدۇشىنى، بەش بالىسىنى يوقاتتى. هاياتى مەۋجۇتلىقىنى، ئائىلىسىنى، يۇرتىنى، ۋەتىنىنىيوقۇتۇپ، يات بىر ئەلگە، يىگانە تاش كەبى تاشلىۋېتىلدى، مەڭگۈلۈك بىر قاراڭغۇلۇققا بەنت قىلىندى.

شۇ تاپتا ئۇ هازا تۇتۇپ يىغلاشقىمۇ قۇربى يەتمەيتتى! چۈنكى ئۇ تىكەندەك يالغۇز قالدى. پەقەت ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن

تۆكۈلۈۋاتقان تۈزلۈق ياش مۆنچاقلىرى مەڭزىنى بويلاپ، لەۋلىرىنى سىپاپ توختىماي سىرغىيتتى.

ئۇلار لاگىرغا قايتىپ كېلىشتى. چېدىرغا يىغىلغان ئاياللار ئۇنىڭ بىلەن ھەمدەرتلىشىشكە تىرىشماقتا. دىنى ۋەز ـ سۆھبەتلەر بىلەن، شۇنىڭدەك بېشىغا مۇسىبەت كەلگەن باشقا ئاياللارنى مىسال قىلىشىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشمەكتە. لېكىن ئۇنىڭ دەرت ـ ھەسرەتلىرى يېنىكلەيدىغاندەك ئەمەس.

كۈنلەر شۇنداق ئۆتمەكتە. ئۇ بىر نوقتىغا تىكىلىپ سائەتلەرچە قېتىپ قالاتتى. سۆزلەشكە ماجالى يەتمەيتتى. ئەگەر بىرلىرى ئۇنىڭغا گەپ قىلسا، يالتتىدە تىكىلىپ قارايتتى ياكى سۆزسىز باش لىڭشىتىپ قوياتتى. ئۇ سۆزلەشكە، زۇۋان سۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. ئېغىز ئېچىپ بىرەر كەلىمە سۆزلىيەلمەيتتى. كېچىلىرى كۆزى ئۇيقىغا كەتكەن ھامان بالىلىرىنى،يولدۇشىنى چۈشەيتتى. ئۆتكەن ھەپتىلەردىكى زۇلمەتلىك سەھنىلەرنى چۈشەيتتى ـ دە، چۆچۈپ ئويغۇنۇپ، قاراڭغۇ كېچە قوينىغا كىرىپ، يالغۇز ئولتۇرۇپ يىغلايتتى. ھەر كۈنى بالىلىرىنىڭ رەسىملىرىنى، توي قىلغان چاغلىرىدىكى خاتىرە رەسىملىرىنى ئېچىپ، بەختلىك ئۆتكەن يىللارنى ئەسلەيتتى. رەسىملەرنى ئايرىم ـ ئايرىم سۆيۈپ چىقاتتى ـ دە، ھەسرەتلىرىنى، ياش تۆكۈشىنى، يالغۇزلۇقنى بىردەملىك بولسىمۇ ئۇنتۇپ، يېنىكلەپ، ئىچى بوشاپ قالاتتى.

ئۇ، شۇ تەرىقىدە بىر ئايدىن ئارتۇقراق ۋاقىتنى لاگىردا ئۆتكەزدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە لاگىرنىڭ مەسئۇلى ياشىنىپ قالغان پاكىستانلىق بىر ئەر خۇتۇنلارنى چېدىرغا باشلاپ كىردى. مېھمانلار ئۇنىڭغا چۇڭقۇر دوستلۇق بىلدۈرۈشۈپ سالام بەرگەندىن كېيىن، ئايال مېھمان يۈزىنى يېرىم يېپىپ تۇرغان شارپىسىنى قايرىۋېتىپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

ــ ئانا، بۇلار باي بىر ئائىلە بولۇپ  لاھوردىن كېلىدۇ، سىزنىڭ تەقدىرىڭىزنى ئاڭلىغان ئىكەن. بۇلارنىڭ بۇگۈن بۇيەرگە قەدەم تەشرىپ قىلىشىدىكى مەقسەت، ھالىڭىزدىن خەۋەر ئېلىش  ئۈچۈن سىزنى بىرگە ئېلىپ كەتمەكچى. ئۇلار بىلەن بىرگە كېتىڭ. ۋەتىنىمىزنىڭ تەقدىرى ھەل بولغىچە، سىزگە ياخشى قارايدۇ، غەمخورلۇق قىلىدۇ. ھەمدە ئۇيەردە يالغۇز قالمايسىز، تاشلىنىپمۇ قالمايسىز. ئۇلارنىڭ مەھەللىسىدە بىر قانچە ئائىلە مۇھاجىر ئافغانلار بار بولۇپ، سىز خالايدىغانلا بولسىڭىز، ئۇلار سىزنى ھەرقانداق چاغدا يوخلاپ، زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئەلۋەتتە مەنمۇ سىزنى قويۇق يوخلاپ تۇرىمەن. شۇنداق ئانا! بوخچىلىرىڭىزنى ئېلىپ ماشىنىغا ئولتۇرۇڭ ـ دە، ئۇلار بىلەن بىرگە كېتىڭ ـ دېدى لاگىر مەسئۇلى، ئۇنىڭغا تەپسىلى چۈشەندۈرگەچ ئۆتۈنۈپ. ئۇنىڭغا ياندىشىپ ئولتۇرغان پاكىستانلىق خانىم قولىنى ئۇنىڭ يەلكىسىگە قويۇپ، ئالىجاناپلىق ۋە ساخاۋەتچىلىك يېغىپ تۇرغان قىياپەتتە تەبەسسۇم قىلدى ھەم باش ئىشارىتى ئارقىلىق بىرگە كېتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي بىر ھازا تېڭىرقاپ قالغاندىن كېيىن، ئەتىگىچە ئويلۇنۇپ جاۋاپ بېرىشىنى ئۆتۈندى. ئۇنىڭ ئۆتۈنۈشلىرىنى ئۇلارمۇ توغرا چۈشۈنىدىغان- لىقلىرىنى ئىزھار قىلىشتى.

ــ ياخشى بولدى ئانا، بۇلار پېشاۋۇردىكى بىر مېھمانخانىدا قونۇپ قالىدۇ. ئەتە چۈشتىن ئاۋال بۇ يەرگە يەنە كېلىدۇ ـ دېدى، لاگىر مەسئۇلى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ.

ئۇ كەچكىچە، كېچىچە قايتا، قايتا ئويلاندى. ئۇ ئوغلىنىڭ قەبرىسىدىن يىراقلاپ كېتىشنى خالىمايتتى. لېكىن لاگىردىكى باشقا مۇھاجىر ئاياللار: ئۇلارنىڭ ھەرقانداق بىرىگە ئېلىپ كېتىش تەكلىۋىنى ئېيتىمىغانلىقىنى، بىرەر كىشىنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن قەدىر، قىممەت ۋە بەخىت ئىكەنلىكىنى

ئېيتىشىپ، بىرگە كېتىشنى تەۋسىيە قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە كېتىشكە ماقۇل بولۇش ئەڭ ياخشى چارە ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇپ قالدى. كېيىنكى كۈنى لاگىر مەسئۇلى ھېلىقى ئەر-خوتۇنلارنى باشلاپ ئۇنىڭ يېنىغا كىردى.

ــ قانداق ئانا، قارار قىلدىڭىزمۇ؟ـ سورىدى لاگىر مەسئۇلى ئىشەنچىلىك ھالدا.

ــ ھە ئە، بۇ ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن چوڭ ئىلتىپاتى. بىراق مېنىڭ يەنە بىر سۇئالىم بار. ئوغلۇمنىڭ قەبرىسىنى ئارىلاپ زىيارەت قىلىپ تۇرۇشۇمغا ئىمكانىيەت بولامدىغاندۇر؟ بۇ مېنىڭ پەقەت بىرلا ئارزۇيۇم. دېدى ئۇ بىرگە كېتىشنىڭ شەرتى تەرىقىسىدە كەسكىن قىلىپ.

لاگىر مەسئۇلى ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئۇلارغا تەرجىمە قىلىپ چۈشەندۈردى. ئۇلار تامامەن توغرا چۈشىنىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ھەتتا ئەگەر ئۇ ئارزۇ قىلىدىغانلا بولسا ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزلىرى ماشىنا بىلەن بىرگە ئېلىپ كېلىشىدىغانلىقلىرىنىمۇ ئېيتىشتى. ئاندىن ئۇ نەرسە كېرەكلىرىنى ئالدى-دە، ئۆزىنىڭ ئەتراپىغا توپلۇشۇپ تۇرغان ماكانسىز مۇھاجىرلار بىلەن خوشلاشتى.

# ئاخىرقى سۆز

سىما خېنىمدىن مەزكۇر ئازاپلىق كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلىغىنىمدىن بىر يىل كېيىن، پاكىستانغا بارىدىغان بىر دوستۇمدىن ئۆتۈنۈپ، ئۇنى زىيارەت قىلىپ يوقلىشىنى ئېيتتىم. ھەمدە ئۇنىڭغا لازىمەتلىك دورا، بىر قۇر كىيىم-كېچەك سوغات قىلىپ، بىر پارچە خەتمۇ يازغان ئىدىم. ئەپسۇس ھېلىقى پاكىستانلىق كىشلەرنىڭ بەرگەن قايغۇلۇق خەۋىرىچە، دوستۇم يېتىپ بېرىشتىن ئۈچ ھەپتە ئاۋال سىما خېنىم دەرت-ھەسرەت تۈپەيلى ئالەمدىن ئۆتۈپ، يەرلىكگە دەپنە قىلىنغان ئىكەن.

ئاھمەد ناسىر
1990-يىل ميۇنخېن

# مۇئەللىپ توغرىسىدا

ئافغان يازغۇچىسى، رومانىست ئەدىپ ئاھمەد ناسىر 1951 ـ يىلى كابۇلدا دۇنياغا كەلگەن. 1969 ـ يىلى ئوقۇش مۇناسىۋىتى بىلەن گېرمانىيەگە كېلىپ، ميۇنخېن شەھرىگە ئورۇنلاشقان بولۇپ، شۇنىڭدىن بېرى ميۇنخېن Milbertshofen رايونىدا ياشاپ كەلمەكتە.

يازغۇچى ئاھمەد ناسىر سابىق «ئافغانىستان مۇجاھىدلىرى» نىڭ ئەينى چاغدىكى ئاكتىپ ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، قولىغىزدىكى تراگېدىيەلىك تارىخى رومانىنى نېمىس تىلىدا يېزىپ نەشىر قىلدۇرۇش ئارقىلىق، ئۆز خەلقىنىڭ پاجىئەلىك ئەھۋالىنى گېرمانىيە خەلقىغە ئاڭلىتىشتا ئىنتايىن زور مۇۋەپپىقىيەت قازانغان.

ئۇ نېمىس تىلى، ئىنگلىز تىلى ۋە پارىس تىللىرىدا مۇكەممەل ئەسەر ئىجاد قىلىش بىلەن ئافغان خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتىدۇر.

ميۇنخېن«Sina» نەشرىياتى 1990 ـ يىلى نەشر قىلغان 1ـنەشرى 1ـباسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى.

******************************